شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال

# BULAK

2004

3



# بۇلاق

ISSN 1005 0876

9 771005 087006 06 >

源泉（布拉克）

| | | | |
|---|---|---|---|
| اوتنچی [illegible] پادشاه عجم | ایکنچی فصل چنگیز خان | اوچونچی فصل اوکتای خاان | تورتونچی فصل جوجی خان |
| بیشنچی فصل تولوی خان | التنچی فصل غازان خان | یتنچی فصل چغتای خان | سکیزنچی فصل سبب تصنیف تاریخ |
| توقوزونچی فصل تغلق تیمور خان | اونونچی فصل تغلق تیمور خان ماوراءالنهر | اون برینچی فصل صاحبقران امیر تیمور کورکان | اون ایکنچی فصل صاحبقران [illegible] |
| اون اوچونچی فصل [illegible] | اون تورتونچی فصل تغلق تیمور خان [illegible] | اون بیشنچی فصل الیاس خواجه خان | اون التنچی فصل صاحبقران [illegible] |
| اون یتنچی فصل صاحبقران [illegible] | اون سکیزنچی فصل امیر حسین | اون توقوزونچی فصل [illegible] صاحبقران | یگرمنچی فصل [illegible] |
| یگرمه برینچی فصل [illegible] خان [illegible] | یگرمه ایکنچی فصل [illegible] امیر قمرالدین | یگرمه اوچونچی فصل [illegible] | یگرمه تورتونچی فصل [illegible] |
| یگرمه بیشنچی فصل صاحبقران [illegible] | یگرمه التنچی فصل صاحبقران [illegible] | یگرمه یتنچی فصل [illegible] امیرزاده | یگرمه سکیزنچی فصل صاحبقران [illegible] |
| یگرمه توقوزونچی فصل صاحبقران [illegible] | اوتوزونچی فصل [illegible] | اوتوز برینچی فصل خضر خواجه خان | اوتوز ایکنچی فصل محمد خان |
| اوتوز اوچونچی فصل شیر محمد خان | اوتوز تورتونچی فصل اویس خان | اوتوز بیشنچی فصل [illegible] | اوتوز التنچی فصل یونس خان |
| اوتوز یتنچی فصل [illegible] خان اوغلی | اوتوز سکیزنچی فصل [illegible] | اوتوز توقوزونچی فصل [illegible] | قرقنچی فصل یونس خان [illegible] |
| قرق برینچی فصل یونس خان [illegible] | قرق ایکنچی فصل [illegible] میرزا | قرق اوچونچی فصل [illegible] | قرق تورتونچی فصل [illegible] |
| قرق بیشنچی فصل [illegible] محمد [illegible] | قرق التنچی فصل شیخ جمال | قرق یتنچی فصل شیخ جمال [illegible] | قرق سکیزنچی فصل [illegible] میرزا [illegible] |
| قرق توقوزونچی فصل میرزا ابابکر | ایلیکنچی فصل ختن میرزا [illegible] | ایلیک برینچی فصل میرزا ابابکر ختن | ایلیک ایکنچی فصل [illegible] محمد حیدر |
| ایلیک اوچونچی فصل [illegible] محمد حیدر | ایلیک تورتونچی فصل سلطان احمد خان | ایلیک بیشنچی فصل منصور خان | ایلیک التنچی فصل [illegible] |

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق



25 ـ يىل نەشرى

ئومۇمىي 96 ـ سان

بەت بوسۇغىسى

# زامان ئۆزگەرسىمۇ ھەق يولىدىن ئايرىلما

دۇنيا دەۋردىن دەۋرگە ،ئىنسانلارمۇ بۇ دۇنيادا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆتمەكتە. سەن ھەر كۈنكى ھەرىكىتىڭدە ھەق يولنى تۇت .ھەر قايسى جەمئىيەتلەر بىلەن پىكىر ئايرىمچىلىقىڭنى ھېسابقا ئېلىپ بىرلىكتە ئولتۇرۇشنى بىل. ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىشقا تىرىشقىن . چۈنكى زامانىڭ ئېقىمى ۋە ئىنسانلارنىڭ زامانغا نىسبەتەن كۆزقارىشى ھەر دائىم ئارزۇ قىلغىنىڭدەك بولمايدۇ.

زامان ھادىسىلىرىنىڭ تېگىدە بېسىلىپ قالما. ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ھادىسىلەرنى بېسىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن باش تارتما .توغرا يولدا قەيسەر بول ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇر .



—— ئەللامە زەمەخشەرى





باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


# بۇ ساندا


**ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن**

تارىخى رەشىدى .............................................. مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

**تېبابەت دۇردانىلىرى ۋە تەتقىقاتى**

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا تېبابەتچىلىك ....................... ئەنۋەر ياسىن (23)

**دىن ۋە فولكلور تەتقىقاتى**

«قۇرئان كەرىم» دىكى ئەخلاقىي دەۋەتلەر .......... يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق (37)

**تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى**

مەملىكىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى توغ-
رىسىدا يۈزەكى چۈشەنچە............................ ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق (48)

مەركىزىي ئاسىيادا جەدىتچىلىك ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى ........................
.............................................. بايمىرزا ھايىت (گېرمانىيە) (53)

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: يۇسۇپجان ياسىن



مەسئۇل مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن

## ئەدەبىي مۇھاكىمە

ئەخلاق - پەزىلەت دەستۇرى — «قابۇسنامە» توغرىسىدا ...... شىرىن. قۇربان (63)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

لەتىپىلەر .................. تەييارلىغۇچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق (79)

## مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

ئەمىرزادىلەر مۇسابىقىسى .......................... ئۇرفان ئاتاجان (88)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇللا مۇھەممەت

## دەۋرىمىز سەھىپىلىرىدە

مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى پۈتمەس بۇلاق — قەدىمكى ئەسەرلىرىمىز ..................
........................ مۇنەۋۋەرە ھەبىبۇللاھ نۇر (102)

*          *

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: بارخان

*          *

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: چېچەك ۋە قىزچاق
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى بەتلىرىدە: «تارىخىي رەشىدى»نىڭ قولىيازمىسىدىن ئېلىنغان فوتو نۇسخا
مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: ئۈتۈنچى (رەسسام: نۇرمۇھەممەد ئابلىز)

تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى: (0991) 2827726
E—mail: bulak7@Hotmail.com

# تارىخى رەشىدي ①

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

### موللا مۇھەممەدنىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

### نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## سۇلتان سەئىدخاننىڭ يەركەنگە يۈرۈش قىلغانلىقى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى ھېكايىلەرنىڭ بايانى

مۇھەممەد قىرغىز مىرزا ئەبابەكرنىڭ خەۋرىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، بارلىق چارە - تەدبىر ئىگىلىرى بىردەك ھالدا: «يەركەنگە بارايلى، ئەگەر مىرزا ئەبابەكر چىقىپ جەڭ قىلسا، تېخى ياخشى، مۇبادا قەلئەدىن چىقمىسا، يەركەن تەۋەسىدە ئەسۋاب - ئەسلىھە ۋە ئاش - ئوزۇق ناھايىتى تولا، يەركەن قەلئەسىنى تولۇق مۇھاسىرە قىلغىلى بولىدۇ. يەركەن ئىشغال قىلىنسىلا، قەشقەر ۋە يېڭىھىسارمۇ جەڭگۇ جېدەلسىزلا قولغا كىرىدۇ» دېگەن مەسلىھەتكە كېلىشتى. خانمۇ بۇ مەسلىھەتنى لايىق كۆرۈپ، پۈتكۈل لەشكىرى بىلەن يەركەن تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى. ئۇلار يېڭىھىساردىن ئون فەرسەڭ يىراقتىكى سۆكەت ئاتلىق كەنتكە يېتىپ كەلدى. بۇ يەرگە مىرئەييۇب ۋە بەزى خالايىقلار قېچىپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئەھلى ئاياللىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك كىشىلىرى يوق ئىدى. ئۇلارغا قارا تېگىن② تەرەپكە قېچىش تەشۋىشى چۈشكەنىدى، ئەمما بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قاچالمىدى. بىرنەچچە كىشى ئايرىلىپ قارا تېگىن ۋە ھىسار تەرەپكە كەتتى. شۇ سۆز ئۈستىدە مىددەكە باھادىر: «كاتتە بەگنىڭمۇ قېچىش نىيىتى بار» دەپ مەلۇم قىلدى. بۇ كاتتە بەگ بۇ كىتابنىڭ بېشىدىراق تىلغا ئېلىنغان مىرئەھمەد قاسىم كوھبەرنىڭ ئىنىسىدۇر. مىرئەھمەد قاسىم تاشكەنتنى تاشلاپ كەتكەن چاغدا، كاتتەبەگ سايرامدا ئىدى. بىر يىل سايرامنى مۇھاپىزەت قىلدى. [بابىر] پادىشاھ كابۇلغا كەتكەندىن كېيىن، كاتتە بەگنىڭ ھېچ تەرەپتىن ئۈمىدۋارلىقى قالمىدى. شۇڭا، ئۇ ئاخىر سايرامنى قاسىمخانغا بېرىشكە ۋەدە قىلىپ، قاسىمخاننى تاشكەنت ئۈستىگە كەلتۈردى. بۇ ھېكايەت يۇقىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىپ

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

② بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەد نىياز تەرجىمىسىدە ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىدا «قايىرتىكىن» دېيىلگەن.

ئۆتۆلگەنندى. كاتتە بەگ قاسىمخاننىڭ خىزمىتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئەندىجانغا خاننىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. تاكى مۇشۇ ۋاقىتقىچە خاننىڭ خىزمىتىدە ئىدى. شۇڭا بارلىق ئەمىرلەر مىدەكە باھادىرنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ: «ئۇنىڭ قېچىشى راست، چۈنكى ئۇ بابىر پادىشاھنىڭ مۇلازىملىرىدىندۇر. ئۇنىڭ قاچىدىغان ئەلپازى بار، شۇڭا ھەقىقىي ئەھۋال ئېنىقلانمىغۇچە كاتتە بەگنى قاماپ قويۇش كېرەك» دېيىشتى. ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەپ قارار قىلىشتى. خان ئەمىرلەرگە: «مەن كاتتە بەگكە كېپىللىك قىلىمەن. ئەگەر ئۇ قېچىپ كەتسە مەن ئۇنىڭغا زامىن بولۇپ كېپىللىك قىلاي» دېدى. خان شۇنىڭدىن كېيىن كاتتە بەگنى چاقىرتىپ كېلىپ: «سەن توغرۇلۇق بىر قىسما ھېكايىلەرنى قىلىشىۋاتىدۇ. سەن مەرد - مەردانە كىشىسەن. سېنىڭ قېچىشىڭ مۇناسىپ ئەمەس. مەن ئەمىرلەر ئالدىدا سەن ئۈچۈن كېپىل بولدۇم. ئەگەر بۇ مۇھىم پەيتتە ھەمدەملىك قائىدىسىنى بەجا كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ مۇراد ۋە خاھىشىڭ ھەرقانداق نەرسىدە بولسا، ئۇنى سەندىن ئايىمايمەن. ئەگەر قېچىپ كېتىپ، ئەمىرلەر ئالدىدا مېنى خىجالەتچىلىكتە قويساڭمۇ سېنىڭ ئىختىيارىڭ» دېدى. كاتتە بەگ بۇ سۆزگە جاۋاب بېرىپ: «مەن بۇنداق مۇھىم ئىش ۋاقتىدا قېچىپ كېتىدىغان ئۇ دەرىجىدە نامەرد ئەمەسمەن» دېدى، بۇنىڭدىن زىيادە مۇبالىغە سۆزلەرنى سۆزلىمىدى. شۇ سۆز بىلەنلا سۈكۈت قىلدى، خاننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ يۈرۈۋەردى.

ئەلقىسسە، ئۇلار بۇ ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن يەركەنگە بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى. ئەتىسى شەرق شاھى (قۇياش) ئۆزىنىڭ ئالتۇن تۇغىنى جىلۋىلەندۇردى. يەنە قايتىپ، يېڭىھىسارغا يۈرۈش قىلدى. بېيىت:

*مىنىپ فەتھ رەخشىگە، بولدى رەۋان،*
*سەئادەت قەرىنۇ زەفەر ھەمئىنان.*
*رىكابىدا مەردانى تۇران زەمىن،*
*قىلىپ جۇملە دۈشمەن سارى قەسدى كىن.*
*سالىپ جۇملە ئەبرۇلارىغە گىرىھ،*
*بېرىپ سۇ سىنانىغە، ياسىغە زىھ.*

كۈن چۈش بولغان ۋاقىتتا ئۇلار يېڭىھىسار قەلئەسىگە يېقىنلاپ باردى. بۇ چاغدىكى ناھايىتى ياخشى بىر تاسادىپىيلىق شۇ بولدىكى، قەشقەردە قالغان لەشكەرلەر خاننىڭ يەركەنگە يۈرۈش قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپلا، يېڭىھىسار ئەمىرلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا كىشى ئەۋەتىپ: «بۇ يەردىكى بەزى ئەمىرلەر تەشۋىشلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ يەردە پاراكەندە ۋە ھەمدەمسىز لەشكەرلەرلا قالدى. ئەگەر [يېڭىھىساردىكى] قەشقەرلىكلەردىن بىرمۇنچە كىشى ئۆيۋاقلىرى بىلەن بىللە كۆچۈرۈلۈپ، قەشقەرگە ئەۋەتىلسە، بۇ يەردە پۇت تىرەپ تۇرغىلى بولاتتى» دېيىشتى. يېڭىھىسار ئەمىرلىرى بۇ سۆزنى مۇۋاپىق ۋە پايدىلىق ھېسابلاپ، [ئۇ يەردىكى] قەشقەر خەلقىدىن نۇرغۇن كىشىنى يېڭىھىساردىن ئەھلى ئاياللىرى بىلەن بىللە كۆچۈرۈپ، قەشقەرگە ماڭدۇرغانىدى. بۇ خالايىقنىڭ ھەممىسى يېڭىھىسار قەلئەسىدىن چىقىپ، يېڭىھىسار ئېقىنىنىڭ سۈيىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، دەل شۇ چاغدا خان لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى.

بېيىت:

*يېتىپ كەلدى ئىسرانى خەيلى موغۇل،*
*كى سۈندىلار گول جەمگ قەتلىغە قول.*
*قىلىپ غارەت، ئەيلەپ ھەممە زىرى دەست،*
*ئېتىپ جۈملە سەرۋەرلەرىن يەرگە پەست.*

قەشقەرگە كېتىۋاتقان بۇ نۇرغۇن كىشى خاننىڭ غالىپ لەشكەرلىرىگە ئولجا بولۇپ، ئەسىرگە چۈشتى. بۇ چاغدا خان يېتىپ كەلدى. ئەمما، يېڭىھىسار خەلقى ھەممىسى پىيادە بولۇشۇپ، يارلىق ۋە ئېگىز - پەس، مۇستەھكەم يەرلەرگە بېكىنىپ، مەردانە جەڭ قىلىشقا ھازىرلانغانىدى. خان يېتىپ كەلگەن ھامانلا كاتتە بەگ ئېتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىدەكە باھادىرغا قاراپ: «ئاشۇ كۆنى مېنى قاچىدۇ دېدىڭ، مەرد بولساڭ بۈگۈن كەلگىن، قايسىمىز قاچىدىكەنمىز، بۈگۈن مەلۇم بولسۇن!» دەپ ھەيۋەت بىلەن نەرە تارتتى. مىدەكە باھادىرمۇ شىجائەتلىك پالۋان ئىدى. «نەچچە يىللاردىن بېرى مۇشۇنداق كۈننىڭ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم!» دېدى ئۇمۇ ئېتىنى ئالدىغا ئۈتكۈزۈپ. بۇ ئىككى باھادىر دۈشمەنگە قاراپ ئېتىلدى. بېيىت:

*ئەدۇۋغە قىلىپ ھەملە بۇ ئىككى يار،*
*بىرى رۇستەمۇ بىرسى ئىسفەندىيار.*

ئۇلارنىڭ بارىدىغان يولى تار ئىدى. يولنىڭ بىر تەرىپى يېڭىھىسار ئېقىنى ئىدى. بۇ سۇ تازا ئۇلغايغان مەزگىل بولۇپ، ئۈركەشلەپ ئېقىپ تۇراتتى؛ يەنە بىر تەرىپى ئېگىز يار ئىدى. دېمەك، بۇ يەردە ئۈچ ئاتلىق تەستە ماڭغۇچىلىك يول بار ئىدى. ئۇ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا پىيادە كىشى ئۆتكىلى بولغىدەك قىلىپ ئىشىك ئورنىتىلغانىدى. ساۋۇت كىيگەن نۇرغۇن پىيادە كىشىلەر ئۇ ئىشىكنىڭ ئىچىدە تۇراتتى. بىرنەچچە پىيادە ئوق ئېتىش ئۈچۈن ئىشىكتىن تاشقىرىغا چىققانىدى. بۇ ئىككى باھادىر ھۇجۇمغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ پىيادىلەرمۇ ئىشىكنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. كاتتا بەگنىڭ ئېتى مىدەكە باھادىرنىڭ ئېتىدىن ئىلگىرى يۈرۈپ كەتتى. مىدەكە باھادىر ئېتىغا ھەرقانچە قامچا ئۇرۇپ باققان بولسىمۇ ئىلگىرى ئۆتەلمىدى. كاتتە بەگ ئۇلارغا يېقىنلاپ بېرىش بىلەنلا ئۇ پىيادىلەر كاتتە بەگنىڭ ئېتىغا ئوق ئاتتى. ئوق شۇنداق تەگدىكى، ئات شۇ يەردىلا يىقىلدى، كاتتە بەگ ئېتىدىن ئايرىلدى. ئۇ يەر يانتۇلۇق ئىدى. ئات دومىلاپ سۇغا چۈشۈپ كەتتى. كاتتە بەگ پىيادە ھالەتتە قارشى تەرەپتىكى پىيادىلەرگە ئېتىلدى، ئۇلار ئىشىك ئىچىگە يوشۇرۇنىۋالغانلىقتىن، كاتتە بەگنىڭ شەمشىرى ئۇلارغا يەتمىدى. ئارقىسىدىن مىدەكە باھادىر يېتىپ كېلىپ: «رەھمەت ساڭا، باھادىرلىق شۇنچىلىك بولار. ئەمدى يانغىن!» دېدى. كاتتە بەگ ئۇنىڭغا: «تاكى سەن يانمىغۇچە مەن يانمايمەن!» دېدى. مىدەكە باھادىر قارىسا، سېپىل ئۈستىدىن ئوق يامغۇردەك يېغىۋېتىپتۇ. ئەگەر بۇنىڭدىن ئارتۇق جۈرئەت قىلىدىغان بولسا، ھەر ئىككىلىسى نابۇت

بولغىدەك. شۇڭا، مىدەكە بالدۇر ئارقىسىغا ياندى. ھەر ئىككىلىسى خاننىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدى. خان كاتتا بەگنى ماختاپ ئىلتىپاتلارنى قىلدى. خالايىق مىدەكە باھادىرغا تاپا - تەنە قىلىشتى. مىدەكە باھادىر ئۇلارغا: «دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئورۇن تارلىق قىلدى. كاتتە بەگنىڭ ئەسەبىيلىكى تۇتقانلىقتىن جاھىللىق قىلدى. ئەگەر مەنمۇ جاھىللىق قىلىدىغان بولسام، ھەر ئىككىلىمىزگە ئۆلمەكتىن باشقا ئىش يوق ئىدى. شۇڭا، بۇ ئەسەبىيلىكنى ئۇنىڭغا قويدۇم، نەتىجىدە ئىككىلىمىز سالامەت قالدۇق» دېدى. مىدەكە باھادىرنىڭ بۇ ئۆزرىسىنى بەزىلەر لايىق تاپتى، بەزىلەر قوبۇل قىلمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن يېڭىسار مەھەللىسىدە ھەربىر كىشى ئۆزىگە لايىق بىر ئورۇننى ئىگىلەپ جايلاشتى. بۇ ۋەقە بولۇپ نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مىر ئەييۇب تەپلىك ئىستىسقا كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى. كېسىلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە خان ئۇنى كۆرگىلى بارغانىدى. مىر ئەييۇب خانغا: «بابىر پادىشاھنىڭ تۇز ھەققىنى ساقلىيالمىدىم. ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدەمدە تۇرالمىدىم. ماۋۇ تۇرغان بىر توپ تۇڭغۇزلار ۋە تىلسىزلارنىڭ تەرغىباتى تۈپەيلىدىن ۋەدەمنى بۇزدۇم» دەپ، موغۇل سەردارلىرىنى ئىشارەت قىلدى. چۈنكى ھىساردا شۇلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن مىر ئەييۇب بابىر پادىشاھتىن يۈز ئۆرۈگەنىدى. ئۇ يەنە خانغا: «مېنى ۋەدە ۋە قەسەمنىڭ ھەققى تۇتتى. مانا ھازىر قۇرسىقىم تاراق - تاراق قىلىۋاتىدۇ. ئاشۇ يامان قىلمىشنىڭ جازاسى جېنىمغا يېتىۋاتىدۇ. بۇ تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كۆزۈمگە تۇڭغۇز ۋە ئېيىقتەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ» دېدى. رۇبائىي:

*تا مۇمكىندۇر قىلمە قەسەم، قاچقىل تېز،*
*ھەق تىغى دۇرۇيەسىغە سەن قىلمە ستىز،*
*ناچار زەرۇرەتدىن ئەگەر قىلساڭ ئەھد،*
*تا جانىڭغۇ بار، سىنارىدىن ئەتكىل پەرھىز.*

مىر ئەييۇب ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەنسەب ۋە مەرتىۋىسى ئۇنىڭ قېرىندىشى مۇھەممەد بەگكە تاپشۇرۇلدى.

شۇ كۈنلەردە ھەربىر كۈن جەڭدىن خالىي ئەمەس ئىدى. ھەربىر كىشىنىڭ كۆڭۈل خەزىنىسىدە شىجائەت جاۋاھىراتلىرى يوشۇرۇنغان بولسا، بىر - بىرلەپ ئاشكارا بولۇۋاتاتتى. شۇ جۈملىدىن مىدەكە باھادىر، ئەبدۇلۋاھىد باھادىر، خۇدا قۇلى ئىشقاۋۇل (شاقاۋۇل)، مۇھەممەد ئەلى تومەن قاتارلىقلار ھەممە زاماندىشلىرى ئارىسىدا ئەۋدىلىك ھالدا كۆزگە كۆرۈندى. باشقا باھادىرلار بىر نۆۋەت ياكى ئىككى - ئۈچ نۆۋەت شىجائەت كۆرسەتتى. ئەمما، بۇ تۆت پالۋان ناگان - ناگان بەزى كۈنلىرى جەڭ قىلمايتتى، كۆپىنچە كۈنلىرى بۇلار جەڭ قىلىپ، مەردلىك - مەردانىلىكنى تولۇق بەجا كەلتۈرەتتى. بۇلار جەڭ قىلىپ مەردلىك ۋە مەردانىلىك قىلمىغان جەڭ ئاز كۆرۈلگەنىدى.

دېمەك، مىرزا ئەبابەكرىنىڭ كەلمەيدىغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەن بىردەك: «يېڭىسار قەلئەسىگە قاتتىق ھۇجۇم قىلىش كېرەك» دېيىشتى. ھەممەيلەننىڭ پىكرى شۇنىڭغا قارار تاپقاندىن كېيىن، يۇقىرىدا موغۇلنىڭ ئادىتى خەلقى ئىچىدىكى

مۇتىۋەرلەر قاتارىدا ئېتى تىلغا ئېلىنغان خوجائەلى باھادىرنى يەركەن چۆلىنىڭ چېگرىسىدىكى مەنزىلدە قاراۋۇل بولۇپ، مىرزا ئەبابەكرنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا ئەۋەتتى. «ئەگەر يېڭىھىسار قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە مىرزا ئەبابەكر كېلىپ قالسا، خوجا ئەلى باھادىر دەرھال خەۋەر يەتكۈزسۇن، بىز ئۇنىڭ چارىسىنى قىلايلى» دەپ، خوجا ئەلى باھادىرنى ماڭدۇردى.

## يېڭىھىسار قەلئەسىنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقىنىڭ بايانى

يېڭىھىسارنى ئىشغال قىلىش قەشقەر مەملىكىتىنى ئىشغال قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئىدى، بۇ ئەھۋال مۇنداق بولۇپ ئۆتتى:

تارىخقا توققۇز يۈز يىگىرمە، رەجەب ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى① ئىدى. يېڭىھىسار قەلئەسىنىڭ ئەتراپى مۇلجار② قىلىپ تەقسىم قىلىندى. خان قەلئەگە يېقىن بىر يەرگە چۈشتى. شۇ قەدەر يېقىن ئىدىكى، ئەگەر سېپىلدىن ئوق ئاتسا، خان چۈشكەن يەرنىڭ تۆپىسىدىكى يارغا يېتەتتى. مۇلجارنىڭ تەقسىملىنىشى مۇنداق بولدى: شىمال تەرەپتىن مۇلجار ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، قەلئەنىڭ شىمال تەرىپى چوڭقۇر يار ئىدى، لەخمە كولاشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن قەلئەنىڭ شىمال تەرىپى مۇلجارغا كىرگۈزۈلمىدى. قەلئەنىڭ كۈن پېتىش تەرەپتىكى بىرىنچى بۇرجىنى③ خان ئۆزى باشلىق قول باھادىرلار — ئۇلار ھېمىشە خاننىڭ مۇلازىمىتىدە بولاتتى، ھېچ قايسى قوشۇنغا تەۋە ئەمەس ئىدى — مۇلجار قىلىپ ئالدى. يەنە شۇ كۈن ئولتۇرۇش تەرىپىدىن خاننىڭ بىر يېنىدا قەلئەنىڭ يەنە بىر بۇرجى پېقىر مۇھەممەد ھەيدەرگە قارار تاپتى. پېقىرنىڭ ئوڭ يېنىمدا بىر بۇرجىنى مىرزا ئەلى تاغاي، قۇتلۇق مىرەك مىرزا ۋە بەھرىگە مىرزىلار بىرلەخمىگە شېرىك بولۇپ، مۇلجار قىلىپ ئالدى. بۇلارنىڭ يېنىدىن بىر بۇرجىنى بابا سارىق مىرزا ۋە شەھباز مىرزىلار ئالدى ۋە بەھرىن جامائىتى بىلەن بىللە بىر لەخمىگە مەسئۇل بولدى. مىرزا مۇھەممەد بەگ بىلەن بەگمۇھەممەد [بەگ] بىر لەخمىگە شېرىك بولدى. بۇلارنىڭ يېنىدا بىر بۇرج بولۇپ، جەنۇب تەرەپكە مايىل ئىدى، ئۇنى جانەكە مىرزا ۋە بىشكە مىرزالار مۇلجار قىلىپ ئالدى. جەنۇب تەرەپتە بىرلەخمىنى مۇنكە بەگ مۇلجار قىلىپ ئالدى. ئۇنىڭ يېنىدىن بىر لەخمىنى مىر ئەييۇبنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان مىرمۇھەممەد تاللىۋالدى. ئۇنىڭ يېنىدا مىر قەنبەر، ئەلى مىرەك بارلاس، بۇلارنىڭ يېنىدا مىردائىم ئەلى، ئۇنىڭ يېنىدا قاراقۇلاق مىرزا، ئۇنىڭ يېنىدا سەييىد مۇھەممەد مىرزا مۇلجار ئالدى. قەلئەنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىمۇ شىمال تەرىپىگە ئوخشاش ئېگىز يار ئىدى. ئۇ تەرەپكىمۇ كۈچ ئىشلىتىلمىدى.

بەش كېچە - كۈندۈز تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. ھەرقايسى ئەمىرلەر ئۆز مۇلجارلىرىنىڭ لەخمىسى ئۈچۈن پۈتكۈل ۋۇجۇدى، بار كۈچى بىلەن كىرىشىپ، بارلىق سايە -

---

① ھىجرىيە 920 - يىلى رەجەب ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى مىلادىيىنىڭ 1514 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.
② مۇلجار — ئورۇن، مۆلچەر، ھەربىي نىشان.
③ بۇرج — قەلئە تاملىرىنىڭ ئۈستىدىكى مۇنار.

سەۋەبلەرنى كۆرسەتمىشتى. ھەزرىتى خانغا قارار تاپقان لەخمىدىكى باھادىرلارنىڭ قاتتىق تىرىشچانلىقى ۋە ھەزرىتى خاننىڭ دۆلەت ـ ئىقبالىنىڭ بەرىكىتىدىن بەشىنچى كۆنى قەلئەنىڭ بۇ بۇرجى پەلەك بۇرجىدەك راۋان بولدى، ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان بۇ بۇرج يەر بىلەن يەكسان بولدى. ئەمما، سېپىلنىڭ ئەسلىي قىسمىدىن ئازراق قېپقالدى. بۇ كۆنى ھەممەيلەن ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ھەممە لەخمىلەر شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئازراق كۆچەسىلا سېپىل يېقىلغۇدەك ھالغا كېلىپ قالدى. ھەممە بۇرجلاردىن مۇستەھكەمرەك بىر بۇرج بار ئىدى. ئۇنىڭغا جانەكە مىرزا بىلەن بىشكە مىرزا مەسئۇل بولۇپ، لەخمە ئۇرۇۋاتاتتى. ئۇلار تەگدىن تاكى ئاتمىش گەز چوڭقۇرلۇقتىچە كولىدى.

شۇ ئەھۋال ئەسناسىدا خوجا ئەلى باھادىرنىڭ كىشىلىرى ئەلىكە ئاتلىق بىر سەردارنى يەنە بىرنەچچە سەردارلار بىلەن بىللە تۇتۇپ ئېلىپ كەلدى. بۇ ئەلىكە يېڭىھىسار قەلئەسىنىڭ ئەمىرى ئەمىن دارۇغىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئەمىن دارۇغە مىرزا ئەبابەكرىنىڭ مۇتىۋەر كىشىلىرىدىن ئىدى، شۇڭا يېڭىھىسار قەلئەسىنىڭ مۇداپىئەسىگە ئالاقىدار زۇرۇر ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئەمىن دارۇغىگە تاپشۇرغانىدى.

بۇ ئەلىكەنى تۇتۇپ كېلىش ۋەقەسى مۇنداق يۈز بەرگەنىدى:

مىرزا ئەبابەكرى يېڭىھىسارغا بېرىپ خاننىڭ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈش نىيىتىدە يەركەندە تۇرغۇن لەشكەر ۋە ساناقسىز ئەسلىھەرلەرنى تەييار قىلغانىدى. ئۇ لەشكەرلىرى ئىچىدىن بىرقانچە كىشىنى تاللاپ قىزىلدا قاراۋۇللۇق قىلىپ تۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدى ۋە ئۇلارغا يېڭىھىسارنىڭ ئەھۋاللىرى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ كېلىشنى تاپشۇرغانىدى ۋە شۇنىڭغا قاراپ بىر پىكىرگە كەلمەكچى ئىدى. يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان ۋەلىبەگنىڭ ئىنىسىنى بۇ بىر توپ جامائەتكە سەردار قىلىپ ئەۋەتكەنىدى.

بۇلار قىزىلغا يېتىپ كەلدى ـ دە، «موغۇلنىڭ قاراۋۇلىمۇ بۇ يەردە ئىمىش» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى. ئۇلارنىڭ چۈشكەن يېرىنى ئېنىقلاپ شۇ كېچىسى خوجائەلى باھادىرغا شەبىخۇن① ئۇردى. بۇ ۋاقىتتا خوجا ئەلى باھادىر باشلىق ھەممە لەشكەرلەر تازا ئۇخلاۋاتقانىدى. ناغرا ـ دۇمباق، سۇرەن ـ چۇقان ۋە نەرە ـ غەۋغا سادالىرى كۆتۈرۈلگەندە ئۇيقۇدىن ئويغىنىشتى. رۇبائىي:

*كېچە گېردى قەتران مەسەللىك سىياھ،*
*نەسەييارە پەيدا، نە يەردىن نە ماھ.*
*نە دۇشمەن پەدىدار گېردى نە دوست،*
*بىرى بىرسىدىن يىرتىشۇر گېردى پوست.*
*[سەدا چەكتى بۇ كېچە شەمشەر، كەمان،*
*كېسىپ گالدى پىل قۇيىرۇقىن گارسلان].*

بەس، بۇلار ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، ساراسىمىگە چۈشۈپ، چۈشلىرىنى يوقىتىپ قويۇش-

① شەبىخۇن — كېچىدىكى تۇيۇقسىز ھۇجۇم، تۈندىكى باستۇن.

تى. ھەممىسى ئەقىل - ئىدراكلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆز - ئۆزىدىن ۋە خالايىقتىن بىخەۋەر بولۇپ، ئىلاجىسىز ۋە ئىختىيارسىز ھالدا قېچىشقا يۈزلەندى. مىسرا:

*يىقىلىپ - قوپۇپ قاچتىلار ھەر تەرەپ.*

پەقەت خوجا ئەلى باھادىرلا ھىممەت تىزگىنىنى قولدىن بەرمىدى. جۈرئەت ئېتەكلىرىنى مەھكەم تۇتتى، يۈگرۈك ئاياغلىرىنى مۇقىملىق ئورنى ئۈستىگە قويدى. ئۇ قاچماستىن، بەرقارار ھالەتتە تۇرۇپ، ئۆزىگە تەۋە كىشىلەرنىڭ ئېتىنى بىر - بىرلەپ قىچقىراتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى، ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ خوجا ئەلى باھادىرنىڭ تەۋەلىرىدىن بىرنەچچە كىشى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا يىغىلدى. ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ تەۋەلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ ئىسمىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن بىر - بىرلەپ چاقىرىشقا باشلىدى. قېچىپ كېتىۋاتقان بىرمۇنچە جامائەت، بىر يەرلەرگە بارغاندا ھوشلىرىغا كەلدى، دىققەت قىلغاندى، قولاقلىرىغا دوستلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلىنى توختىتىپ، يۈرەكلىنىپ، ئارقىسىغا ياندى ۋە خوجا ئەلى باھادىرنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار قاراڭغۇ كېچىدە بىر - بىرلىرىگە ئوق ئېتىشاتتى. قاراڭغۇ كېچە يورۇق تاڭغا ئالماشتى. تۇتۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى ئېنىق كۆردى. شۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەن ئۆزىنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى سەزدى. چۈنكى پىر ئەلى بەگنىڭ تەۋەسىدىكىلەر يۈز كىشى ئىدى. خوجا ئەلى باھادىرنىڭ تەۋەسى ئۈچيۈز كىشى ئىدى. كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىدىن بىخەۋەر ھالەتتە جەڭ قىلغانىدى. پىر ئەلى بەگ قاراپ كۆردىكى، قېچىپ قۇتۇلۇش نامەردلىكتۇر، ھىممەت بىلەن ئۆلۈش مەردانىلىكتۇر، شۇڭا ئۇ يەرگە يېقىن يەردە بىر باغ بار ئىدى، شۇ باغقا بېكىندى.

جاھاننى يورۇتقۇچى قۇياش تېخى تولۇق كۆتۈرۈلۈپ بولماي تۇرۇپلا، ئۇ جامائەتنىڭ ئۈمۈر قۇياشى زەۋاللىق مەنزىلىگە يېتىپ قالدى. ئۇ يۈز كىشىدىن ئىككى كىشى ئىلگىرى قېچىپ كەتكەنىدى، شۇلارلا قۇتۇلۇپ قېلىپ، مىرزا ئەبابەكرگە خەۋەر ئېلىپ باردى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى يوقىتىلدى. مەزكۇر ئەلىكەنى يەركەنت ئەھۋاللىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۆلتۈرمەي، ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ بېشىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ، ياردار ھالەتتە خاننىڭ غالىپ دەرگاھىغا ئەۋەتتى. چۈش ۋاقتى بولغانىدى، ئەلىكەنى خاننىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىشتى. ئەلىكەدىن مىرزا ئەبابەكرنىڭ ئەھۋاللىرى ۋە يەركەننىڭ خەۋىرىنى سورىدى. ئەلىكە مۇنداق دېدى: «مىرزا ئەبابەكر بارلىق لەشكىريي ئەسلىھەلىرىنى تەييارلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھەممە كىشىلەرگە مەلۇمكى، مىرزا ئەبابەكرنىڭ ئات، قورال - ياراق، دۇبۇلغا - قۇياق ۋە باشقا ھەربىي ئۈسكۈنىلەر، جەڭ ئەسۋابلىرى جەھەتتە ھېچقانداق كەم - كۈتىسى يوق. بەلكى ئۆزىنىڭ لەشكىرىدىن يۈز ھەسسە كۆپ لەشكەرلەرگە يەتكۈدەك ئەسۋاب ۋە ئەسلىھەلىرى تەقمۇ تەق تەيياردۇر. ئەمما، ئۆزلىرىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە پەتھى نۇسرىتى بىلەن سەلتەنەت ئاساسىنى ۋە ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئۇلىنى بەرپا قىلغان لەشكەر باشلىقلىرى، داڭلىق ئەمىرلەر ۋە مەردانە پالۋانلارنى ئۇ ئۆزى يوقلۇق پەردىسى ئىچىگە يوللىۋەتتى. مانا ئەمدى ئۇ لەشكەر تەييارلاۋاتىدۇ. پۈتكۈل دېھقانلار ۋە شەھەر بازارلاردىكى كاسىپ پۇقرالار

ئارىسىدىن ئادەم تاللاپ لەشكەر قاتارىغا ئېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلاردىن بىرىنى ئەمىر، بىرىنى ۋەزىر، يەنە بىرىنى ساھىب تەدبىر (مەسلىھەتچى) قىلىپ تەيىنلەۋاتىدۇ. ئۆمرى ئىچىدە چۇمۇچ دەستىسى ۋە ئۇماچ قاچىسىدىن باشقا نەرسىنى قولىغا ئېلىپ باقمىغان بۇ پۇقرالار ئەمدى قايسى قوللىرى بىلەن شەمشەر سېپىنى تۇتالىسۇن، قايسى قوللىرى بىلەن تەدبىر تىزگىنلىرىنى تۇتالىسۇن؟ گەرچە مىرزا ئەبابەكر بۇ ئىشقا كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما شۇنى ئېنىق بىلىمەنكى، ئۇنىڭ مۇرادى ھاسىل بولمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ بۇزۇق خىيالى ئەمەلىيەت ئالىمىگە پەيدا بولالمايدۇ».

ئەلىكە شۇ سۆزلەرنى دەپ، مىرزا ئەبابەكرنىڭ يېڭىمىسارغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ تولا مۇبالىغىلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھېچكىم ئىشەنمىدى. ھەممەيلەن: «بۇ ھازىر بالا - قازا قايىنىمىدا چۆكۈپ كېتىۋاتىدۇ، شۇڭا، مۇشۇ ۋاستە بىلەن نىجاتلىق ساھىلىغا چىقىۋېلىشنى كۆزلەپ خۇشامەت ئېتىكىگە قول سوزۇۋاتىدۇ» دەپ گۇمان قىلىشتى.

نامازشام ۋاقتى بولغانىدى. خوجا ئەلى باھادىرنىڭ كىشىلىرى يەنە بىر ئادەمنى تۇتۇپ، ئېلىپ كەلدى. ئۇلار: «بۇ قېچىپ كېلىپتۇ. مىرزا ئابابەكر زور قوشۇننى تەييارلاپ، يەركەنتتىن چىقىپ، يەركەندىن ئىككى فەرسەڭ يىراقلىقتىكى يەرگە كېلىپ چۈشۈپتۇ. مەن شۇ يەردىن قېچىپ كەلدىم، دەيدۇ» دېدى. بۇ سۆزگىمۇ بەزىلەر ئىشەنمىدى. بۇ مىرزا ئەبابەكرنىڭ ھىيلىسى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن يېڭىمىسار مۇھاسىرىسىنى كېيىنگە سۈرۈپ، ۋاقىتنى سوزۇش ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلغان بولسا كېرەك» دەپ گۇمان قىلىشتى. شۇڭا، ئۇ ئادەمنى قىيىن - قىستاققا ئالدى. شۇ قەدەر قىيىندىكى، ئۇ ئادەم قىيناقتا ئۆلدى، ئەمما يۇقىرىدا دېگەن سۆزدىن باشقا سۆزنى قىلمىدى، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئەمىرلەر مەسلىھەت قىلىپ: «بۈگۈن كېچە مۇھاسىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، ھەممە لەشكەرلەرنى ئېلىپ بېرىپ، مىرزا ئەبابەكرنىڭ يولىنى توسايلى، ئۇلار بىلەن يېڭىمىسار لەشكەرلىرى قوشۇلماستا ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلايلى» دېيىشتى. ئۇلار بۇ سۆزنى خانغا مەلۇم قىلدى. خان پەرمان قىلىپ: «مەن مۇشۇ يارنىڭ تۆپىسىدە ئولتۇرىمەن. ئەگەر مىرزا ئەبابەكر يېتىپ كەلسە، بىر ئوقنى قەلئە تەرەپكە، بىر ئوقنى مىرزا ئەبابەكر تەرەپكە ئاتىمەن. تاكى مۇشۇ يەردە ئۆلسەم ئۆلىمەنكى، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق يەرگە بارمايمەن. باشقىلار نېمىنى خالىسا ئۆزىنىڭ ئىختىيارى» دېدى. ئەمىرلەر خاندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ھەممىسى ئەدەپ تىزلىرىنى يەرگە قويۇپ ئەرز قىلدىكى: «ئەگەر مىڭ جېنىمىز بولسىمۇ ھەممىسى خاننىڭ ئاياغ ئاستىدىكى تۇپراققا پىدا بولسۇن. ئۆز ۋۇجۇدىنى خاننىڭ شەرەپلىك ۋۇجۇدىدىن ياخشىراق كۆرىدىغان، ئۆزىنىڭ خالاسلىقىنى خاننىڭ خالاسلىقىدىن ئەلا بىلىدىغان قانداق ھىممەتسىزكەن - ئۇ؟!». ئۇلار شۇنداق دەپ، ھەممىسى خۇشال - خۇرام ھالدا لەخمە ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

ئالتىنچى كۈنى پەلەك پادىشاھى قۇياش غالىبىيەت ۋە بەختىيارلىقنىڭ ئالتۇن بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ئالەمنى يورۇق ۋە روشەن قىلدى. تاڭ سەھەردە خان ئۆزى ئاتقا مىنىپ، ھەرقايسى مۇلجارلارغا باردى. خان كۆڭۈللەرنى مايىل قىلغۇچى سۆز گۆھەرلىرىنى ئەمىرلەر ۋە لەشكەرلەرنىڭ تىرىشچانلىق قۇلاقلىرىغا سالاتتى. جان - دىل بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلارغا نۇرغۇن ۋەدىلەر بىلەن مېھرىبانلىقلارنى يەتكۈزەتتى، سۇستلۇق ۋە بىپەرۋالىق

قىلىۋاتقانلارغا سىياسەت قامچىسى بىلەن ئۇرۇپ ئەدەب بېرەتتى. خان شۇ يوسۇندا قەلئە ئەتراپىنى ئايلىنىپ، تاغامنىڭ مۇلجارىغا يېتىپ كەلدى. شۇ ئەسنادا قەلئە ئۈستىدىن بىر كىشىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى، قۇلاق سالغاندى، ئۇ كىشى: «سەيىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ مۇلازىملىرىدىن بىر كىشى كەلسۇن، ئېيتىدىغان سۆزۈم بار!» دەۋاتاتتى، شۇڭا بىرەيلەننى ئەۋەتتى. ئۇنىڭغا سىپىل ئۈستىدىكى كىشى: «كۆكەلداش مىرزا ئەلى سەيىد باھادىر بۇ يەردە بولسا، شۇ كىشى كەلسۇن» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئەۋەتتى. بىر پەستىن كېيىن ئەلى سەيىد [باھادىر] قايتىپ كېلىپ مۇنداق بايان قىلدى: «ئەمىن دارۇغە مۇنداق دەۋاتىدۇ: ‹سەيىد مۇھەممەد مىرزا ئەبابەكىر مىرزىنىڭ قېرىندىشىدۇر. مەن ئاتا - بوۋامدىن تارتىپ ئۇلارنىڭ چاكار ۋە خىزمەتكارلىرىنىڭ پۇشتىمەن. گەرچە قىرىق يىلدىن بېرى مىرزا ئەبابەكىردىن ۋە جان ۋەھىمىسىدىن بىر دەممۇ ئامانلىق تاپالمىغان بولسامۇ، لېكىن ئۈچ ئايدىن بېرى تۇز ھەققىنى دەپ، جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ، تىرىشۋاتىمەن. ئۇ قانچىلىغان ئەمىرلەرنى ئۆلتۈردى، قالغانلىرىنى خىلمۇ خىل ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلدى؛ بەزىسىنى ئاختا قىلدى، بەزىلەرنىڭ قول - پۇتىنى كەستى، بەزىلەرنىڭ كۆزىنى كور قىلدى؛ دېمەك، ھەركىمنى بىر بالا - قازاغا مۇپتىلا قىلدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، يەنە تۇزنى ھالال يېيىشنىڭ شەرتلىرىنى تولۇق ئادا قىلدىم. ئەمدى پىچاق سۆڭەككە يەتتى. ئەگەر پېقىر قۇللىرىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىپ، جان ۋە مېلىمغا ئامانلىق بەرسە، ئىلتىپات ۋە ئىنايەتلەر بىلەن ئىززەتلىسە، سەيىد مۇھەممەد مىرزىنى [كېپىل بولۇشقا] بۇيرۇسۇن. مەن قەلئەنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزۈم مۇلازىملار قاتارىدا ئاشۇ پەلەك كەبى يۈكسەك دەرگاھنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن›» دېدى.

سەيىد ئەلى① ئەمىن دارۇغەنىڭ بۇ سۆزىنى خاننىڭ شەرەپلىك قۇلاقلىرىغا يەتكۈزگەندىن كېيىن، خان خۇشال - خۇرام بولۇپ، سەيىد ئەلىنى يەنە ئەۋەتتى. خان: «پەرمان شۇكى، ئىلتىماسىڭنى قوبۇل قىلدىم. ھەرقانداق مۇراد ۋە مەقسىتىڭ بولسا، ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە زىيادە ئىلتىپات ۋە ئىنايەتلەر بىلەن سېنى ئەزىز قىلىمەن» دېدى. سەيىد ئەلى بۇ خۇش خەۋەرنى [ئەمىن] دارۇغەگە يەتكۈزدى.

## مىرزا ئەبابەكرىنىڭ تەلىيى يېنىپ، ھەممە ئىشلىرىنىڭ زىيانغا يۈزلەنگەنلىكى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك دەسلەپكى ۋەقەلەرنىڭ بايانى

بىلىش كېرەككى، مىرزا ئەبابەكرىنىڭ مۇنداق ئادىتى بار ئىدى: ئۇ رەڭگارەڭ مۇشكۇل قائىدە - تەرتىپلەرنى تۈزگەنىدى. ئەگەر بىر كىشىدىن ئاشۇ تەرتىپ جەھەتتە ئازراقلا خاتالىق سادىر بولۇپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن باشقا ئىشقا زارى بولمايتتى. ئۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن يەنە بىر جامائەتنىڭ قەستىگە چۈشەتتى - دە، ئۇنىڭ نارەسىدە باللىرى

① بۇ ئىسىم قول يازمىدا باشتا «ئەلى سەيىد» دېيىلگەنىدى. باشقا نۇسخىلاردىمۇ «ئەلى سەيىد» دەپ ئېلىنغان، بۇ يەردە يۇقىرىقىدەك ئېلىنىپتۇ.

ۋە ھامىلدار ئاياللىرىنىمۇ تىرىك قويماسلىقتا ئۆز ـ ئۆزىگە قارار قىلاتتى. ئۇ جامائەتتىن ھەرقايسىسىنى چوڭىدىن تاكى سۈت ئەمىدىغان بالىلىرىغىچە ھەر بىرىنى شۇنداق ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلاتتىكى، ئۇلار ھەر كۈنى مىڭ قېتىم ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلاتتى. قىسقىسى، مىرزا ئەبابەكرىنىڭ بۇ خىل قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى يۇقىرىدىمۇ بايان قىلىپ ئۆتۈلگەندى، بۇ تولۇقلىمىدىن مەقسەت شۇكى، مىرزا ئەبابەكر ئاخىرقى چاغلاردا پۈتكۈل ئەسكەر ۋە لەشكىري ئىشلارنى مىر ۋەلىگە تاپشۇردى. بارلىق مۈلكي ۋە رەئىييەت ئىشلىرىنى شاھدانە كۆڭەلداشقا تاپشۇردى. ھەممە ئەمىرلەر ئارىسىدا ئەڭ ئۇلۇغى ۋە ئىشەنچلىكى مۇشۇ ئىككى كىشى ئىدى. شۇڭا، بۇ ئىككىيلەن كۆپتىن كۆپ ئىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، مەملىكەت ئىنتىزامى ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى كامالەتكە يەتكۈزگەندى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، مىر ۋەلى ئاقسۇ ۋە موغۇلىستاندىن موغۇل ۋە قىرغىزنى شۇ قەدەر تازىلىۋەتتىكى، قەشقەردىن ئىككى ـ ئۈچ ئايلىق يىراقلىقتىكى جايلارغىمۇ قىرغىز ۋە موغۇللار كېلەلمەيتتى. پۈتكۈل موغۇل چالىش ۋە تۇرپاندا ئارام تاپقانىدى؛ قىرغىزلار ئىسسىقكۆلنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى؛ يەنە فەرغانە ۋىلايىتىدىن ئۆزگەند، ئوش، مادۇ [چەگرەك، ئەندىجاننىڭ يۇقىرى قىسمى] قاتارلىق مۆتىۋەر يۇرتلارنى تولۇق تەۋەلىككە كىرگۈزدى؛ قايىرتېگىن ۋە بەدەخشان ئەتراپلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلىپ، تىزگىنلىدى. بەلۇر ۋە تۈبەت چېگرىلىرىدىن تاكى كەشمىرغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە تەۋە قىلغانىدى. بۇ ئىشغالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مىر ۋەلىنىڭ ئىرىشچانلىقى ۋە سەۋەبكارلىقى بىلەن قولغا كەلگەنىدى.

ئۆتلۈق جېڭىدىن ئىلگىرى ئاغام سەيىدمۇھەممەد مىرزا مىر ۋەلى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەقەززا قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، سۈلھى ۋە مەسلىھەتنى ئارىغا سالماقچى ئىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مىر ۋەلى كۆڭلىدە: «بۇلار تەڭلىك ۋە ئىلاجسىزلىقتا قېلىپتۇ. بەلكىم بىر يېقىنلىشىش بىلەن سەيىد مۇھەممەد مىرزىنى تۇتۇپ، مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسام، ھېچ خىزمەت بۇنىڭدىن ئۇلۇغ بولماس، مىرزا ئەبابەكر مەندىن كۆپ خۇرسەن بولار» دېگەن خام تەمەگە چۈشتى. ئۇ مۇشۇ ئۈمىد بىلەن كۆرۈشۈشكە رازى بولدى. ئىككى سەپ ئارىسىدا بىر ئورۇن ھازىرلاندى. ھازىرلانغان ئورۇنغا ھەر ئىككىلا تەرەپتىن ئىككىيلەن بىرنەچچە كىشى بىلەن بىللە كېلىپ كۆرۈشتى. ئاغام ئەمىرلەر ئارىسىدا مىر ۋەلىگە خىتاب قىلىپ، بىر قانچە سۈلھى ئارىلاش گەپلەرنى ئارىغا سالدى. ئاندىن كېيىن ئاغام مىر ۋەلى بىلەن كەلگەن ئەمىرلەرگە قاراپ: «مېنىڭ مىر ۋەلىگە بىر قانچە سۆزۈم بار. سىزلەر قوپۇڭلار» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەمىرلەر قوپۇپ چىقىپ كەتتى. مىر ۋەلى تەنھا قالدى. ئاغام باياتىن ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا ئېيتقان مىرزا ئەبابەكردىن شەپقەت ئىلتىماس قىلىش مەزمۇنىدىكى سۆزلەرنى يەنە بىر قېتىم تەكرار ئېيتتى. بۇ سۆز تۈگىگەندىن كېيىن ھەرقايسىسى ئۆز مەنزىللىرىگە يېنىشتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۆتلۈق جېڭى بولدى. بۇ جەڭدىن كېيىن مىر ۋەلى بىلەن ھەمراھ بولۇپ بارغان ئەمىرلەردىن «پالان يەردە سەيىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن مىر ۋەلى كۆرۈشتى» دېگەن سۆز مىرزا ئەبابەكرگە ئاڭلاندى. مىرزا ئەبابەكر ئەمىرلەردىن: «كۆرۈشكەندە نېمە سۆزلەر ئارىغا چۈشتى» دەپ سورىدى. ئەمىرلەر ئاغامنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى بايان قىلىشتى، ئاندىن يەنە: «بىزنىڭ ئالدىمىزدا سەيىدمۇھەممەد مىرزـ

نىڭ دېگەن سۆزلىرى مۇشۇ. ئاندىن كېيىن بىزنى قوپۇرۇۋېتىپ، خىلۋەتتە بىرمۇنچە سۆزلەرنى قىلىشتى، ئۇنى ئاڭلىمىدۇق. نېمە دېگەنلىكىنى بىلمەيمىز» دېدى.

مىر ۋەلى تۇتلۇق ۋەقەسىدىن كېيىن مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ھوزۇرىغا قايتىپ كەلدى. مىرزا ئەبابەكر ئۇنىڭدىن: «سەييىد مۇھەممەد مىرزا خىلۋەتتە ساڭا نېمە گەپلەرنى ئېيتتى؟» دەپ سورىدى. مىر ۋەلى تاغامنىڭ ئېيتقان ھەربىر سۆزىنى تولۇقى بىلەن بايان قىلدى. مىرزا ئەبابەكر: «بۇ سۆزلەرنى ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا ئاشكارا دەپتىكەن، يەنە خىلۋەتتە مۇشۇ سۆزنى تەكرار قىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟» دېدى ۋە بۇنىڭدىن ئارتۇق ھېچ نېمە دېمىدى. لېكىن، شۇنىڭدىن باشلاپ: «بۇ سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ خىلۋەتتە دېگەن گەپلىرىنى ماڭا ئېيتمىدى، ئېھتىمال سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن بىرلىشىپ، مېنىڭ قەستىمگە چۈشكەن بولسا كېرەك» دەپ گۇمان قىلىپ، مىر ۋەلىدىن چۆچۈشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مىر ۋەلىنى بارلىق تاۋابىئاتلىرى بىلەن تۇتۇپ، قىيىنىققا سالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئاختا قىلدى. ھەمراھ بولۇپ بارغان ئەمىرلەرگىمۇ: «سىزلەر نېمىشقا قوپۇپ چىقىپ كېتىپ، ئۇنىڭغا خىلۋەت ھازىرلاپ بەردىڭلار؟!» دەپ گۇناھ ئارتىپ، ھەممىسىنى ناكا قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە تۈرلۈك ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى سالدى. بېيت:

*كىشىكىم ئانىڭ بەختى بولسا سىياھ،*
*نە ئىشقە قەدەم قويسە بولغاي تەباھ.*
*چۇ يۈز قويسە ھەريان قەزاۋۇ قەدەر،*
*خىرەدمەندلەر بولغۇسى كورۇ كەر.*

مىرۋەلى ئەنە شۇنداق بالا - قازاغا دۇچار قىلىندى. بۇ ئىش مىرزا ئەبابەكر دۆلىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىگە سەۋەب بولدى.

يەنە شاھدانە كۆكەلداش مەملىكەت، رەئىييەت، خەزىنە ۋە ئىقتىسادقا مەسئۇل ئىدى. ئۇمۇ ئۆز ئىشىدا تىرىشچانلىق ۋە ئەستايىدىللىقنى كامالەتكە يەتكۈزگەنىدى. شۇنداق ئىشلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ قوينى شۇقەدەر كۆپەيتكەنىدىكى سان - ساناقتىن، ھەددۇ ھېسابتىن تاشقىرى ئىدى. قەشقەر پەتھى قىلىنغاندا پېقىر مۇھەممەد ھەيدەر يېشىم كىچىك بولغاچقا، دۇنياۋى ئەسۋابلار ۋە مال - مۈلۈك، بايلىق دېگەنلەرگە كۆڭۈل قويمىغانىدىم. شۇ سەۋەبتىن ئولجا - غەنىمەت ئېلىشقىمۇ قىزىقمىدىم. شۇنداق بولسىمۇ قوينىڭ تولىلىقىدىن ماڭا ئونبەشمىڭ قوي تەگدى. ئېھتىمال ئۇ چاغدا مەندىنمۇ ئازراق ئولجا ئالغان كىشى يوق ئىدى بولغاي. ئۇ ۋاقىتتا مىرزا ئەبابەكرنىڭ مىلىنى ئولجا ئېلىشتا مەيلى خانىنىڭ ئۆز لەشكىرى بولسۇن ياكى خانىنىڭ لەشكەرلىرىگە قوشۇلغان مىرزا ئەبابەكرنىڭ لەشكەرلىرى بولسۇن ۋە ياكى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پۇقرالىرى بولسۇن ھەممىسى تەڭباراۋەر ئىدى. مۇشۇنىڭدىنلا قانچىلىك مال - مۈلۈك يىغىلغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە چارۋا - مال، باغ، زىرائەت ۋە خەزىنىلەر يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتۈلگەنىدى. مۇشۇنچىۋالا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر كىشىنىڭ بولۇشىنى ئەقىل قوبۇل قىلمايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى شاھدانە كۆكەلداشنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن يىغىلغانىدى. [مىرزا ئەبابەكر]

مىرۋەلىگە زەربە بەرگەندىن كېيىن، شاھدانەدىنمۇ خەۋپسىرەشكە باشلىدى. ئۇ: «شاھدانەنىڭ
كۆڭلىگە ‹مىرۋەلى مەرتىۋە جەھەتتە مەندىن يۇقىرى ئىدى، ئۇنىڭغا بۇنداق زەربە بەردى.
مېنىمۇ بىر بالاغا دۇچار قىلغۇسىدۇر›، دېگەن ئەندىشە چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇ
مەندىن ۋەھىمە قىلىپ، مېنىڭ قەستىمگە چۈشۈشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس» دەپ گۇمان
قىلىپ، بۇ ۋەھىمە بىلەن شاھدانە كۆڭلىداشنى تۇتۇپ، قاماققا ئالدى. ھالبۇكى، بۇ خىل
گۇمانلار نە شاھدانەنىڭ، نە باشقا خالايىقنىڭ خىيالىغا كىرىپ ـ چىقماس ئىدى. شاھدانە
كۆڭلىداشقا: «سەن خەزىنىگە ئېلىنىغان ئەسلىھە ۋە مال ـ مۈلۈكلەرنى تولۇق يىغماپسەن،
مۆلچەرلىگەندىن كەم چىقتى» دەپ گۇناھ ئارتتى. دىۋانخانىدا ئۇنىڭ ساقىلىنى يۇلتۇلەي
يۇلدۇردى ۋە ئاختا قىلدۇردى. جاراھەتى ساقايغاندىن كېيىن، ئۇنىمۇ قېزىقتا ئىشقا سالدى.

مىر ۋەلى بىلەن شاھدانەنىڭ ئورنىغا ئىككى نەپەر يارىماس ۋە پەسكەش كىشىنى تەيىنلە-
دى. مال ـ مۈلۈك ئەسلىھەلەر شاھدانەنىڭ ۋاقتىدىكىدىنمۇ كۆپرەك يىغىلغىلى تۇردى.
ئەمما، لەشكىرىي ئىشلار زىيانغا ۋە نۇقسانغا قاراپ يۈزلەندى. چۈنكى مىر ۋەلىدەك قابىلىيەت-
لىك سەرداردىن نەچچە يىلدا بىرى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

شۇ ۋەقە ئەسناسىدا، خاننىڭ ئەندىجاندىن قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلغانلىق خەۋىرى
ئاڭلاندى. شۇڭا، قەشقەر قەلئەسىنى يەتتە كۈن ئىچىدە بىنا قىلدۇردى. بۇ ۋەقە يۇقىرىدا
بايان قىلىپ ئۆتۈلدى. ئاندىن يەنە خاننىڭ قەشقەرگە يەتتە كۈنلۈك يىراقلىقتىكى ئاتباشى
دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. مىرزا ئەبابەكرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ،
قەشقەردىن يېڭىھىسارغا باردى. يېڭىھىسار قەلئەسىگە ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە ھەربىي ئەسلىھە-
لەرنى ھەددى ھېسابسىز كۆپ تولدۇرۇپ بەردى ۋە بىر نەچچە كىشىگە تولۇق ئىشەنچىسى
بار ئىدى، ئۇلارنى يېڭىھىسار قەلئەسىگە قويدى؛ ئۇلار ئەمىن دارۇغە، جانھەسەن قارلۇق،
ئەلقۇلى ئىتارچى، ئەجەمكە ئاختە، جانىبېك ئاختە، [مىر ۋەلى]، شاھدانە ۋە مۇھەممەد
[بېك] قاتارلىقلار ئىدى. گەرچە ئۇ بۇلاردىن بەزىسىنى ئۆزى كاردىن چىقارغان بولسىمۇ،
بۇ قېتىم ھەرقايسىسىغا تولۇق ئات ـ ياراق بەردى ۋە : «ئەگەر سىلەردىن يەنە ئىخلاس
ۋە ئېتىقاد ئايان بولسا، سىلەرنى قايتا ئىلتىپات بىلەن پەرۋىش قىلىمەن» دېدى. شۇ ئەھۋال
ئەسناسىدا خاننىڭ تۈشكۈ دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى، شۇڭا
بۇلارغا بىرنەچچە ۋەسىيەتلەرنى قىلىپ، ئۆزى يەركەنگە ماڭدى: يېڭىھىسار خەلقىگە: «مەن
يەركەنگە بېرىپ لەشكەر باشلاپ كېلىمەن» دەپ ۋەدە بېرىپ، يەركەنگە كەتتى. ئۇ يەركەنگە
كەلگەندىن كېيىن لەشكەر تەربىيىلەشكە كىرىشتى. ئات، قورال ـ ياراغ، مال ـ مۈلۈك
ۋە باشقا ئەسلىھەلەر تولۇپ تېشىپ تۇراتتى. ئۇستاد ئابدال شەيخ كامالەتكە يەتكەن ئۇستىلار-
دىن بولۇپ، ھەممە ئىش ۋە ھەر تۈرلۈك ھۈنەرلەردە تەڭداشسىز ئىدى. مىرزا ئەبابەكرى ئابدال
شەيخنى مىر ۋەلىنىڭ ۋە شاھدانەنىڭ ئورنىغا تەيىنلىگەنىدى.

پېقىر ئابدال شەيختىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇ: «مىرزا ئەبابەكرىنىڭ جىبەخانىسىدا ئاتمىش
مىڭ جىبە① بار ئىدى» دېگەنىدى. باشقا ئەسۋاب ۋە ئەسلىھەلىرىنى مۇشۇنىڭغا قاراپ قىياس
قىلىشقا بولىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ قورال ـ ياراغ ۋە ئەسلىھەلىرى شۇ قەدەر ھەددى ھېسابسىز

① جىبە — تۆمۈردىن توقۇپ ياسالغان جەڭ كىيىمى، ساۋۇت.

بولسىمۇ، لېكىن سىپاھىلىرىنى تۈگەشتۈرۈپ بولغانىدى. پۇقرالار ئىچىدىكى ھۆرپىگەرلەر، باغۋەنلەر ۋە دېھقانلاردىن تاللاپ تەربىيىلەۋاتاتتى. ئۇلار ئىچىدىن قايسىسى ئەسكەرلىكتە ياخشىراق بولسا، ئۇنىڭغا بىر ئات قويۇپ، يۈز ياكى ئىككى يۈز كىشىگە سەردار قىلغانىدى. ئەسكىرىي ئىشلاردا ناقىسراق بولغانلارنى يەككە لەشكەر قاتارىغا ئېلىپ، ئۇلارغا ئات ۋە قورال - ياراغ بېرەتتى. بېيت:

*يىللار ئۆتكەيكىم، يېتىپ تاشقا قۇياشدىن تەربىيەت،*
*بولغۇسى لەئلى بەدەخشان ياكى ئەقىقى يەمەن.*
*نەچچە ئايدا ئابۇگىلدىن پەنبەدانە ئۈنگۈسى،*
*شاھىدىغە ھۆللە بولغاي، يا شەھىدىغە كەفەن.*
*كۈنلەر ئۆتكەي تاكى پۇشتى مىشدىن بىر مۇشتى پەشىم،*
*زاھىدىغە خىرقە بولغاي يا ھىمارىغە رەسەن.*
*قەرنلەر بولغايكى تا بىر گۆدەكى تەبئى سەلىم،*
*ئالىمۇ دانا بولۇر يا شائىرى ساھىب سۇخەن.*
*ئۆمرلەر ئۆتكەيكى بۇ گەردۇنى گەردان بىر كېچە،*
*ئاشىقىغە ۋەسل بەرگەي يا غەرىبغە ۋەتەن.*

پۈتكۈل ئۆمرىنى ئەسكىرىي ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بار. شۇلار ئىچىدىن پەيدا بولىدىغان يۈرەكلىك ئەر يۈزگە يەتمەيدۇ. ئۇلاردىن سەردارلىق مەرتىۋىسىگە يېتەلەيدىغانلىرى يا چىقالايدۇ يا يوق. بولۇپمۇ ئۆمرى ئىچىدە چۆمۈچ دەستىسىدىن باشقىسىنى قولىغا ئېلىپ باقمىغان كىشىلەر دەرھاللا شەمشەر دەستىسىنى قانداقمۇ تۇتالىسۇن، بېيت:

*جەڭ كۈنىنىڭ ھەيبەتى سەفكە سالۇر رۇستەخىنى،*
*مەرد ئىلكىن سىندۇرۇر قەبزەگى شەمشىرى تىنى.*

فەلاخۇندا① تاش ئېتىپ، زىرائەتتىن قۇچقاچ ئۈركۈتۈپ يۈرگەن كىشىلەر كامانىڭ كىرىچىنى دەماللىققا قانداق تۇتىدۇ ۋە دۈشمەنگە قانداق ئوق ئاتالايدۇ؟ بېيت:

*كىبرەكدۇر كەماندار بولسە كەمان،*
*بىلىپ تارتىبان ئوقنى قىلغاي رەۋان.*
*ئوتتۇز - قىرىق يىل چەكسە رەنجۇ ئەلەم،*
*كەمانئۇ كەماندار بولغاي بەھەم.*

دائىم ئارپا - بۇغداي تېرىشتىن باشقا ھۈنىرى ۋە لوبىيا، باقلى ( باقلا، دادۇر) نىڭ

① فەلاخۇن — ئېھىنگە تاش سېلىپ ئاتىدىغان قورال.

خىيالىدىن باشقا پىكىر - خىيالى يوق كىشىلەر بۇ زاماندا مەملىكەت تەدبىرى ۋە لەشكەر تەرتىپىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرالىسۇن. بېيت:

*رەمۇزى مۆلكۈ جەھاندارلىقنى بىلگۈسى شاھ،*
*گەدا بۇ رەمزى نىھاندىن نېچۈك بولغۇر ئاگاھ.*

ئۇنىڭ ئادىمىنىڭ تولىلىقىنىڭ ھېچ كەم - كۈتىسى يوق ئىدى، ئەمما ھەقىقىي ئادەم كەم ئىدى. ئۇ لەشكىرىي ئەسلىھەلىرىنىڭ ۋە قورال ياراغلىرىنىڭ تولۇق ۋە تولىلىقىدىن مەمنۇن ئىدى، ئەمما لەشكەرلىرى سەرداردىن ئايرىلغانىدى. بېيت:

*چۇ مەرد ئولماسە، ھەربە بىكاردۇر،*
*كى جىسىم ئىچرە جان يوقسە، بىكاردۇر.*

ئادەتتىكى پۇقرالار ۋە بازارچىلار ئېسىل ۋە يۈگرۈك ئاتلارغا مىنىپ، ئالتۇن يالىتىلغان جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۆزلىرىنى داڭدار سەردارلاردىن بولدۇق، دەپ گۇمان قىلىشىپتۇ، شىجائەت ۋە مەردانىلىكنى ئوڭاي ۋە ئاسان چاغلاپتۇ. بېيت:

*نە ھەر كىشىكى كىيەر كەج كۇلاھنۇ تۇند يۈرۈر،*
*كۇلاھدارىيۇ ئايىنى سەرۋەرى نى بىلۈر.*

قىسقىسى، مىرزا ئەبابەكىر مۇشۇنداق لەشكەرنى توپلاپ، كاتتا قوشۇن بىلەن يەركەندىن چىقتى ۋە ئىككى فەرسەڭ يەرگە كېلىپ چۈشتى. ئاندىن لەشكىرى ئىچىدىن نەچچە كىشىنى ئىلغاپ، ئىلگىرى يولغا سالدى. ئۇلار كېلىپ قىزىلدا خوجا ئەلى باھادىر بىلەن ئۇچراشتى. يەنە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، يېڭىھسار قەلئەسىگە لەخمە قېزىپ تۇرغان ۋاقىتتا، خوجا ئەلى باھادىرنىڭ ئادەملىرى بىر كىشىنى خانىنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇ كىشى قىيىن - قىستاق ئاستىدا ئۆلدى. ئۇ كىشىمۇ راست سۆزلىگەنىدى. چۈنكى ئۇ كىشى مىرزا ئەبابەكىر يەركەندىن چىقىپ ئىككى فەرسەڭ يەرگە كەلگەندە قاچقانىدى. كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپ، شۇ سۆز بىلەن ئۆلدى.

ئەلقىسسە، مىرزا ئەبابەكىر يەركەندىن ئىككى فەرسەڭ يىراقتىكى يەرگە كېلىپ چۈشكەندىن كېيىن، لەشكەرلىرىنى بىر ياسال قىلدۇرۇپ كۆرمەكچى بولدى. لېكىن، ھەرقانچە ئورۇنۇپ باققان بولسىمۇ، ياسال تۈزەلمىدى. چۈنكى بۇلار ياسال سەپلىرىنى گويا خامان ھەيدىگەنگە ئوخشاش ئىش دەپ گۇمان قىلاتتى. تۇغنى ئوتتۇرىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگۈلىشەتتى؛ ئوڭنى سولدىن، سولنى ئوڭدىن پەرقلەندۈرەلمەيتتى. ئاتلىرى چاققانلىق ۋە شاشلىق قىلسا، ئۇلار گاھ ئاتنىڭ بويىنىغا، گاھى ساغرىسىغا چۈشۈپ قالاتتى ۋە جان ۋەھىمىسىگە چۈشۈپ ئاتنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تارتىپ، ئاتنى توختىتاتتى. بىر قىسىملىرى ئاتنى، كامانىنى بىر يەرگە، ئوقنى يەنە بىر يەرگە تاشلاپ، ئۆزىنى يەرگە

تاشلايتتى.

مىرزا ئەبابەكر ئۆز لەشكىرىنىڭ بۇنداق چاققانلىقى، چەۋەندازلىقى، كاماندارلىقى ۋە تىرئەندازلىقىنى كۆردى. «بۇنىڭدەك لەشكەر بىلەن قوغۇن ئوغۇرلاشقا بېرىشمۇ خەتەرلىك» دەپ ئۈمىدسىزلەندى ۋە مەغلۇبىيەتتىن خەۋپسىرەپ مەيۇسلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن قايتىپ كېتىپ قېچىشنىڭ خىيالىغا چۈشتى. شۇ ئەسنادا خاننىڭ يېڭىھىسارنى ئىشغال قىلغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى. قەشقەر خەلقى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇلارمۇ قەشقەر قەلئەسىنى تاشلاپ كېتىپ قالغانىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مىرز ئەبابەكرنىڭ ئۆرە تۇرغىدەك ماجالى قالمىدى. بېيت:

> *نە خۇشدۇر قۇتۇلماق قاچىپ باش ئالىپ،*
> *نە سۇد ئۆلسەكى پەھلىۋانلىق قىلىپ.*

مىرزا ئەبابەكر ئىشنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ۋە قېچىش ۋاقتى كەلگەنلىكىنى كۆردى. شۇ هامان خەزىنىگە كىردى - دە، ئېسىل توقۇلمىلار، نەپىس ماتالار، گۆھەر - ياقۇت، پىروزا قاتارلىق جاۋاھىراتلار، ئالتۇن - كۆمۈش ھەرخىل نەق پۇل ۋە باشقا بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ، مەملىكەتتىن ئىبارەت بۇ كېلىنچەكنى ئۈچتالاق قىلدى. يەركەن ۋىلايە-تىنى چولڭ ئوغلى جەھانگىر مىرزىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى بەدەر كەتتى. مىسرا:

> *يوقتۇر يەنە كەلمەكىڭكى، كەتتىڭ، كەتتىڭ.*

جەھانگىر مىرزا پۈتكۈل ئۆمۈر بويى بولۇڭ پۇشقاقلاردا قورقۇنچ ۋە ئەندىشە بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ ھۆكۈمەت ئۈستىدە ئولتۇرۇپلا، تۈزۈم ۋە ئىنتىزاملىرى بۇزۇلغان بۇنداق مەملىكەتنى قانداقمۇ تەرتىپكە سالالىسۇن؟ شۇنداقتىمۇ ئۇ شۇ قەدەر تىرىشچانلىق ۋە ھىممەت كۆرسەتتىكى، ئاتىسى كەتكەندىن كېيىن بەش كۈنگىچە ساقلاپ تۇردى. ئاتىسىنىڭ خېلى يىراققا ئۇزاپ كەتكەنلىك خەۋىرى كەلدى ۋە خان لەشكىرىنىڭ يېقىنلاشقانلىق داغدۇغىسى ئاڭلاندى. ئاندىن ئۇمۇ خەزىنىدىن قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە مال ۋە ئەشيالارنى ئالدى. قالغىنى-نى خالايىققا ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: «ھەر كىشى خالىغىنىچە ئالسۇن» دەپ پەرمان قىلدى. موغۇلدىن ۋەھىمە ۋە قورقۇنچىسى بار كىشىلەر جەھانگىر مىرزا بىلەن بىللە قاچتى. قالغان خەلق خەزىنىدە قالغان مال - ئەشيالارنى ئېلىشقا باشلىدى. ھەممىسىنى بۇزۇپ، چېچىپ، ئىسراپ قىلدى.

جەھانگىر مىرزا كېتىپ تۆت كۈندىن كېيىن خاجە ئەلى بەھادىر ئۈچيۈز كىشى بىلەن يەركەنگە يېتىپ كەلدى. خاجە ئەلى بەھادىر كېلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن خان يېتىپ كەلدى. بۇ ۋەقە پات يېقىندا بايان قىلىنغۇسى.

ئەلقىسسە، جاھانگىر مىرزا تۈبەت يولىنىڭ چېگرىسى بولغان سانجۇغا باردى. مىرزا ئەبابەكر يەركەندىن چىقىپ، خوتەنگە باردى. ئۇ خوتەندە تۇرۇشنىمۇ مۇۋاپىق

كۆرمەي، قاراڭغۇ تاغقا يېتىپ بارغان ۋاقىتتا، كەينىدىن موغۇل لەشكەرلىرى يېتىپ باردى. مىرزا ئەبابەكرى يولنىڭ تار ئىكەنلىكىنى مۇنچە ئېغىر يۈك بىلەن قېچىشنىڭ مۈشكۈل ۋە ئىمكانىيەتسىزلىكىنى كۆردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتا كۆيدىغان توقۇلما بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىگە ئوت قويدى. مىرزا ئەبابەكرىنىڭ خەزىنىچىلىرىدىن ئاڭلىشىمچە، توققۇز يۈز خېچىرغا ياكى توققۇز قاتار خېچىرغا پۈتۈنلەي دىبا، كىمخاپ ۋە تەتىللا كىيىملەر يۈكلەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىگە فەرەڭنىڭ، خىتاينىڭ ۋە رۇمنىڭ ئالتۇن ئىشلىتىلگەن ئېسىل ماتالىرى ئىدى. كۆپىنچە ئالتۇن زىننەتلىك كىيىملەرگە پۈتۈنلەي گۆھەر - ياقۇت، مەرۋايىتلار بىلەن بېزەك ۋە زىننەت بېرىلگەنىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈردى. ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلار، ياسىداق ئالتۇن تاجلار، خورجۇنلار بىلەنلا ئالغان تىللا رىگ (قۇم ئالتۇن) لەرنىڭ ھەممىسىنى قاراڭغۇ تاغ ئىچىدە ئېقىپ تۇرۇۋاتقان ئاقتاش (ئاق قاش) دەرياسىغا تاشلىدى. توپچاق ئات ۋە خېچىرلارنى ئۆلتۈردى. ئاندىن كېيىن تۈبەت يولىغا قاراپ يۈردى.

ئۇ تۈبەتكە باردى. مىرزا ئەبابەكرى تۈبەتتە تەييار قىلدۇرۇپ قويغان قەلئەلەر ۋە ئۇزۇقلۇقلارنىڭ ھەممىسىنى خەلق تاشلاپ، تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەنىدى. تۈبەت كۆپپارلىرىمۇ ئىتائەتتىن چىققانىدى. شۇ سەۋەبتىن تۈبەتتە تۇرۇشقىمۇ ئامال تاپالمىدى.

بۇ تەتۈر پەلەك جاپا - مۇشەققەت دەرياسىنى دولقۇنلاتسا، خۇدا ساقلىسۇنكى، ھەرقانچە قىلغان بىلەن، ئۈتتۈالسا نىجاتلىق ساھىلىغا چىقىۋالغىلى بولغۇدەك بىرەر پارچە تاختايمۇ قولغا چىقمايدۇ.

قىسقىسى، مىرزا ئەبابەكرى قىرىق سەككىز يىل مۇددەت ئىچىدە پۈتكۈل تىرىشچانلىقىنى مال - دۇنيا ئۈچۈن سەرپ قىلدى. بېيىت:

*قارا قىلدى نامە، قىلىپ فىئلى شەر،*
*يوق ئېردى گۇناھىن پۈتۈگۈنچە يەر.*

ئۇ شۇ قەدەر كۆپ مال - دۇنيا يىغدىكى، ئۇنى بايان قىلىشتا قەلەم ئاجىزدۇر. بېيىت:

*ئىدى فىكرى ئالەمدە قىلماق مەقەر،*
*كېتەرنىڭ غەمىدىن ئىدى بىخەتەر.*

ئۇ گەرچە كۆرۈنۈشتە ئاخىرەتنىڭ گەپلىرىنى قىلاتتى، ئاخىرەتنىڭ ئارزۇسىنى قىلىدىغاندەك ئىدىيۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە قىلغان ھەربىر ئىشى بىلەن گويا ئۆزىگە دوزاختىن بىر دەرۋازىنى ئېچىپ، جەننەتتىن بىر ئىشىكنى ياپاتتى. مىرزا ئەبابەكرىنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرى ۋە رەزىل ئىشلىرىنىڭ دەلىل ۋە مىساللىرى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەنىدى. دېمەك، شۇ خىل قىلمىش ئەتمىشلىرىنىڭ شۇملۇقى ئاخىر مۇشۇنداق نەتىجىنى بەردى. ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئاخىرىنى ۋە كۆرىدىغان ئاقىۋىتىنى مۇشۇنداق ھالەتكە يەتكۈزدى. ئاقىۋەتتە

تۆبەتتە تۇرۇشنىڭ چارىسى ۋە ئىلاجىنى تاپالمىدى. ئۇ ھاياتلىقتىن بىزار بولۇپ، ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلدى. بىللە كۆچكەنلەرنى ۋە ئەھلى ئاياللىرىنى تۆبەتتە قالدۇرۇپ، ئۆزى ئارقىغا يېنىشنى قارار قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن خاننىڭ ھۇزۇرىغا بارىمەن. ئۇنىڭ مېنى قەھرى زەھرى بىلەن ئۆلتۈرىدىغانلىقى ئېنىق. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە مېنىڭ جەسىتىمنى ئاتامنىڭ گورىستانىدا دەپنە قىلىڭلار. گەرچە مەن سەيىد مۇھەممەد مىرزا ۋە مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىلارغا تۇغقانلىق ھەققىنى ئادا قىلمىغان بولساممۇ، لېكىن ئۈمىدىم زوركى، ئۇلار سىلەرگە سىلە - رەھىم قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىر مەقسەت ۋە بىر تەقدىر بىلەن مېنى ئۆلتۈرمىسە، بىرەر چارە - تەدبىر قىلارمەن». ئۇ ئاشۇنداق ۋەسىيەتلەرنى قىلغاندىن كېيىن، زىمىستان قىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆبەتتىن خاننىڭ ھۇزۇرىغا قاراپ ماڭدى. ئوتتۇرا يولغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆز مۇلازىملىرىدىن بىرمۇنچە كىشى ئۇچرىدى. ئۇلارنى تاغام: «تۆبەت خەلقى مىرزا ئەبابەكرنى تۇتۇپ ئەۋەتسۇن، ئەگەر تۇتۇپ ئەۋەتمىسە، تۆبەتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىمىز،» دەپ ۋەھىمە سېلىپ تۆبەتكە ئەۋەتكەنىدى.

مىرزا ئەبابەكر ئۇلار بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئۇلاردىن ئەھۋالنى سورىدى. ئۇلار: «بىزنى سىزنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى» دەپ، بىرقانچە يالغان ۋەدىلەرنى ئىزھار قىلىپ، تولۇق تەسەللى بەردى. مىرزا ئەبابەكر بۇنىڭغا ئىشەنمىدى ۋە مۇنداق دېدى: «مېنىڭ سىلەرگە ئىلتىماسىم شۇكى، مېنى خاننىڭ ۋە سەيىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ ئالدىغا سالامەت ئېلىپ بېرىڭلار. ھەرنېمە قىلسا، شۇلار قىلسۇن». ئۇلار باشتا دېگەن سۆزىنى تەكرارلاپ، نۇرغۇن مۇبالىغىلەرنى قىلدى. كۈن كەچ بولدى خۇپتەن نامىزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، مىرزا ئەبابەكر ئۇيقۇغا كەتتى. «ئۇيقۇ ئۆلۈمگە يېقىن» دېگەن ماقال ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ماس كەلدى. مىرزا ئەبابەكر غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقىنىدا، بۇ كىشىلەر: «بۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، خاننىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بارساق، كاتتا خىزمەت كۆرسەتكەن بولىمىز» دەپ مەسلىھەتلەشتى - دە، ئۇنىڭ بېشىنى كەستى. گەرچە مىرزا ئەبابەكر ئۆلۈمگە لايىق بولسىمۇ، ئەمما، بۇ كىشىلەر ئۇنىڭ تۇزىنى يېگەن مۇلازىملىرى ئىدى. تۇز ھەققىنى ساقلىمىدى، مۇشۇنداق ۋاپاسىزلىق، تۇزكورلۇق ۋە ھارامتاماقلىق قىلدى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى پات يېقىندا بايان قىلىنغۇسى.

بۇلار مىرزا ئەبابەكرنىڭ بېشىنى كېسىپ، يەركەنگە ياندى. چوڭ - كىچىك ھەممە زۇلۇم تارتقۇچىلار ئۇنىڭ كۆلپەتلىرىدىن قۇتۇلدى. بېيت:

*ئانداغ ئۆلگىلكىم، قۇتۇلغايسەن خەلايىقدىن تەمام،*
*ھەيف ئەگەر ئۆلسەڭ، قۇتۇلدۇق دېسە سەندىن خاسۇئام.*

يەنە شۇنداق ئېيتىلىدۇكى، ئادىلنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ياخشىلارغا ئۆلۈم، يامانلارغا ھاياتلىقتۇر، زالىمنىڭ ئۆلگەنلىكى يامانلارغا ئۆلۈم، ياخشىلارغا ھاياتلىقتۇر.

بېيت:

*زالىم چۇ كەتتى، قالدى يامان ئاتى پايدار،*
*ئادىل گەر ئۆلدى، ياخشى ئاتى قالدى يادكار.*
*قارۇنكى ئۆلدى، بار ئىدى قىرىق ئۆي خەزىنەسى،*
*نۇشىرۋاننى ئۆلدى دېمە، ياخشى ئاتى بار.*

رۇبائىي:

*ھېچكىمگە بۇ دەھرى دۇن ۋەفا ئەيلەمەگەي،*
*ھەرگىز كىشىگە غەيرى جەفا ئەيلەمەگەي.*
*گەر كەلسە قولۇڭدىن ئەلگە سەن ياخشىلىق ئەت.*
*بۇ دەھر يامانلىق ئەتكەلى ئەرزىمەگەي.*

توغرا يولغا ئىگە بولغان كىشى ھەرقانداق ئىشقا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سالىدۇ. ئۇلار پايدىلىق ئىشلارغا قەدەم قويىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق تەجرىبە ھاسىل قىلىدۇ. ياخشى ئىشلارغا يۈزلىنىدۇ. دۇنيا ۋە دىن ئۈچۈن ئەيب ـ نۇقسان كەلتۈرىدىغان ئىشلاردىن ئېھتىيات قىلىشنى ۋە ئۆزىنى تارتىشنى زۆرۈر دەپ بىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق بۇ ئالەمدە ياخشى نامغا، ئاخىرەتتە نىجاتلىق ۋە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولىدۇ. رۇبائىي:

*سەندىنكى، ئەي، لەرزەدە بۇ ئەھلى جەھان،*
*ئەيلەر ئىدى قۇللۇغۇڭنى ھەر خوردۇ كەلان.*
*بۇ ۋەقتى ۋەفاتىڭدە، تەئەممۇل قىلكىم،*
*ئۆل ئەيش ئىلە ئىشرەتلىك قايانۇر بۇ زەمان.*

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

# ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا تېبابەتچىلىك

ئەنۋەر ياسىن

ئۇيغۇرلار ئۇزاق مۇددەتلىك ھاياتلىق ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆزلىرى ياشىغان رايونلارنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، كېلىماتى ۋە ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىش، شۇنداقلا دۇچ كەلگەن ھەر خىل كېسەللىكلەر ۋە تەبىئىي ھادىسىلەرگە تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك ئامىللارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەرقانداق بىر ماددا ۋە شەيئىنىڭ ماھىيىتى ھەم رولى ئۈستىدە ئىنچىكە كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ، مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە تېبابەتچىلىك (داۋالاش ۋە دورىگەرلىك) مەدەنىيىتىنى ياراتقان. بۇ مەدەنىيەت ئۆزى ئېرىشكەن بىر قاتار ئۇتۇق ۋە نەتىجىلىرى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مېدىتسىنا تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىم ئامىللاردىن بىرىگە ئايلانغان.

تېبابەتچىلىكنىڭ پىرى ھېسابلانغان ئىبنى سىنا كۆرسەتكىنىدەك: «تېبابەتچىلىك ئىنسان تېنىنىڭ ساغلاملىقى ۋە كېسەللىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، ساغلاملىقنىڭ داۋاملىشىشى ۋە كېسەللىكنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان بىر خىل پەن.»① بۇ پەننىڭ تارىخى ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق تارىخى بىلەن تەڭ باشلانغان، جۈملىدىن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تارىخىنىڭ دەسلەپكى بەلگىلىرىنىمۇ دەل ئۇيغۇرلارنىڭ بەلگىلىك بىر ئىنسان توپى سۈپىتىدە يەر يۈزىدە پەيدا بولغان دەۋرىدىن باشلانغان، دېيىشكە بولىدۇ. ھازىرچە بىز ئېرىشكەن يازما مەنبەلەر، قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان مۇمىيالار ۋە ئوپېراتسىيە قىلىنغانلىقى ئىسپاتلانغان جەسەتلەر پەقەت بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ 4000 يىلدىن ئارتۇقراق تارىخىدىن مەلۇمات بېرىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

مەلۇمكى، تۈركىي مىللەتلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار تارىختا رېئاللىقتا ۋە ئەمەلىي ھاياتتا يۈزلىنىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆزىنىڭ سىياسىي - ھوقۇق پەلسەپىسىدە ۋە ھاياتلىق چۈشەنچىسىدە «ئىنسان مەركەز» (ئىنساننى قەدىرلەش) ئىدىيىسىنى كىشىلىك ھاياتنىڭ تۈپ پرىنسىپى قىلغان. بۇ ئىدىيىنىڭ ئىپادىلىرى بولسا ئىنساننىڭ ئازاد - ھۆرلۈكى، بەخت - سائادىتى، جىسمانىي دەخلىسىزلىكى، روھىي ئازادىلىكى، پىسخىك خاسلىقى ۋە تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشتا كۆرۈلگەنلىكتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەربىر مەدەنىيەت بەلگىسىدە، يەنى سۆز، ھەرىكەت، كىيىنىش، ئوزۇقلىنىش، ئولتۇراقلىشىش، مۇناسىۋەتلىشىش، تەربىيىلىنىش، ئىشلەپچىقىرىش، مەدەنىي پائالىيەت، قائىدە - يوسۇن ۋە جەمئىيەت تەرتىپىدە ئىنساننىڭ قەدرى بىلەن سالامەتلىكىگە يۈكسەك ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلىنغان. خۇددى «تەن ساقلىق - تەگدىشى يوق بايلىق»، «تەننىڭ ساقلىقى - پادىشاھلىق»، «ئەل ساقلىقى - يۇرت بايلىقى» دېگەندەك ماقال - تەمسىللەردە ئىپادە قىلىنغىنىدەك، ئۇيغۇرلاردا سالامەتلىك ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بايلىق دەپ قارالغاچقا، بۇ مىللەتتە ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزىدە بەلگىلىك تېببىي بىلىمنى يېتىلدۈرۈشى ۋە ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى بىلىشى نورمال ھالەتكە ئايلانغان. ھەتتا ئالىملارمۇ ئۆز

كەسپىدىن سىرت، يەنە پەلسەپە بىلەن تېبابەتتىمۇ كامالەتكە يېتىشلى ئۆزىگە مۇھىم بىر شەرت قىلاتتى. دېمەك، ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىر «تېبابەت رايونى»② دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھالەت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدە مۇھىم بىر تىپى ھېسابلىناتتى. شۇ ۋەجىدىن تۈرك ئالىمى سۇھەيل ئۈنۋەر «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك ساھەسى تېبابەتكە ئېتىبار بەرگەنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقماقتا»③ دەپ ناھايىتى توغرا باھا بەرگەن. تۈرك - ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرىدە، ئىران ئەدەبىياتىدا، يۇنان ۋە رىمنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدە «تۈرك» سۆزىنىڭ «گۈزەل»، «كۈچلۈك» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادە قىلغاندىن باشقا، يەنە «ساغلام» مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنغانلىقىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ۋە تېبابەتچىلىك مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتە مۇھىم بىر ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تارىخىدىن مەلۇمات بېرىدىغان مەنبەلەر سۈپىتىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تېببىي دەستۇرلارنى، مىڭئۆي تام رەسىملىرىنى، قەدىمكى ئىزلاردىن بايقالغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارنى، خەنزۇ، ھىندى، ئەرەب، پارس ۋە گرېك مەنبەلىرىدىكى خاتىرىلەرنى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار بۈگۈنگىچە تەدبىقلاپ كېلىۋاتقان داۋالاش تەجرىبىلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىبابىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى ئەڭ دەسلەپ تۈرك ئالىمى ر. رەخمەتى ئارات-بىلەن نېمىس ئالىمى ف. ك. مۈللېر باشلىغان. ر. رەخمەتى ئارات 1930 - يىلى «APAW» (پروسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمىي ماقالىلار مەجمۇئەسى) نىڭ پەلسەپە ۋە تارىخ قىسمىغا سۇنۇلغان دوكلاتىنىڭ 451 -، 473 - بەتلىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان 198 قۇرلۇق ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت «ئىدىقۇت رېتسېپلىرى» نى دۇنياغا تونۇتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ھەققىدە تەتقىقاتلار باشلىنىپ، ھازىرغىچە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا نۇرغۇن نەتىجىلەر مەيدانغا كەلدى. مانا شۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى مىلادىيە 17 - ئەسىرگە قەدەر ھەربىر دەۋردە ئەسىرداش قوشنا مىللەتلەرنىڭ شۇ خىل مەدەنىيىتىنىڭ ئالدىدا تۇرغانىدى. ھىندى مەنبەلىرىدىمۇ مىلادىدىن بۇرۇنلا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ناھايىتى گۈللىنىپ، شۆھرىتىنىڭ يۇنانغا قەدەر كېڭەيگەنلىكى ۋە يۇنان پادىشاھىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىگە ناھايىتى ھەۋەس قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ. تۈركىي مىللەتلەر تەرىپىدىن ئېچىلغان ۋە قوغدالغان «يىپەك يولى» ئالاقىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ شەرق - غەرب ئوتتۇرىسىدا يەنە تېبابەتچىلىك ئالاقىسى ۋە دورا - دەرمەك سودىسىنى قانات يايدۇرۇپ، بۇ يولغا «تېبابەتچىلىك ۋە دورا - دەرمەك يولى» دېيىشكە بولىدىغان خاراكتېرنى ئاتا قىلغانلىقىنى مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىردىن تارتىپ تاكى 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر بولغان مەزگىللەردە يېزىلغان خەنزۇ مەنبەلىرىدىمۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن سۆز ئېچىلىپ، ئۇنىڭ خەنزۇ تېبابەتچىلىكى ئالدىدىكى ئۈستۈنلۈكى ئېتىراپ قىلىنغان ھەم داۋالاشتىكى بىر مۇنچە ئەمەلىي مىساللار خاتىرىلەنگەن.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ھىندى، يۇنان ۋە خەنزۇ (جۇڭيى) تېبابىتىدىن پەرقلىق بىر سىستېمىنى ھاسىل قىلغانىدى. بۇ سىستېمىنىڭ ئۈستۈنلۈكىمۇ دەل مۇكەممەل نەزەرىيىۋى ئاساس يارىتىش، ماددىي داۋالاشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، روھىي ۋە جىسمانىي

قۇۋۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تەتقىقاتقا ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، كېسەللىكلەرنى تۈرگە ئايرىش، يەككە ۋە كۆپ تەركىبلىك دورىلارنى ئىشلىتىش، مۇھىت ۋە پەرھىزگە دىققەت قىلىش، ئاناتومىيە ۋە ئوپېراتسىيە تېخنىكىسىنى كۈچەيتىش، داۋالاشتا مۇزىكىنىڭ رولىدىن پايدىلىنىش، بەرەس ۋە نېرۋا كېسەللىكلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئۇتۇق قازىنىش قاتارلىق تەرەپلەردە، شۇنىڭدەك يەنە خەنزۇ، تىبەت، قىتان، موڭغۇل، كورېيان، ھىندى، ئەرەب، پارس ۋە ياۋروپا مىللەتلىرى تېبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلەنگەن.

قەدىمكى تۈركىي مىللەتلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار تەبىئەتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى ئۇزۇن يىللىق كۆزىتىشلىرى ئاساسىدا ئالەمنىڭ، تەبىئەتنىڭ ۋە تەبىئەتتىكى ھەربىر ماددىنىڭ، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ سۇ، ئوت، ھاۋا ۋە تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت زات (تۆت ماددا) نىڭ بىرىكىشىدىن تەشكىل تاپقانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. بۇ تۆت ئامىل بىر-بىرىگە زىت ۋە بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان بولۇپ، ئىنسان ھاياتى ئۇلارنىڭ دائىملىق بىۋاسىتە تەسىرى ئاستىدا تۇرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئادەمنىڭ كەڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى، ئادەملەر بىلەن تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ زىچ مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ. ئېلىپ ئېيتساق، مەيلى كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى چۈشەندۈرۈشتە بولسۇن، مەيلى كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش، دورا، پەرھىز بۇيرۇشتا بولسۇن، ئومۇمەن يىلنىڭ پەسىللىرى، مۇھىتتىكى ئۆزگىرىشلەر نەزەردە تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭدەك ئادەم ئورگانىزمىدىكى ھەربىر ئەزادا يۈز بەرگەن چوڭ - كىچىك ئۆزگىرىشلەر نېرۋا ۋاسىتىسى بىلەن پۈتۈن بەدەندە ئەكس ئېتىدىغانلىقى ئالغا سۈرۈلىدۇ. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئورگانىزمنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە ئۇنىڭ تەبىئەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قارىشىنىڭ تامامەن توغرىلىقى ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنى تەرىپىدىن تولۇق ئىسپاتلانماقتا.

تۆت زات توغرىسىدىكى بۇ خىل تولىمۇ قەدىمىي چۈشەنچە ئاساسىدا «تۆت خىلت» تەلىماتى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تۆت خىلت تەلىماتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئورگانىزم تەركىبىدىكى مۇھىم جەۋھەر ماددىلارنى تۈرگە ئايرىش ھەققىدىكى تۈپ قارىشى بولۇپ، ئۇ قان (lympha)، بەلغەم (phlegm)، سەپرا (bile — chole) ۋە سەۋدا (atrabilis — melancholy) دىن ئىبارەت. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ نەزەرىيىسى بويىچە، بۇ تۆت خىل ھەربىر ئادەمنىڭ تېنىدە مەۋجۇت بولۇپ، بەلگىلىك نىسپىي تەڭپۇڭلۇقتا ساقلىنىدۇ، شۇنىڭدەك ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان ماددا ئالمىشىش تۈپەيلىدىن سەرپ بولىدۇ، يېڭىلىنىدۇ ۋە تىنماي دەۋر قىلىپ ھاياتلىق ۋە ساغلاملىقنى تەمىن ئېتىپ تۇرىدۇ. خىلتلارنىڭ نىسپىي تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى ئىچكى كېسەللىكلەر، تېرە كېسەللىكلىرى، بەش ئەزا كېسەللىكلىرى، ئاياللار ۋە باللار كېسەللىكلىرىنىڭ تۈپ سەۋەبى، دېيىلىدۇ. شۇڭا، كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويغاندا، خىلتلارنىڭ بۇزۇلۇشىنى ئېنىقلاپ ئۇلارنىڭ نىسپىي تەڭپۇڭلۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش زۆرۈر، دېيىلىدۇ.

تۆت زاتنىڭ ھەربىرى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورنىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان تۆت خىل كەيپىياتتا بولغىنىدەك، ئادەم بەدىنىدىكى تۆت خىلتمۇ بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغان

تۆت خىل كەيپىياتقا ئىگە بولىدۇ، يەنى قان ـ ھۆل ئىسسىق، سەپرا ـ قۇرۇق ئىسسىق،
بەلغەم ـ ھۆل سوغۇق، سەۋدا قۇرۇق سوغۇق ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۆت خىل كەيپىياتنىڭ
بەدەندە ئىپادىلىنىشى «مىزاج» دېيىلىدۇ. بۇ خىل كەيپىياتلار ئىنسان هاياتى ئۈچۈن زۆرۈر
ئامىل ھېسابلىنىدۇ. مىسال قىلىپ ئېيتساق، بەدەندە ئىسسىقلىق بولمىسا ئوزۇقلۇق پارچە-
لانمايدۇ، ھۆللۈك ـ سۇيۇقلۇق بولمىسا ئوزۇقلۇق شۈمۈرۈلمەيدۇ ھەم هاياتلىقمۇ بولمايدۇ،
قۇرۇقلۇق بولمىسا مىڭىنىڭ قوماندانلىق كۈچى ئاجىزلاپ، ئەقلى جايىدا بولماسلىقتەك ئەھ-
ۋاللار كېلىپ چىقىدۇ، سوغۇقلۇق بولمىسا يۈرەكنىڭ خىزمىتى ياخشى بولمايدۇ. دېمەك،
ئادەم بەدىنىدە تۆت خىل كەيپىياتنىڭ ھەممىسى بولۇشى، بىرى كەم ياكى ئارتۇق ھەمدە
ناچار بولماسلىقى كېرەك. بۇ خىل كەيپىياتلار يالغۇز ئىنسانلاردىلا مەۋجۇت بولۇپلا قالماي،
بەلكى يەنە هايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەردىمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. شۇڭا، دورىلارمۇ ئىسسىق،
سوغۇق، قۇرۇق ۋە ھۆل كەيپىياتقا ئايرىلىدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ نەزەرىيۋى
ئاساسى بەلگىلىك بىر پەلسەپۋى تەلىماتقا تايانغان ۋە ئۇنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان. مىڭ
يىلدىن بېرى تۈرك ـ ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا «ھېكىم» سۆزىنىڭ «پەيلاسوپ» ۋە «تېۋىپ»
دېگەندىن ئىبارەت ئىككى خىل مەنىدە قوللىنىلىپ كەلگەنلىكىمۇ ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ پەلسەپە
بىلەن بولغان باغلىنىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

نۇرغۇن ئەسىرلىك هاياتلىق تەجرىبىسى ۋە داۋالاش ئەمەلىيىتى نەتىجىسىدە بارلىققا
كەلگەن بۇ نەزەرىيە ئەرەبلەرنى يۇنان پەلسەپىسى بىلەن ئۇچراشتۇرغان ۋە ئۇنى چۈشىنىش
يۈرسىتىگە ئېرىشتۈرگەن ئوتتۇرا ئەسىر شەرق دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپى فارابى
ئەتتۇركى (870 ـ 950) تەرىپىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ سىستېمىلاشقان پەن نەزەرىيىسى
دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. پۈتكۈل ئىسلام مۇئەللىپلىرى بىردەك تەكىتلىگىنىدەك، فارابىنىڭ
پەلسەپىگە ئوخشاشلا باشقا پەنلەردىكى بىلىمىمۇ ناهايىتى كۈچلۈك بولۇپ، پەقەت تېبابەتچىلىك
ھەققىدىلا ئۇنىڭغا يېقىن كىتاب يازغان، فارابىنىڭ تېبابەتچىلىك ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان-
لىقى توغرىسىدا ئېنىق بىر ئىسپات يوق. بۇ يەردە بىز پەقەت شۇنىلا ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنى
زۆرۈر تاپتۇقكى، شەرقتە «تېبابەت نەزەرىيىسى» بىلەن بىرگە يەنە «تېبابەت ئەخلاقى»نىمۇ
تىكلەپ، تېبابەتچىلىكنى يېڭى بىر تەرەققىيات دەۋرىگە ئېلىپ كىرگەن فارابى ئادەم ئورگا-
نىزمىدىكى رەئىس ئەزالارنىڭ رولى توغرىسىدا توختالغاندا، يۈرەكنى ھەممىدىن ئۈستۈن
ئورۇنغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى (تەن ـ بەدەن) بىر ئائىلىگە،
ھەرقايسى ئورگانلار ئائىلىدە تۈرلۈك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ئەزالارغا ئوخشايتتى. يۈرەك
بەدەن ئەزالىرى ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىنى ئۆتەيدىغان ئەزا بولۇپ، ئۇ بەدەننىڭ ھەرقايسى
قىسىملىرىغا هارارەت ـ ئىسسىقلىق تارقىتىدىغان ئورگان ئىدى. يۈرەكتىن چىققان روھ
(نەپەس) قىزىل قان تومۇرلىرى ئارقىلىق ھەر تەرەپكە يېيىلىدۇ. مىڭە يۈرەكنىڭ كونترول-
لىقىدا ھەرىكەت قىلىدىغان مەركىزىي بىر ئورگان بولۇپ، نېرۋا سىستېمىسىنى ئىدارە
قىلاتتى. يۈرەك بىلەن مىڭە بىر بىرىگە ياردەم بېرىش شەكلى بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى.④
دېمەك، فارابىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك چۈشەنچىسىدە ۋە تېبابەت تەلىماتىدا ئىنسان هاياتلىقى-
نىڭ ۋە بەدەن ھەرىكىتىنىڭ مەنبەسىنىڭ يۈرەككە تايىنىدىغانلىقى ئالغا سۈرۈلگەنىدى.

خەيرۇللايۇفنىڭ كۆرسىتىشىچە، فارابى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ دوختۇرى، كۆپ

تومۇلۇق «ئەلقانۇن فىت تىب» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئىبن سىنانىڭ بىۋاسىتە پېشۋاسى ئىدى. ئىبن سىنا «ئەلقانۇن» نىڭ بىرىنچى تومىنىڭ باشلىنىش قىسمىدا تېبابەتچىلىك نەزەرىيىسىنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشتە فارابىغا يېقىندىن ئەگەشكەن، ئۇنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى ئىزاھلىغان.⑤ فارابى ئارقىلىق يۇقىرى نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنى ياراتقان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى «مالىكۇل ئۇلۇم» (ئالىملارنىڭ پادىشاھى) دەپ شۆھرەت قازانغان ئىبن سىنانىڭ تېببىي تەلىماتلىرىنىڭ ئاساسىغا ئايلانغاندىن سىرت، يەنە ئىبن سىنا ۋاسىتىسى بىلەن مىلادىيە 10 - ئەسىردىن ئېتىبارەن شەرقىي رىم ئارقىلىق غەرب تېبابىتىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان.⑥ تۈركىيىلىك ئالىم ئا. دىلئاچارنىڭ كۆرسەتكىنىدەك، شۇ دەۋر تېبابەتچىلىكىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر سىياسەتچىلىكى ۋە قانۇنشۇناسلىقىنىڭ دەستۇرىنى يازغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ نەزەرىيىسىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى.⑦ ئەمەلىيەتتىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەشھۇر تۈركچە داستانىدا گۈزەل شېئىرىي مىسرالار بىلەن ئۇيغۇر تېبابەتشۇناسلىرىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن.⑧

دېمەك، بۇنىڭدىن 1000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلاردا تەبىئەت بىلەن ئادەمنى بىر گەۋدە دەپ قارايدىغان پەلسەپىلىك چۈشەنچە ئاساسىدىكى تېبابەتچىلىك نەزەرىيە سىستېمىسى تىكلىنىپ بولغان. ئۇيغۇرلار ئاشۇ سىستېمىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە كېسەلگە كۆپ خىل شەكىل بىلەن دىئاگنوز قويۇش ۋە كۆپ خىل ئۇسۇل بىلەن داۋالاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى تۇرپاندىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بىر تۈركۈم تېبابەتچىلىك ھۆججەتلىرىنى تاپقان، تۈركىيىلىك ئالىم سۆھەيل ئۈنۋەرنىڭ دەلىللىشىچە، بۇ تېببىي ھۆججەتلەر باشقا بىر يەردىن تەرجىمە قىلىنغان بولماستىن، بەلكى ساپ يەرلىك بىلىمگە تايىنىلغان ۋە ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ تەجرىبە، كۆزىتىشلىرىگە ئاساسلانغان ھالدا يېزىلغان. بۇ ھۆججەتتە 140 خىل رېتسىپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ دەۋردە ئۇيغۇر تېۋىپلىرى كېسەللىكلەرنى تۈرلەرگە ئايرىپ داۋالاش ئېلىپ بارغان. بۇ ھۆججەتتە كېسەللىكلەرنىڭ تېرە كېسەللىكلىرى؛ كۆز كېسەللىكلىرى؛ قۇلاق، تاماق، بۇرۇن كېسەللىكلىرى؛ چىش كېسەللىكلىرى؛ نەپەسلىنىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى؛ يۈرەك، قان تومۇر كېسەللىكلىرى؛ ھەزىم قىلىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى؛ ھەرخىل ئىچكى ئەزا كېسەللىكلىرى؛ ئەسەب كېسەللىكلىرى؛ سۈيدۈك ۋە تاناسىل ئەزا كېسەللىكلىرى ۋىروسلۇق ۋە مىكروپلۇق كېسەللىكلەر؛ تېببىي مەسلىھەت قاتارلىق 12 چوڭ تۈرگە ئايرىلغانلىقى ئىسپاتلانغان.⑨ 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يەنە باشقىرت ئالىمى، پروفېسسور ئەھمەد. زەكىي ۋەلىدى توغان مانىسادا شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قەشقەردىكى شېرىك (كىچىك) خاقانى ھەسەن بۇغراخان (مىلادىي 1056 - 1074 - يىللار) نىڭ ئوغلى ئەل مەئمۇنغا تەقدىم قىلىنغان بىر تېببىي ئەسەرنى تاپقان. ⑩ ھازىرچە قولىمىزدا بۇ ئەسەرنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى توغرىسىدا بىرەر ئۇچۇر بولمىغاچقا، بۇ ھەقتە بىر نىمە دېيەلمەيمىز.

ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ۋە خەنزۇ مەنبەلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەتچىلىك تەرەققى-

ياتى، بولۇپمۇ دورىگەرلىك تارىخى ھەققىدە خېلى تەپسىلىي مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار
كېسەللىنى داۋالاشتا ماددىي داۋالاشقا ئېتىبار بەرگەن. ئۇيغۇرلاردا دورىلارنىڭ تۈر - خىللىرى
ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلار ئاساسلىقى ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ئەزالىرى ۋە مەدەندىن ياسالغ-
ان دورىلار ئىدى. يەنە مېۋە شەربەتلىرى ۋە ئېچىتقۇ دورىلىرىمۇ بولغان، ھەر تۈرلۈك
يېمەك - ئىچمەكلەرمۇ دورىلىق ماھىيەتكە ئىگە قىلىنغان. ھىندى مەنبەلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ
مىلادىدىن بۇرۇنلا 300 نەچچە خىل دورىلىرىنىڭ بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. يەنە بەزى
مەنبەلەردە تارىمدىكى دورىگەرلىك كىتابىنى يۇنان (گرېك) پادىشاھىنىڭ ئەلچىسىنىڭ كېلىپ
كۆرگەنلىكى، يۇنان پادىشاھىنىڭ بۇ دورىگەرلىك كىتابىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تارىم خەلقىگە
ئوردا - ساراي سېلىپ بېرىش ۋە مەلىكە ياتلىق قىلىشقا ۋەدە قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ. سۈي،
تاڭ، سۇڭ، يۈەن ۋە مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە يېزىلغان خەنزۇچە تېبابەتكە ئائىت كىتابلاردى-
مۇ ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلىنغان 120 خىلدىن ئارتۇق دورىلارنىڭ ئىسمى خاتىرىلەنگەن.
بۇ ئەسەرلەردە يەنە دورىلارنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى، كېلىش مەنبەسى، تەم - پۇرىقى، تەبىئى-
تى، توغرىلانغان داۋاسى، ئاساسىي داۋاسى، خاس داۋاسى، ئاساسىي رېتسېپى، قوشۇمچە
رېتسېپى، دورىلارنى پەرق ئېتىش، ئۆستۈرۈش، يىغىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەشكە دائىر
ساۋاتلار خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە تاڭ دەۋرىدىكى چىڭ جيەن يازغان «ئۇيغۇر دورا
ئۆسۈملۈكلىرى» دېگەن كىتاب مەخسۇس ئۇيغۇر دورىلىرى تونۇشتۇرۇلغان ئەسەر ئىدى.
لېكىن بۇ ئەسەر تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن يوقىلىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭدىن بىرەر نەقىل
كەلتۈرمەك قىيىن. ⑪ يۈەن دەۋرىدە بېيجىڭدىكى ئوردىدا ساقلانغان 36 توملۇق «ئۇيغۇر
رېتسېپلىرى» دېگەن كىتاب شۇ دەۋر ئۇيغۇر دورىگەرچىلىك ساھەسىدە تولىمۇ مۇھىم رول
ئوينىغان ئەسەر ئىدى. لېكىن بۇ ئەسەردىن بىزنىڭ كۈنىمىزگە پەقەت تۆت جىلدلا يېتىپ
كەلگەن. ئىبن سىنا بەش توملۇق «ئەل قانۇن فىت تېب» دېگەن كىتابىنىڭ ھەربىر قىسمىدا
دورىگەرلىك مېتودلىرى ھەققىدە مەخسۇس توختالغان ۋە 760 خىل دورىنى تىلغا ئالغان.
بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، تۈركىي نەسىللىك ئائىلىدىن كېلىپ چىققان
ئىبن سىنانىڭ ئەمەلىي تېببىي بىلىملىرى خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ كېسەللىك
ھەققىدىكى قاراشلىرى بىلەن تەجرىبىگە تايىنىشتىن ھاسىل بولغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى
قارىماققا گالىنۇسنىڭ ئەسىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغاندەك قىلسىمۇ، ئىبن سىنا بىر مۇنچە
نۇقتىلاردا ئۇنىڭ قاراشلىرىنى ئۆزگەرتكەن، ئىنزاھلىغان ۋە ئىسلاھ قىلغان. بۇ ئەسەر
شەكلىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەلۇماتىنىڭ قىممىتى ئېتىبارى بىلەن
رازىنىڭ «ئەل ھاۋى» ۋە ئەلى ئىبن ئابباسىنىڭ «ئەل تىببەل مەلىكى» دېگەن كىتابلىرىدىن،
ھەتتا گالىنۇسنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۈستۈن تۇرۇپ، تولۇق ئالتە ئەسىر پۈتۈن دۇنيانىڭ
تېببىي ماتارىپىغا يېتەكچى بولدى. ⑫ ئىبن سىنا بىلەن زاماندىش بولغان بىرۇنى تەبىئەت
پەنلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە تېبابەتچىلىكتىمۇ يېتىلگەن ئالىم ئىدى. بىرۇنىنىڭ تېبابەت-
چىلىكتە تەجرىبىلىرى بار ئىدى. ئۇ سۇلتان مەسئۇدنىڭ كۆزىنى داۋالىغان. ⑬ بىرۇنىنىڭ
دورىگەرلىكتىكى شۆھرىتى زور بولۇپ، مىلادىيە 1050 - يىللارغا كەلگەندە يازغان تېبابەت
ۋە دورىگەرلىككە ئائىت ئەسىرى «كىتابۇس سايدەلە» دە دورىلارنىڭ پايدىلىق تەرىپى بىلەن
بىرگە ئۇنىڭ قوشۇمچە تەسىرى ئۈستىدىمۇ توختىلىپ ئۆتكەن، بىرۇنىنىڭ بۇ ئەسىرىدە

دورىلارنىڭ ۋە شىپالىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ناملىرى ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە، خارەزمچە، سۇرىيىچە، يۇنانچە، سانسكىرتچە ۋە ھىندىستاندىكى بىرمۇنچە تىللاردىكى ئاتىلىشى بويىچە خاتىرىلەنگەن. بۇ ئېتىبارى بىلەن ئەسەر بىر تىل خەزىنىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، فىلولوگىيە تەتقىقاتىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ⑭ 8826 سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ مەھمۇد كاشغەرى 150 خىل دورىنىڭ، 50 خىلغا يېقىن كېسەللىكنىڭ، بىر مۇنچە دورا سايمانلىرىنىڭ ۋە رېتسىپلارنىڭ نامىنى تىلغا ئالغان. مەشھۇر تىۋىپ تەجەللى 7000 خىل دورا نامىنى بىلگەن، 5000 خىل دورا ياسىغان. ⑮ ھازىر ئۇيغۇر تېبابىتىدە پەقەت 202 خىللا دورا ئىشلىتىلمەكتە.

تۈرپاندىن تېپىلغان تېببىي ھۆججەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىل بۇرۇنقى دورىگەرچىلىك تەرەققىياتىنى چۈشىنىشتە بىزنى تولىمۇ قىممەتلىك پاكىتلار بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ھۆججەتلەردىن شۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچ خىل مەنبەدىن كەلگەن تۈرلۈك دورىلىرى ئىچىدە ھايۋان ئەزالىرىدىن، بولۇپمۇ ھايۋاناتلارنىڭ ئۆتىدىن ياسالغان دورىلارنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىنى بولىدۇ. ⑯

تۈرك ئالىمى ر. رەخمەتى ئارات ئۇيغۇرلارنىڭ دورىگەرچىلىكتە ناھايىتى يۇكسەلگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇيغۇر تېبابەت تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان يەنە بىر تۈرك ئالىمى سۇھەيل ئۈنۋەرمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدىكى دورا شەكىللىرى، ياسىلىش ئۇسۇللىرى، دورىگەرلىك سايمانلىرى، دورىلارنىڭ مىقدارى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىدىكى تەرەققىياتنى مۇنداق سۈرەتلىگەن: «دورا ياساملىرىنىڭ شەكىللىرى ۋە ئىزھار قىلىنىش يوسۇنلىرى بىزگە ئۇيغۇرلاردا دورا تەييارلاشنىڭ نەقەدەر ئاساسلىق ۋە ئىلمىي بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۈگۈنكى دورا ياساملىرى شەكىللىرىنىڭ كۆپچىلىكى شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلاردا بار بولغان» ⑰، «دورىلارنى ئىشلىتىدىغان ساھەلىرى زامانىۋى مېدىتسىنانىڭكىگە ئوخشاش بەك ئىلغار ئىدى» ⑱، «دورىگەرلىك جاھازلىرى ـ سايمانلىرى بەك مول» ⑲، «ئۇيغۇرلار بېرىلىدىغان دورىلارنىڭ مىقدارىغا ھازىرقىدەكلا دىققەت قىلغان، بۇمۇ بىزگە ئۇيغۇرلارنىڭ دورىگەرلىكتە ئىلمىي ۋە توغرا يولدا ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» ⑳، «دورىلارنى ئىستېمال قىلىش، ئىشلىتىش ۋاقتى ۋە قائىدىلىرى ئۇيغۇر تېبابىتىدە كامالەتكە يەتكۈزۈلگەنلىكى بايقالماقتا. بەلگىلىك پەيت، بەلگىلىك كۈن، بەلگىلىك سائەتلەردە دورا بېرىشكە دىققەت قىلىنىپ، قالايمىقان دورا ئىچكۈزمەسلىكى ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ باشقا مىللەتلەر تېبابىتىدىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.» ㉑

ھەقىقەتەن، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە دورىلارنىڭ كۆپ خىل بولۇشىغا زور دەرىجىدە ئېتىبار بېرىلگەن. بۇنىڭغا مۇھىت، ئوزۇقلۇق، قۇۋۋەت، روھىي ھالەت ھەققىدىكى بىر مۇنچە نەزەرىيىنى يانداشتۇرۇپ، كۆپ خىل ئامىللارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئۈنۋېرسال داۋالاش سىستېمىسىنى ياراتقان، ئېنىق قىلىپ ئېيتساق، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ كېسەلنىڭ مۇھىتىنى ياخشىلاش، تازىلىق قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش، روھىي جەھەتتە ياردەم بېرىش، ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن كېسەلنىڭ قۇۋۋىتىنى ساقلاپ قېلىش، ئوزۇقلىنىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ كېسەلنىڭ قۇۋۋىتىنى تىكلەش، ئوزۇقلۇقلار بىلەن داۋالاش، پەرھىز بۇيرۇش، تەنتەربىيە بىلەن داۋالاش، ئومۇمىي بەدەننى داۋالاش بىلەن

يەرلىك ئورۇننى داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش، ئىچى - تېشىدىن داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش، كەسپىنى ئالماشتۇرۇش، ھاۋا كېلىماتى مۇۋاپىق كېلىدىغان جايلارغا يۆتكەش ھەمدە قۇياش نۇرى، ئارشاڭلار بىلەن داۋالاش، قۇمغا كۆمۈپ داۋالاش، سوغۇق ئۆتكۈزۈش، چىكە، قۇلاق ئارقىسى، تاپان، ئالقان، تېقىم، كىندىك، كىندىك ئۈستى ۋە ئاستى قاتارلىق ئورۇنلارغا دورا چېپىش، تۇتۇپ، ئۇۋۇلاپ، سىرىپ داۋالاش، ئىستىفراغ قىلىش (سۈرۈپ چىقىرىش)، قان ئېلىش، بۇرۇن ۋە تىل ئاستىدىن سۇ ئاققۇزۇش، دورا پۈركۈتۈش، ھوزۇرلاندۇرۇش، پىلتە قىلىش، ھۇمۇل قىلىش، فەرزىجە قىلىش، زىماد، تىلا، پاشۇيە قىلىش، لوڭقا ھىجامەت قويۇش، ئابزەن قىلىش، ئىسلاش، داغلاش، كۆيدۈرۈش، زۇلۇك قۇرۇتى ئىشلىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار زۆرۈرىيەتكە قاراپ تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.㉒

شەرق - غەرب ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد ۋە سودا بەلۋېغى بولغان يىپەك يولى يەنە دورا - دەرمەك ئالماشتۇرۇش يولى سۈپىتىدە ئۇيغۇر دورىلىرىنى باشقا مىللەتلەر ئىچىگە ئېلىپ بارغان. يىپەك يولىدا قاتناپ تۇرغان سودا - كارۋان ئەترىتىدە مەخسۇس دوختۇر - تېۋىپلار ۋە دورىگەرلەر بولغان. خەن، تاڭ، سۇڭ، قىتان، تىبەت ۋە تاڭغۇت سۇلالىلىرىنىڭ پايتەختلىرىدە ئۇيغۇر دورىلىرى سېتىلغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ سارىيىدا ئۇيغۇر ئايشە تەرىپىدىن «جىڭشى ياۋيۈەن» نامىدا داۋالاش ۋە دورىگەرلىك مەركىزى قۇرۇلغان. بۇ مەركەز مىلادىيە 1273 - يىلى «گۇاڭخۇيسى» نامىدا ئوردا دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتىلگەن ۋە تېخىمۇ كېڭەيتىلىپ ئۇيغۇر دورىلىرىنى ياساش بىلەن شۇغۇللانغان.㉓ مىلادىيە 1292 - يىلىغا كەلگەندە يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئىككى پايتەختى دۇرۇن (كۆكخوت) بىلەن تايدۇ (بېيجىڭ) دا گۇاڭخۇيسىغا قاراشلىق بىردىن «ئۇيغۇر دورا مەھكىمىسى» قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دورىگەرلىك ئىشلىرى تېخىمۇ كۈچەيتىلگەن.

ئىدىقۇت خانلىقى ۋە قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە، يەنى مىلادىيە 9 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە ئۇيغۇر تېبابىتى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى. بۇ مەزگىلدە تېبابەتچىلىك مۇستەقىل بىر پەن سۈپىتىدە ئىلمىي سىستېمىسىنى يارىتىپ، مېدىتسىنا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. كىلىنىكا جەھەتتە كېسەللىك 12 چوڭ تۈرگە ئايرىلغان. تۇرپان، بېشبالىق، ئالمىلىق، قەشقەر، بېيجىڭ، دۇرۇن (شىمالىي ئوردا)، خۇراسان، شىمالىي ھىندىستان قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇر تېببىي مەكتەپلىرى، كېسەلخانىلىرى - دوختۇرخانىلىرى ۋە دورىخانىلىرى قۇرۇلغان.㉔ دېمەك، بۇ مەزگىلدە مۇكەممەل تېببىي مۇئەسسەسەلەر بارلىققا كەلگەن ۋە يۈكسەلگەن. 1980 - يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ 29 - توم «سىپورت» (تەنتەربىيە) ماددىسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنلا مەخسۇس چېدىر شەكلىدە ياسالغان ئىسسىتىش ئۆيلىرى - ھورداقلىرىنىڭ بولغانلىقى، ھۇنلاردىن ناھايىتى بۇرۇنلا ياۋروپاغا كۆچكەن بىر تۈركۈم تۈركىي خەلقلەرنىڭ - فىن تۈركلىرىنىڭ بۇنى فىنلاندىيىگە ئېلىپ بارغانلىقى ۋە ئۇنىڭ «فىن سائۇناسى» دېگەن نام بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغانلىقى بايان قىلىنغان. بۈيۈك شائىر، مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائىمۇ تېببىي ئەخلاق پرىنسىپلىرى ھەققىدە ناھايىتى ئېتىبارلىق پىكىرلەرنى قىلغان ھەمدە ئۆز خىراجىتى بىلەن ھېراتتا «شىفائىيە» (دار ئال شىفا) دېگەن نامدا بىر تېببىي مەكتەپ ۋە دوختۇرخانا سالدۇرغان.㉕

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە دۆلەت تېبابەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، تېببىي ماڭارىپقا ۋە داۋالاش ئورۇنلىرىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن، تېببىي خادىملارغا يۇقىرى ھۆرمەت ۋە شان - شەرەپ ئاتا قىلغان. بۇ مەزگىلدە دۆلەتنىڭ ھەربىر سىياسىي - مەمۇرىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي تارماقلىرىدا، جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرىدا، شەھەر، يېزا، بازار، مەھەللىلەردە، مەدرىسە ۋە سارايلاردا تېببىي پونكىتلار تەسىس قىلىنىپ، تېببىي مۇلازىمەت قانات يايدۇرۇلغان. ھۆكۈمدارلار تېبابەت تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە تېۋىپلارنى ئويۇشتۇرۇپ تېببىي ئەسەرلەرنى يېزىش ۋە تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىنى يولغا قويغان. ㉖ «دەستۇرۇلئىلاج» ۋە «ئەغزار تېببىي» قاتارلىق مەشھۇر تېببىي ئەسەرلەر دەل مۇشۇنداق مۇھىتتا بارلىققا كەلگەن.

مىلادىيە 9 ـ 13 ئەسىرلەردە تېببىي ھايات سەنئەت شەكلى بىلەنمۇ تەسۋىرلەندى. تۇرپان بىزەكلىك ۋە بايدىكى قىزىل مىڭئۆي - تاشكېمىر سەنئىتىدە تېۋىپ بودساتۋا ۋە تېۋىپ راھىپلارنىڭ رەسىمى ۋە ھەيكىلى ئىشلەنگەن. دۈنخۇاڭ موگو غارلىرىدىكى 296 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىكى تام رەسىملىرىنىڭ بىرىدە (سودا ئەترىتى تەسۋىرلەنگەن) ئۇيغۇرچە كىيىنگەن، ئورا كۆز، قاڭشارلىق كەلگەن بىر تېۋىپنىڭ بىر بىمارغا دىئاگنوز قويۇپ داۋالاۋاتقان كۆرۈنۈشى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن. ㉗

ئىدىقۇت خانلىقى ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلاپ تېببىي قانۇن ۋە ساقلىقنى ساقلاش نىزامنامىلىرى تېخىمۇ كۈچەيتىلگەن. مىسال قىلىدىغان بولساق، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىلا سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى تۈرغۈزۇلغان. ھۆكۈمدارلار يامان سۈپەتلىك كېسەلنىڭ تارقىلىپ پۈتكۈل ئاھالىنىڭ سالامەتلىكىگە خەۋپ يېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن رويخەت تۈرغۈزغان. ئۇنىڭغا كىشىنىڭ ئىسمى، يېشى، يۇرتى، كەسپى قاتارلىقلار يېزىلغان. كېسەلى بارلارغا «كېسەل» دېگەن خەت ئەسكەرتىپ قويۇلغان. «تۇرپان ۋەسىقىلىرى» دىن مەلۇم بولۇشىچە، موخاۋ كېسەلى قاتارلىق يۇقۇملۇق ساقايماس كېسەللەرگە قارىتا بەلگىلىك قانۇن - تۈزۈملەر بېكىتىلىپ، بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىنىڭ خالىغانچە كىشىلەرگە ئارىلىشىشى چەكلەنگەن. سېزىلىپ قالسا قوي ۋە پۇل جەرىمانە قويۇلغان. بۇ ئارقىلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدى ئېلىنغان ياكى ئۇنىڭ تەسىرى يېنىكلىتىلگەن. ㉘ قاراخانىيلار تەۋەسىدە ياشىغان ئالاھىدىدىن مۇھەممەد خوتەنى «ئەلفىقھۇ تېببىنىيە» (تېببىي قانۇن) دېگەن كىتابىدا تېببىي خادىملارنىڭ قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن سادىر قىلغان خاتالىقلىرىنى شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بىر نەچچە ماددىلىق قانۇن بەلگىلىگەن. يەنە يالغان تېۋىپلار ۋە باشقىلارنىڭ ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكىگە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن زىيان يەتكۈزگەن جىنايەتلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازا بېكىتىلگەن. ㉙ سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىمۇ دۆلەت تېببىي قانۇن، تېببىي نازارەت ۋە تېببىي تەپتىش ئىشلىرىنى كۈچلۈك تۈردە ئىجرا قىلغان.

ئۇيغۇرلاردا تېبابەت تەتقىقاتى تېبابەتچىلىكتىكى داۋالاش ئەمەلىيىتىگە ئوخشاش قەدىمىيلىككە ئىگە ئىدى. مەلۇمكى، تېبابەتچىلىك ئەمەلىي پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى، داۋاملىنىش جەريانى، ئېغىر - يېنىكلىكى قاتارلىق تەرەپلەرگە قاراپ، دورا ياساش ۋە داۋالاش جەريانىدا كۆزىتىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى مۇھىم ئورۇنغا

قوياتتى. كۆپ خىل ئۇسۇللار بىلەن دىئاگنوز قويۇش، كېسەللىكلەرنى تۈرلەرگە ئايرىش ۋە تەركىبى ھەرخىل نەچچە يۈزلىگەن دورىلارنى ياساش ۋە بۇ ساھەدە نۇرغۇنلىغان مەخسۇس ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئەلۋەتتە ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى تەتقىقاتنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

شىنجاڭدىن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىدىن تېپىلغان 4000 ـ 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە مۇمىيالارنى ھازىرچە ئۇيغۇر تېبابەت تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرى دېيىشكە بولىدۇ. جەسەتنى مۇمىيا قىلىش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ خېلى ۋاقىتلارغىچە داۋاملاشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە ئات، ئىت ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنىمۇ مۇمىيا قىلغانلىقى بىلىنمەكتە. [30] ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بۇرۇنلا دورا ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كۈچلۈك زەھەرلىك دورىلارنى ياساپ داۋالاشتا ئىشلەتكەن. مىلادىيە 5 ـ ئەسەردە سۇرمىگە ئوخشايدىغان بىرخىل تاغ جىنسىدىن كېسەل داۋالىغاندىن سىرت، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ يەنە چۈشۈپ كەتكەن چىش ۋە چاچنى قايتا چىقارغان. [31] مىلادىيە 6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەرە ئۇيغۇر تىۋىپلىرى بەرەس (ئاق كېسەل) نى داۋالاشنىڭ تەدبىرلىرىنى تېپىپ چىققان. مىلادىيە 8 ـ ئەسىرگە كەلگەندە مۇزىكىنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ يۈرەك ۋە نېرۋا كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. [32] ئىدىقۇت خانلىقىدىكى ئۇيغۇر تىۋىپلىرى بالدۇر قېرىماسلىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، «ئىدىقۇت ئۆمۈر بەخش شەربىتى» دېگەن دورىنى ياسىغان. بۇ دورا ئىچكى ئەزا قىزىش، پالەچلىك، تىل كالۋالىشىش، ئېغىز مايماقلىشىش، قول ـ پۇت بىھۇشلىنىش قاتارلىق ئېغىر كېسەللىكلەرنى داۋالايدىغان بىر خىل ماددا تولۇقلايات ئىدى. مەشھۇر خەنزۇ تىۋىپى سۇن سىماۋ بۇ رېتسىپ ئاساسىدا «چوڭ نۇسخىلىق ئۆمۈر ئۇزارتىش مەلھىمى» بىلەن «كىچىك نۇسخىلىق ئۆمۈر ئۇزارتىش مەلھىمى» نى ياساپ چىققان. [33] مىلادىيە 11 ـ ئەسىردە ياشىغان مۇھەممەد بىننى رەشىددىن ئەلى قەشقەرىنىڭ تېببىي تەتقىقاتقا ناھايىتى ئېتىبار بېرىپ، يېڭى رېتسىپلارنى بايقىغانلىقى مەلۇم. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە دۆلەت تېببىي تەتقىقاتقا تېخىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىپ، نەسلىنى خىللاشتۇرۇش تەتقىقاتىنى ئېلىپ بارغان. بۇنىڭدا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى سۈپەت ـ سالاپەتنى ئۆستۈرۈش ۋە نەسلىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، دۆلەت مەخسۇس قارار چىقىرىپ، داۋالاش، مۇھىتنى ئۆزگەرتىش، تازىلىقنى ياخشىلاش، نىكاھلىنىش ۋە نوپۇس كۆچۈرۈش قاتارلىق تەرەپلەردە نۇرغۇن ئەمەلىي تەدبىرلەرنى يۈرگۈزگەن. [34] دېمەك، جىسمانىي كۆركەملىك ئۈستىدە ئىزدىنىش، مۇكەممەل ئۇيغۇر قىياپىتى، ئۇيغۇر قېنى ۋە ئۇيغۇر سالاپىتىنى قۇرۇپ چىقىش بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ نىشانى قىلىنغان. مىلادىيە 19 ـ ئەسىردە ياشىغان سوپاخۇن سىرتقى قىياپەتكە قاراپ دىئاگنوز قويۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر تېبابىتىگە يېڭى مەزمۇن قوشقان بولسا، ئاشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان تەجەللى نېرۋىسىدىن ئاداشقان كىشى (ساراڭ) نى مېڭىسىنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق ساقايتقان. يەنە سېسىغان قوۋۇزغا سۆڭەكنىڭ ئورنىغا سۈنئىي سۆڭەك (ياڭاق ياكى چىلان ياغىچىنى سۆڭەككە ئوخشىتىپ ياساپ، ئۇنى قوزىنىڭ پوستۇما تېرىسى بىلەن قاپلاپ دورىلانغان سۇدا نەچچە كۈن قايناتقاندىن ئارقىلىق ياسىغان) نى ئالماشتۇرۇش ۋە راك كېسەلنى يىلان گۆشى بىلەن داۋالاش جەھەتتە ئۇتۇق قازىنىپ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە قاراپ يۇكسەلدۈرگەن. ھازىرچە بىز ئېرىشەلىگەن

مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە بولغان بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تارىخىدا داۋالاش ئەمەلىيىتى ۋە تەتقىقات نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تېبابەتشۇناسلىرى يازغان ئېنسىكلوپېدىيە، دەستۇر ۋە قوللانما شەكلىدىكى تېببىي ئەسەرلەرنىڭ سانىنىڭ 150 دىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيمىز. بۇ جەرياندا يەنە گرېكچە، ئەرەبچە، پارسچە، ھىندىچە، خەنزۇچە بىر قىسىم تېببىي ئەسەرلەرمۇ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تەتقىقاتى ۋە تەرەققىياتىغا خىزمەت قىلدۇرۇلغان.

ئادەم ئاناتومىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش تېبابەتچىلىك تارىخىمىزنىڭ يەنە بىر ئۆتۈقى ھېسابلىنىدۇ. مىلادىيە 8 ـ ئەسەردە ياشىغان ھەمدە تىبەت خانى چىزۇڭ`دېزەننىڭ تەكلىپى بىلەن لاساغا بېرىپ، ئوقۇتۇش ۋە داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان شىراخان (جانباشلاق) «تىرىك بەدەن ئۆلچەملىرى» ۋە «جەسەت رەسىم نۇسخىلىرى» دېگەن كىتابلارنى يازغان. (35) ھازىرچە بۇ كىتابلاردىكى تېببىي بىلىملەرنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىپ بېرىش ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى يورۇتۇپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولمىساقمۇ، ئۇلارنىڭ ئادەم ئاناتومىيىسىگە ۋە تاشقى كېسەللىكلەرگە دائىر يېزىلغان كاتتا ئەسەرلەر ئىكەنلىكىنى كىتابنىڭ ئىسمىدىنلا بىلىشكە بولىدۇ. بۇ بىزگە ئاناتومىيىنىڭ مىلادىيە 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەسلەپكى دەۋر تارىخىنى يازغاندا شىراخاننىڭ ئىسمىنى چوقۇم گالىنۇس (128 ـ 199)، رازى (854 ـ 932) ۋە ئىبن سىنا (980 ـ 1037) بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئوپېراتسىيە قىلىش ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم ئۆتۈقلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. تاڭ دەۋرىدە يېزىلغان بەزى ئەسەرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ مېڭە ۋە كۆز ئوپېراتسىيىسى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىدىن مەلۇمات بېرىلگەن. مەنبەلەردە يەنە مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر تىۋىپى ئىمامىددىن قەشقەرىينىڭ ئوپېراتسىيىگە تولىمۇ ئۇستا ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە بولسا بۇنىڭدىن ناھايىتى بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيىسىدە يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكى كۈچلۈك پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاندى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن، ئارخېئولوگلار قۇمۇل، پىچان، تۇرپان، خوتۇنسۇمۇل ۋە موڭغۇلكۈرەدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن باش ـ مېڭە سۆڭەك، داس سۆڭەك، كۆكرەك ۋە قورساق ئوپېراتسىيىسى قىلىنغان ھەمدە ئوپېراتسىيە قىلىنغان جايلىرى يىپ، قىل (ئات قىلى) ۋە چاچ قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئۇچۇشلۇق ۋە ئۈنۈملۈك تىكىلگەن 20 دىن كۆپرەك جەسەتنى قېزىپ چىقاردى ھەمدە بۇ جەسەتلەرنىڭ يىل دەۋرىنىڭ بۇنىڭدىن 2000 ـ 3000 يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى دەلىللىدى.

دېمەك، ئىسلامىيەتكە قەدەر بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئۆزىنىڭ مۇكەممەل نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنى ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك داۋالاش تەجرىبىسىنى يارىتىپ، ئېڭىقچىلىق، چېچەك، كىزىك، كۆزگە پەردە چۈشۈش، ئاشقازان ياللۇغى، قان تولغاق، زۇكام، جاراھەتلىنىش، داغ چۈشۈش قاتارلىق كېسەللىكلەردىن تارتىپ، بەرەس قاتارلىق تېرە كېسەللىكلىرى، يۈرەك، مېڭە كېسەللىكلىرى، ئىچكى ـ تاشقى كېسەللىكلەرگىچە، ھەتتا ماسساژ قىلىش، سۆڭەك ئۇلاش، ئوپېراتسىيە قىلىش، جەسەت يېرىپ كۆرۈش، جەسەت مۇمىيالاشقىچە بولغان ساھەلەردە ۋە ھەرخىل ئوزۇقلۇق، گىياھلىق، پارلاندۇرۇلغان، قىد-

ياملىق، زەھەرلىك دورىلارنى ئىشلىتىشتىن سامساق - ھاراق - ئاچچىق تاش دېزىنفېكسىيەسى، گۈڭگۈرت كىسلاتاسى، بروم كىسلاتاسى، كۈمۈشلۈك بروم كىسلاتاسى چىقىرىشقىچە بولغان تۈرلەردە زور نەتىجىگە ئېرىشكەن.

ئىدىقۇت خانلىقى ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىنمۇ نۇرغۇن تېبابەت خادىملىرى يېتىشىپ چىقىپ ئۇيغۇر تېبابىتىنى داۋاشتۇرۇش تەرەققىي قىلدۇرۇشقا زور كۈچ قوشتى. مىلادىيە 14 - ئەسىردە ياشىغان نورۇز ئاخۇن ياركەندى، قەمەرىددىن، 16 - ئەسىردە ياشىغان موللا ئارىپ خوتەنى، سۇلتان ئەلى، 17 - ئەسىردە ياشىغان مەنسۇر ئەللامى، 18 - ئەسىردە ياشىغان ئوسمانبەگ ۋە مۇراتبەگ، خوجا رەھىم ئاخۇن، مەۋلانە سەئىد ئەللامە يەركەندى، 19 - ئەسىردە ياشىغان سوپاخۇن، لوقمان ھەزرىتىم، سەئىد مۇختار بۇلاقبەگ، جامالىددىن ئاقسارايى، مۇھەممەد رەھىم شاھ بۇۋا ھەمدە ئاشۇ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋە 20 - ئەسىردە ياشىغان تەجەللى، تۇردىھاجى، يۇسۇپھاجى قەشقەرى، ئېلىخان ھەزرىتىم ۋە ئابلىمىت يۇسۇپ داموللا قاتارلىقلار ئۇيغۇر تېبابىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا زور ئەجرى سىڭگەن تېبىبىي ئالىملاردۇر. بۇ ئالىملارنىڭ تەتقىقاتى ۋە داۋالاش تەجرىبىلىرى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تېبابىتى بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا بۈگۈنكى كۈندىكى غەرب مېدىتسىناسىمۇ ئېرىشەلمىگەن مۇھىم رېتسېپلارغا ئىگە بولدى.

تارىخشۇناسلارنىڭ دەلىللىشىچە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان تېبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك مەدەنىيىتى مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىردىن تارتىپلا شەرق ۋە غەربتىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. گرېكلەرنىڭ تېبابەت نەزەرىيىسى ۋە ھىپپوكراتنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر ھەققىدىكى بىلىمىنىڭ شەكىللىنىشىدە، خەنزۇ دورىگەرچىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا، مىلادىيە 8 - 13 - ئەسىردە ئىسلام تېبابەتچىلىكىدىكى گۈللىنىش ۋەزىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە، تىبەت، موڭغۇل، قىتان، تاڭغۇت، جۇرجىت ۋە كورىيان تىبابەتچىلىكىنىڭ شەكىللىنىشىدە، شۇنىڭدەك ھىندى تېبابىتىنىڭ يەنىمۇ يۈكسىلىشىدە ئۇيغۇر تېبابىتىدىن ئېلىنغان تەركىبلەر ۋە ئۇيغۇر تىبابەت ئالىملىرىنىڭ نەتىجىلىرى بەلگىلىك دەرىجىدە رول ئوينىغان. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر تېبابىتىمۇ بۇ مىللەتلەرنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى تەرەققىياتىدىن بەزى ئىلغار ئامىللارنى قوبۇل قىلغان. بۇ خىل تەسىر كۆرسىتىش ۋە قوبۇل قىلىش مۇناسىۋىتىنىڭ نىسبىتىدە بولسا ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ سىرتقا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۇنىڭ سىرتتىن قوبۇل قىلغان تەركىبلىرىدىن ئۈستۈن تۇرغان.» ㊱

بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ قويۇش كېرەككى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ئۇيغۇرلار يىپەك يولى ئالاقىسى شەكىللەنگەندىن كېيىن، بۇ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا تېبابەتچىلىك ئالاقىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ۋاستىگە ئايلانغان. ئېلىپ ئېيتساق، ھىندىستاننىڭ، ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ 40 خىلدىن ئارتۇق دورا ماتېرىياللىرى ئۇيغۇرلار ئارقىلىق جۇڭگو (خەنزۇ) تېبابىتى ساھەسىگە ئېلىپ كىرىلدى. كارۇشتى، بىراھمى، سانسكرىت ۋە سوغدى يېزىقلىرىدا يېزىلغان بىر قىسىم تېببىي كىتابلار ئۇيغۇر ئالىملىرى تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىدى. خەنزۇ تېبابىتىدىكى قۇرۇق يىڭنە بىلەن داۋالاش تېخنىكىسى ۋە تومۇر تۇتۇشنىڭ بەزى ئۇسۇللىرى ئۇيغۇرلار ئارقىلىق ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيا-

غا، ئۇنىڭدىن كېيىن غەربىي ئاسىياغا ۋە غەرب ئەللىرىگە تونۇشتۇرۇلدى. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، موڭغۇللار تەرىپىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر تىۋىپلىرى ۋە دورىگەرلىرىنىڭ سانى 200 دىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى موڭغۇل ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدا ۋە ھەردەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن. يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك، بۇلار موڭغۇل تېبابىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە خەنزۇ تېبابىتىنى موڭغۇللارغا تونۇشتۇرۇشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىزەر، يۇچۇرنىچ قايا، يەھيا، ئەنزۇڭ، بولمىش ئوغلى ئاشۇ، ماينۇ، چاقاي، ئارغۇن سارىق، تارىم، ئىجات يارى، دارىما قوجۇ، يۇجۇ، سادىرمىش، سەۋىنىچ قىيا، تۆمۈر تۆۋرۈك، قوسقوي قاتارلىقلارنىڭ ئىسمى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. مىلادىيە 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە يۈەن سۇلالىسىنىڭ كورىيىنى ئىشغال قىلىشى بىلەن، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تېبابەتچىلىكى بىلەن بىرگە خەنزۇ تېبابەتچىلىكىنىمۇ كورىيىگە ئېلىپ باردى. ㊲ دېمەك، ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇيغۇرلار خەلقئارادا تېبابەت بىلىمىنى تارقاتقۇچىلار سۈپىتىدىمۇ تونۇلغان ئىدى.

مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت بەلگىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ياكى چېكىنىشىنى كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ھەرقانداق بىر مەدەنىيەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگۈچى سىياسىينىڭ ـ ھاكىمىيەتنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تونۇش، ئىشەنچ ۋە ئېتىبار مەسىلىسى بەلگىلەيدۇ. تونۇش، ئىشەنچ كۈچەيسە ۋە ئېتىبار بېرىش تەدبىرى ـ سىياسىتى يۈرگۈزۈلسە، سەل قارالغان ۋە ئۇنتۇلۇشقا يۈزلەنگەن ھەرقانداق بىر مەدەنىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچى قايتىدىن جانلىنىپ، تېز ئارىدا گۈللەنگەن بىر مەدەنىيەت مۇھىتى شەكىللىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بەلگىلىك تەسىر كۈچىگە ئىگە ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ۋە تەرەققىياتىمۇ، ئەلۋەتتە مۇشۇ ئامىللارنىڭ ئىنچىل ھالدا بىرىكىشىگە باغلىق بولىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① مەخمەت بايراقتار: «ئىسلامدا بىلىم ۋە تېخنىكا تارىخى»، تۈركچە، 218 ـ بەت، 2000 ـ يىل، ئەنقەرە.

② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «〈قۇتادغۇ بىلىك〉 غەزىنىسى»، ئۇيغۇرچە، 425 ـ بەت، 2000 ـ يىلى، ئۈرۈمچى.

③⑨⑰⑱⑲⑳㉑㊱ سۇھەيل ئۈنۋەر: «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت»، ئۇيغۇرچە، 3 ـ، 36 ـ، 42 ـ، 43 ـ، بەتلەر، 1997 ـ يىلى، ئۈرۈمچى.

④ «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» («فارابى» ماددىسى) تۈركچە، 16 ـ توم، 106 ـ بەت، 1968 ـ يىلى، ئەنقەرە.

⑤ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، ئۇيغۇرچە، 278 ـ بەت، 1985 ـ يىلى، ئۈرۈمچى.

⑥ «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» («بىزانىسلاردا ئىلىم» ماددىسى)، تۈركچە، 7 ـ توم، 88 ـ بەت، 1969 ـ يىلى، ئىستانبۇل.

⑦ ئا. دىلئاچار: «〈قۇتادغۇبىلىك〉 تەتقىقاتى»، تۈركچە، 147 ـ بەت، 1988 ـ

يىلى، ئەنقەرە.

⑦ ⑯㉗㉘㉝㉟ ۋاڭ شياۋ شيەن: «يىپەك يولى تېبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك ئالاقىسى ھەققىدە تەتقىقات»، خەنزۇچە، 157 ـ، 162 ـ، 167 ـ، 218 ـ، 219 ـ بەتلەر، 1998 ـ يىلى، ئۈرۈمچى.

⑩ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» («قاراخانىيلار» ماددىسى)، تۈركچە، 6 ـ توم، 261 ـ بەت، 1977 ـ يىلى، ئىستانبۇل،

⑪ شېففېي (ئامېرىكا): «تاڭ دەۋرىدىكى چەت ئەل مەدەنىيىتى»، خەنزۇچە، 398 ـ بەت، 1995 ـ يىلى، بېيجىڭ.

⑫ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، («ئىبن سىنا» ماددىسى)، تۈركچە، 5 ـ توم، 1 ـ قىسىم، 820 ـ بەت، 1968 ـ يىلى، ئىستانبۇل.

⑬ ئىبراھىم ئاگاھ چۇبۇكچۇ: «مەدەنىيەت تارىخىمىزدا دىن»، «بەللەتەن»، تۈركچە، 1990 ـ يىلى، 210 ـ سان، 781 ـ بەت.

⑭ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» («بىرۇنى» ماددىسى)، تۈركچە، 2 ـ توم، 635 ـ بەت، 1979 ـ يىلى، ئىستانبۇل.

⑮㉙ سىدىق رەخمەت، مۇختار مامۇت مۇھەممىدى: «مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرى»، ئۇيغۇرچە، 42 ـ، 43 ـ، 117 ـ بەت، 1997 ـ يىلى، قەشقەر.

㉒ «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى»، ئۇيغۇرچە، 1 ـ توم، 27 ـ بەت، 1985 ـ يىلى، بېيجىڭ.

㉓㊲ خې سولېي (كورىيە): «ئىسلام ۋە تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ يىراق شەرققە تارقىلىشى»، تۈركچە، 172 ـ بەت؛ 1988 ـ يىلى، ئەنقەرە.

㉔ ئارسلان تېرزى ئوغلى: «تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاندا قۇرغان دوختۇرخانىلىرى»، 1 ـ، 11 ـ، بەتلەر، 1981 ـ يىلى، ئەنقەرە.

㉕ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» («ھېرات» ماددىسى)، تۈركچە، 4 ـ توم، 437 ـ بەت، 1948 ـ يىلى، ئىستانبۇل.

㉚ «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» («مۇمىيا» ماددىسى)، تۈركچە 24 ـ توم، 410 ـ بەت، 1976 ـ يىلى، ئەنقەرە.

㉛ لى يەنشۇ: «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، ئۇيغۇرچە، 428 ـ بەت، 2002 ـ يىلى، ئۈرۈمچى.

㉜ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى»، ئۇيغۇرچە، 281 ـ بەت، 3993 ـ يىلى، بېيجىڭ.

㉖㉞ نىزامىددىن ھۈسەيىن: «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۇچېركلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1988 ـ يىلى، 5 ـ سان، 23 ـ، 25 ـ، 26 ـ بەتلەر.

(ئاپتور: قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئۇيغۇر تېبابەت ـ سۆڭەك دوختۇرخانىسى ئىچكى بۆلۈم مۇدىرى، باش ۋراچ)

# «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەخلاقىي دەۋەتلەر

يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

## بسم الله الرحمن الرحيم

### قوشنىدارچىلىقنىڭ ئەخلاقىي تەلەپلىرى

«قۇرئان كەرىم» دىكى دەۋەتلەردە ئەڭ زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان مەزمۇننىڭ بىرى ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كىشىلەرنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ھالدا تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىكى يادرولۇق تەلەپ ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، بىر - بىرىگە ياخشىلىق قىلىش، يامانلىق قىلماسلىق ۋە زىيان سالماسلىق تەلىپىدىن ئىبارەت. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا - ئاناڭلارغا، خىش - ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قول - چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ.»① ئاللاھ سانىغان يۇقىرىقى كىشىلەر مۆمىنلەرگە بۇيرۇلغان ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق كىشىلەردۇر. بۇ دەۋەتنىڭ ئىچىدە يىراق ۋە يېقىن قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئاللاھ مۆمىنلەرگە تاپشۇرغان قوشنىدارچىلىق ھەققى توغرىسىدىكى ئومۇملاشتۇرۇلغان دەۋەتتۇر. ئۇنداق بولسا قوشنا دائىرىسىگە قانچىلىك ئائىلە كىرىدۇ؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قوشنا توغرىسىدا توختالغاندا ھەربىر ئائىلىنىڭ ئوڭ - سول ئالدى ۋە ئارقىسىدىكى بىرىنچى ئائىلىدىن قىرىقىنچى ئائىلىگىچە قوشنا ھېسابلىنىدۇ، دېگەن. بۇنداق مۇناسىۋەت ئارقىلىق پۈتۈن جەمئىيەت بىر گەۋدىگە ئايلىنىدۇ، ھەربىر ئائىلىدە قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش ھەققى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت كۈچىيىدۇ. ئۆزئارا ھەمكارلىق، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈش، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىش، بىر - بىرىگە مەسئۇل بولۇش، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت ئاجايىپ ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات بارلىققا كېلىدۇ. قوشنىلار بىر - بىرىگە خىيانەت قىلىشمىسا شۇنداق خاتىرجەم، ئىناق، بەخت - سائادەت قارار تاپقان جەمئىيەت ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كەڭ، ئازادە تۇرالغۇ جاي، سالىھ قوشنا ۋە بەھۇزۇر مىنىدىغان ئۇلاغنىڭ بولۇشى مۇسۇلمان كىشىنىڭ سائادىتىدۇر.»② ئەگەر تۇرمۇشتا باشقا شەرتلەر تولۇق ھازىرلانغان بولسىمۇ، لېكىن قوشنا ناچار چىقىپ قالسا، تۇرمۇشنىڭ ھوزۇرى بولمايدۇ، خاتىرجەملىك، تىنچلىق بولمايدۇ، ئۇرۇش - جېدەل قۇرىمايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇڭا، قوشنىنى ياخشى تاللاشقا دەۋەت قىلغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللا-

① «قۇرئان كەرىم»، 4 - سۈرە نىسا، 36 - ئايەت.
② بۇخارىينىڭ «ئەدەبۇل مۇفرەد» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

ھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دۇئا قىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان: «ئى ئاللاھ، مەن ياشايدىغان يەردىكى يامان قوشنىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ بېرىشىڭنى تىلەيمەن، پانى دۇنيادىكى يامان قوشنىنىڭ يامانلىقىدىن پەقەت كۆچۈپ كېتىپلا قۇتۇلۇشۇڭ مۇمكىن.»① يۇقىرىقى ھەدىستە رەسۇلۇللاھ كۆزدە تۇتۇۋاتقان پاناھلىق تىلەش ھەم بۇ دۇنيادىكى ھەم ئۇ دۇنيادىكى يامان قوشنا بىلەن بىرگە بولۇپ قېلىشنىڭ ئۇقۇبىتىدۇر. مۇھەددىسلەرنىڭ ئىزاھلىشىغا ئاساسلانغاندا، رەسۇلۇللاھ تىلغا ئالغان «مەن ياشايدىغان يەردىكى» دېگەن سۆز قەبرىستانلىقنى، يەنى ئاخىرەتنى ئىشارە قىلغان، كېيىنكىسىدە بۇ دۇنيادىكى يامان قوشنا نەزەردە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، يامان قوشنىنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنى دوزاختۇر. شۇڭا، ھەرقانداق بىر مۆمىن يامان قوشنىغا قوشنا بولۇپ قېلىشتىنمۇ پاناھ تىلەش كېرەك، يامان قوشنا بولۇپ قېلىشتىنمۇ پاناھ تىلەش كېرەك. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «قايسى بىر كىشىنىڭ يامانلىقى ۋە ئازار بېرىشىدىن قوشنىسى ئارام تاپالمىغان بولسا، ئۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ.»② يەنە مۇنداق دېگەن: «قايسى بىر قوشنا ئۆز قوشنىسىغا زۇلۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆز قەبىلىسىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلسا، ئەلۋەتتە ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ.»③ ئۆز قوشنىسىغا زۇلۇم قىلىپ، يەنى ئۇنى بوزەك قىلىپ، يامان تىللار بىلەن دىلىغا ئازار بېرىپ، غەيۋىتىنى قىلىپ، كۆزىگە ئىلماي، يوغانلىق قىلىپ، بىر نەرسىلىرىنى ئېلىۋېلىپ قاخشىتىپ، شۇ مەھەللىدىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان بولسا، شۇ يامان قوشنىغا ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشنىسىنىڭ زۇلۇمىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەن بىر كىشىنى قوشنىسى بىلەن ياراشتۇرغان بىر ۋەقەنى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشى رەسۇلۇللاھقا: ‹ئى رەسۇلۇللاھ، مېنىڭ بىر قوشنام بار، ئۇ ماڭا كۆپ ئازار بېرىدۇ› دەپ شىكايەت قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: ‹سەن ئۆيۈڭگە بېرىپ ئۆي سەرەمجانلىرىڭنى، ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرىڭنى كوچىغا ئاچىقىپ قوي› دەپ مەسلىھەت بەردى. ئۇ ئۆيىگە بېرىپ رەسۇلۇللاھ بۇيرىغاندەك ئۆيىدىكى نەرسىلەرنى كوچىغا چىقىرىپ قويدى. كىشىلەر يىغىلىشىپ، ‹بۇ نېمە ئىش، نېمە ھادىسە يۈز بەردى؟› دەپ سوراشقاندا، ئۇ بولغان ۋەقەنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار: ‹ئۆز قوشنىسىغا ئازار بەرگەن مۇنداق قوشنىغا ئاللاھتائالانىڭ لەنىتى بولسۇن› دەپ يامان دۇئا قىلىشقا باشلىدى. بۇ ماجرادىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغان ھېلىقى يامان قوشنا ئۆزى كېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتتى ۋە: ‹بىساتلىرىڭنى ئۆيۈڭگە ئەكىرىپ كەتكىن، مەن ساڭا قىلچە ئازار بەرمەيمەن› دەپ قەسەم ئىچتى.»④ قوشنىسىغا ئازار بېرىشنى، قوشنىسىنى رەنجىتىشنى راۋا كۆرگەن، ھەتتا قوشنىسىنىڭ كۆچۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغۇچى كىشىگە ئاللاھمۇ لەنەت قىلىدۇ، كىشىلەرمۇ لەنەت قىلىدۇ.

خەلق ئارىسىدىمۇ قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبىلەر توپلانغان. ئۇيغۇرلاردا «ئۆي ئالماقچى بولساڭ قوشناڭغا قارا، يەر - زېمىن ئالماقچى بولساڭ سۈيىنى ئارا»، «يىراقتىكى تۇغقاندىن، يېقىندىكى قوشنا ياخشى» دېگەن ماقال - تەمسىللەر ئاللاھ دەۋەت قىلىۋاتقان قوشنىلار ئارا ياخشى ئۆتۈش، قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدىكى ھەقىقەتنىڭ رېئال تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشى ئىدى.

---

① بۇخارىنىڭ «ئەدەبۇل مۇفرەد» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.
② بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
③ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
④ بۇخارىنىڭ «ئەدەبۇل مۇفرەد» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن، ھەر - ھەرىگە ھاجەتمەن بولۇپ ياشايدۇ. بولۇپمۇ قوشنىلار ئارا ھەر - ھەرىگە لازىم بولىدىغان ئىش ھەرقاچان ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئائىشە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) رەسۇلۇللاھتىن: «ئى رەسۇلۇللاھ، مېنىڭ ئىككى قوشنام بار، سوۋغىنى ئۇلاردىن قايسىسىغا بەرسەم بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، «قايسىسىنىڭ ئىشىكى ساڭا يېقىنراق بولسا شۇنىڭغا بەر» دېگەن. بۇ يەردە رەسۇلۇللاھ قايسى قوشنا باي بولسا ياكى ئەمەلدار بولسا، قايسى قوشنا سېنىڭ يۇرتلۇقۇڭ بولسا شۇنىڭغا بەر، دېمەي، بەلكى قايسىسىنىڭ ئۆيى ساڭا يېقىن بولسا شۇنىڭغا بەر، دېگەن. چۈنكى، يېقىن قوشنىنىڭ ھەققى يىراق قوشنىنىڭ ھەققىدىن يۇقىرىراق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىن قوشنىغا بولغان ھاجەتمەنلىكمۇ كۆپ بولىدۇ.

ئۇنداقتا قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەققى نېمە، ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان ئەخلاقىي تەلەپلەرنىڭ مەزمۇنى قايسى تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ؟

بىرىنچى، قوشنىدارچىلىق ئەخلاقى ئىسلام ئەقىدىسىدە مۆمىنلەرنىڭ دىنىي ئەقىدىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە تەۋسىيە قىلىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم» نىڭ 107 - سۈرە مائۇندا قوشنىدارچىلىق ھەققىنى ئادا قىلمىغان ئادەمنى دىنىنى ئىنكار قىلغان يامان قوشنا دەپ ئەيىبلىگەن: «دىنىنى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟»[1]، «شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ، نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ، ئۇلار قولىقا بەرمەيدۇ.»[2] كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئاللاھ قوشنىلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشنى خالىمىغان، ئۇلارغا قولىقا بېرىپ تۇرمايدىغان ئادەمنىڭ ئوقۇغان نامىزىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتىدۇ. تۆۋەندىكى ھەدىستە يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەنىسى ۋە قاراتمىلىقى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈلگەن: «ئى رەسۇلۇللاھ، پالانچى خوتۇن كېچىلىرى تۇرۇپ ئىبادەت قىلىدۇ، كۈندۈزلىرى روزا تۇتىدۇ، كىشىلەرگە خەير - ئېھسان ۋە باشقا ياخشىلىقلارنى قىلىپ تۇرىدۇ، بىراق يامان تىل بىلەن قوشنىسىغا ئازار بېرىدۇ، بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ، دەپ سورىغۇچىغا رەسۇلۇللاھ: ‹بۇ خوتۇنغا ياخشىلىق يوق، ئۇ دوزاخ ئەھلىدۇر› دېگەن. ئۇلار يەنە ‹پالانچى خوتۇن پەرز نامازنى ئوقۇيدۇ، كونا كىيىم - كېچەكلەرنى سەدىقە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ھېچ كىشىگە ئازار بەرمەيدۇ› دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: ‹ئۇ خوتۇن جەننەت ئەھلىدۇر.› دېگەن»[3] دېمەك، بىرى ئىبادەتنى شۇنداق تولۇق ھەتتا ئاشۇرۇپ قىلىدىكەن، بىراق قوشنىسىغا يامان تىل بىلەن ئازار بېرىدىكەن، يەنە بىرى پەقەت پەرز نامازلارنىلا ئوقۇيدىكەن، ئىبادەتتە، خەير - ساخاۋەتتە يۇقىرىقى ئايالدىن تۆۋەن تۇرىدىكەن، بىراق ئالدىنقىسىنىڭ ئىبادىتى ئاللاھ دەرگاھىدا قوبۇل بولمايدىكەن، قوشنىسىغا ئازار بەرگەنلىكى ئۈچۈن دوزاخقا كىرىدىكەن. ئىككىنچىسى گەرچە ئىبادەتنى تولۇق ئادا قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر ئادەمگە ئازار بېرىشنى راۋا كۆرمەيدىكەن، قوشنىلار بىلەن يارىشىپ ئۆتىدىكەن، شۇڭا ئاللاھ ئۇ ئايالنى تەقۋادار ئاياللار قاتارىدا جەننەتكە كىرگۈزىدىكەن. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، قوشنىسىغا ئازار بېرىشتىن ھايا قىلمىغان ھەرقانداق ئەر ۋە ئايال ھەرقانچە تەقۋادار بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرى بىكار قىلىنىدىكەن. بۇنىڭدىن قوشنىدارچىلىق ھەققىنى ياخشى ئادا قىلىشنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى ساۋاپقا ئىگە قىلىدىغان ياخشى ئەخلاق ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

ئىككىنچى، قوشنىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش، قوشنىدارچىلىقنىڭ مۇھىم ھەق-

---

[1] «قۇرئان كەرىم»، 107 - سۈرە، مائۇن، 1 - ئايەت.
[2] «قۇرئان كەرىم»، 107 - سۈرە، مائۇن 4 — 7 - ئايەتلەر.
[3] بۇخارى «ئەدەبۇل مۇفرەد» تىن.

لىرىدىن بىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «يېنىدىكى قوشنىسى ئاچ تۇرۇپ، ئۆز قورسىقىنى تويغۇزۇپ يۈرىدىغان ئادەم كامىل مۆمىن ئەمەس»① يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «ھەجنىڭ قوبۇل بولۇشى» دېگەن ھېكايە كۆپلىگەن ئادەملەرگە تونۇشلۇق. ھېكايىدا تەسۋىرلەنگەن ۋە تەرىپلەنگەن موزدۇز ئۇزۇن يىل جاپا - مۇشەققەت بىلەن ئىشلەپ تاپقان تاپاۋىتىنىڭ بىر قىسمىنى تۇرمۇش خىراجىتىگە ئىشلىتىپ، بىر قىسمىنى ھەج سەپىرى ئۈچۈن يىغىپتۇ. بىراق ھەجگە جابدۇنغان يىلى تاسادىپىي پۇرسەتتە قوشنىسىنىڭ يامان كۈنگە قالغانلىقى، ھەتتا يوقسۇزلۇقتىن ھارام گۆشنى يېيىشكە مەجبۇر بولغانلىقىدىن ۋاقىپ بولۇپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەجگە بېرىش نىيىتىدىن يېنىپ، ھەجگە يىغقان پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى قوشنىسىغا بېرىۋېتىپتۇ. بىراق ئاللاھ ئۇ ئادەمنىڭ چىن ئەقىدە - ئىخلاسىنى ۋە پەزىلىتىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، شۇ يىلى ئۇ موزدۇزنىڭ ھەج تاۋىپىنى قوبۇل قىلىپ، زور ساۋابقا ئىگە قىلىپ قالماي، بەلكى شۇ موزدۇزنىڭ دىيانىتىنىڭ خاسىيىتى بىلەن شۇ يىلى ھەجگە بارغان بارلىق ھاجىلارنىڭ ھەجىنىڭ قوبۇل بولغانلىقى توغرىسىدا بېشارەت بېرىپتۇ. مانا بۇ رىياسىز قىلىنغان چىن ھەجدۇر.

ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە بىر قىسىم «ھاجىلار» ھەجنى رىيا بىلەن قىلىپ، ئۇنىڭ ئەجرى - ساۋابىنى يويۇۋاتىدۇ. ئۇلار خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىدىغان ھەجنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھەج قىلىشنى پەقەت ئويۇن - تاماشا، ساياھەت قىلىپ شەھەر كۆرۈش ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، نۇرغۇن پۇلنى شامالغا سورۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئابرۇي - ئاتاق قوغلىشىپ، بايلىقىنى كۆز - كۆز قىلىپ كەلگەن بىلەن ئەتراپىدا قىلىشقا تېگىشلىك ھەجدىنمۇ مۇھىم، ساۋابلىق ئىشلارغا كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ بارىدۇ. ئۇلار كۆرمەمدۇكى، ئەتراپىدا يېقىن قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىدە ئىقتىسادى يار بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئوقۇيالماي نادان قېلىۋاتقان مەسۇم بالىلارنىڭ نابۇد بولۇپ كېتىپ بارغانلىقىنى؟! بەزىلەر پۇل بولمىغانلىقى سەۋەبلىك تۇرمۇشلۇق بولالمايۋاتسا، يەنە بەزىلەر ئىقتىسادى يار بەرمەي كېسىلىنى داۋالىتالماي ئۆلۈپ كېتىۋاتسا، بۇ ئىشلارغا پەرۋا قىلماي، ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنماي، ئۇلارنىڭ ھالىغا يەتمەي قىلغان ھەجنى ئاللاھ قوبۇل كۆرەمدۇ؟ بەزىلەر ئۆيىدىكى شۇنچە نۇرغۇن مۇھىم ئىشلارنى تاشلاپ قويۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماي، بالىلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنىمۇ ئورۇنلىماي بىرەر ئادەمگىمۇ سەدىقە - ئېھسان قىلماي پۇل توپلاپ ھەجگە بېرىۋاتىدۇ. ھەجگە بېرىشنىڭ تەلىپى مۇنداق ئەمەس، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «پېقىرلەرنىڭ ھەجى جۈمە نامازدۇر» دېگەن. يەنە بەزى ھاجىلار باركى، ئۇلار گەرچە رەسۇلۇللاھ ئىسلام ئاچقان مۇقەددەس جاينى تاۋاپ قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يامانلىقتىن، گۇناھلىق ئىشلاردىن قولىنى تارتمىغان. مۇنداق رىياكار ھاجىلار توغرىسىدا شەيخ سەئدى مۇنداق بىر ئىبرەتلىك ھېكايىنى مىسال ئالىدۇ:

«بىر يىلى پىيادە ماڭغان ھاجىلارنىڭ ئارىسىدا جەدەل چىققان ئىدى، پېقىرمۇ شۇ سەپەردە ئىدىم. راستىنى ئېيتقاندا، بىر - بىرىمىزنىڭ باش - كۆزلىرىمىزگە تازا مۇشت چۈشۈردۇق، ھەرقانداق ئەسكىلىكنى قىلىشتىن يانمىدۇق. شۇ چاغدا كاجۇۋىدا ئولتۇرغان بىر ھاجىنىڭ ئۆز ھەمراھىغا دەۋاتقان مۇنۇ سۆزىنى ئاڭلاپ قالدىم: ئەجەب بىر ئىش! پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان پىيادە شاخمات تاختىسىنىڭ نېرىقى چېتىگە چىقسا پەرزىن بولىدۇ، يەنى بۇرۇنقىدىن ياخشى بولىدۇ، ئەمما پىيادە ماڭغان ھاجىلار چۆلنى كېسىپ باشقا چىققاندا، يامان بولۇشۇپ كېتىدىكەن!

① «سەھىھ ھەدىسلەر»دىن.

ئادەمنى چىشلىگەن، پوستىنىنى يىرتقان،
زالىمنى ھاجىغا كېيىت مېنىڭ نامىمدىن.
سەن ھاجى ئەمەسسەن، تۆگە ھاجىدۇر،
چۈنكى ئۇ يالتاق يەپ چىقار ھاجەتتىن.»①

ئېنىقكى، كىشىلەر ھاياتىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھىغا تۆۋە قىلىش، ئاللاھتىن گۇناھلىرىنى يۇيۇۋېتىشنى تىلەش، ياخشى، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشقا ئىلھام بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ھەجگە بارىدۇ. ئۇ يەردىن كېلىپ گۇناھلىق ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتمىسا، ئۇ ھەجنىڭ ساۋابى يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. «ئەيسانىڭ ئېشىكى ھەرەمگە بارسىمۇ، ئېشەك پېتى قېلىۋېرىدۇ.» دېيىلگەندەك ئۇنداق ئۈنۈمسىز، ئەھمىيەتسىز ھەجنىڭ نېمە كېرىكى.

ئۈچىنچى، قوشنىلار قوشنىلارغا ئامانەتتۇر. ئامانەتكە خىيانەت قىلىش نەچچە ھەسسە ئارتۇق گۇناھقا پاتۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ بىرى قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلىش، يەنە بىرى ئامانەتكە خىيانەت قىلىشتۇر. قۇرئاننىڭ مۇبارەك ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ روھىغا قارىغاندا قوشنىلارنىڭ قوشنىلاردىكى ھەققى تۇغقانلارنىڭ ھەققىگە ئوخشاش ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغانلىقىنى، ھەتتا قوشنىلارنىڭ قوشنىلارغا ئامانەت قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇ نۇقتىدا مۇنداق بىر قانچە مۇھىم دەۋەتلەرنى نەزەردە تۇتۇمىز.

بىرى، جابىر ئىبن ئابدۇللا رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: «رەسۇلۇللاھ ئىلگىرى جىنازا نامىزى ئوقۇلىدىغان يەردە — مۇقامى ئىبراھىمدا ئاق كىيىم كىيىۋالغان بىر كىشى بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرغان يەرگە بىر ئادەم كېلىپ، ئۆز قوشنىسىنىڭ كەلتۈرگەن زۇلۇمى توغرىسىدا شىكايەت قىلماقچى بولۇپ، مەقامى ئىبراھىم بىلەن رۇدوكنى يەمەنى ئارىسىدا ئولتۇردى - دە، دېدى: ‹ئى رەسۇلۇللاھ، ئاتا - ئانام سىزگە پىدا بولسۇن، يېنىڭىزدىكى ئاق كىيىم كىيگەن كىشى كىم بولىدۇ؟›، دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: ‹سەن ئۇنى كۆردۈڭمۇ؟ ساڭا كۆپ ياخشىلىق، بەرىكەتلەر كېلىپتۇ، ئۇ پەرىشتە ھەزرىتى جىبرىئىل ئىدى. جىبرىئىل (ئەلەيھىسسالام) ماڭا قوشنىدارچىلىق توغرىسىدا شۇنچە كۆپ تەكلىپ بەردىكى، مەن ھەتتا قوشنىلارنى بىر - بىرىگە مىراسخور قىلىش ھەققىدە ئاللاھ تائالادىن ۋەھيى كەلتۈرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم›، دېدى.»② بۇ ھەدىس بىزگە قوشنىلارنىڭ بىر - بىرىگە قانچىلىك ئەجرى بارلىقى، قوشنىدارچىلىق ھەققىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، ئاغرىق - سىلاق قاتارلىق ئىشلاردا ئەڭ ئەسقاتىدىغىنى يېقىن قوشنا. ئاددىيسى ئۆيىڭىزدە تۇز، كۆكتات قالمىغان بولسا شۇ قوشنىڭىزنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ چىقماسلىققا ئامال يوق ئەھۋاللار بولىدۇ. شۇڭا، قوشنىلارغا قىلىنغان ھەرقانداق ئالا كۆڭۈللۈكنىڭ ھەممىسى گۇناھ بولىدۇ.

يەنە بىر نۇقتىدا، ئاللاھ زىنانى ھارام قىلغان. ھەدىستە قوشنىلارنىڭ ئايالىغا بەدنىيەتتە بولۇش، ئۇلار بىلەن زىنا قىلىشنىڭ ئەڭ قەبىھ ئىپلاسلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئاللاھدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن: «رەسۇلۇللاھ ساھابىلەردىن: ‹زىنا نېمە؟›، دەپ سورىغانىدى، ئۇلار: ‹زىنا قىلىش ھارام، ئۇنى ئاللاھتائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھارام›، دەپ كۆرسەتكەن، دېيىشتى.

① شەيخ سەئدى: «گۇلىستان»دىن.
② بۇخارىنىڭ «ئەدەبۇل مۇفرەت»تىن.

رەسۇلۇللاھ: «ئون خوتۇن بىلەن زىنا قىلىش قوشنىسىنىڭ خوتۇنى بىلەن زىنا قىلغان گۇناھتىن يەڭگىلرەكتۇر» دېدى. ئارقىدىن يەنە: «ئوغرىلىق ھەققىدە نېمە دەيسىلەر؟» دەپ سورىدى، ئۇلار: «ئوغرىلىقمۇ هارام، ئۇنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى هارام دەپ كۆرسەتكەن» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ: «ئون ئۆيگە ئوغرىلىققا كىرىش قوشنىسىنىڭكىگە بىر قېتىم ئوغرىلىققا كىرگەندىن يەڭگىلرەكتۇر» دېدى.»①ساھابىلەر رەسۇلۇللاھتىن: «ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قايسى گۇناھ ئەڭ چوڭ ھېسابلىنىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «ئاۋۋال ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، بېقىشتىن قورقۇپ بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق گۇناھلار»نى تىلغا ئالغاندىن كېيىن، «ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىش»② دېگەن. يۇقىرىقى دەۋەتلەردىن مەلۇم بولدىكى، زىنا قىلىش هارام ۋە قەبىھ - رەزىل ئىش، بىراق قوشنىلارنىڭ ئايالى بىلەن قىلىنغان زىنا ئۇنىڭدىن ئون ھەسسە رەزىل، قەبىھ گۇناھتۇر. چۈنكى، ئۇنداق قوشنا ئىنسانىي پەزىلەتتىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن مەخلۇق بولۇپ، ئۇلار بىر دەملىك شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى، نەپسى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئائىلىسىگە، مۇقەددەس نىكاھقا، قوشنىدارچىلىق ھەققىگە، ئىنسانىي پەزىلەتكە خىيانەت قىلىپ، ئاللاھنىڭ ئالدىغا قارا يۈز بېرىشتىن ئۇيatمىغان ئەخلاقسىز ھايۋانلاردۇر. قوشنىلارنىڭ قوشنىغا ئامانەت ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالغاندا ئۇلار ئامانەتكە خىيانەت قىلىش بىلەنمۇ قوش گۇناھكارلاردۇر. بىرى ئېرىگە، ئايالىغا خىيانەت قىلغان بولسا، يەنە بىرى، قوشنىدارچىلىق ئامانىتىگە خىيانەت قىلغان بولىدۇ. دېمەك، قوشنىلارنىڭ ھەرقانداق بىر نەرسىسىگە يامان نىيەتتە بولۇش كەچۈرگىلى بولمايدىغان قەبىھ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. كىشى ئۆز ئائىلىسىنى سىرتتىن كېلىدىغان خەۋپتىن ساقلاپ قالالىشى مۇمكىن، لېكىن قوشنىسى ناچار بولسا ئۇنىڭدىن كېلىدىغان خەۋپتىن ساقلاپ قېلىش تولىمۇ مۈشكۈل. بۇنىڭدىن ھەرقانداق بىر مۆمىن چوڭقۇر ساۋاق ئېلىشى، قوشنىلارنىڭ ئايالىغا، قىز بالىلىرىغا، كېلىن بالىلىرىغا ۋە باشقا ماددىي نەرسىلىرىگە يامان كۆزدە قاراشتىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئاللاھ بۇيرۇغان بۇ يوسۇن بۇزۇلۇپ كەتسە رەسۇلۇللاھ دېگەندەك قىيامەتنىڭ قايىم بولغىنى شۇ: «كىشى ئۆز قوشنىسىنى ... ئۆلتۈرىدىغان ۋاقىت كەلمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ.»③

يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئىنساپسىزلىقلار قوشنىسىنى ئۆلتۈرگەندىنمۇ قەبىھ ئىش ئەمەسمۇ.

تۆتىنچى، قوشنىلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىش، يامان گېپىنى قىلماسلىق، ياخشىلىق كۆرگەن بولسا ئۇنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىش يامانلىق تەرەپلىرى بولسا كىشىلەردىن يوشۇرۇش قوشنىدارچىلىقنىڭ يەنە بىرى پەزىلەت تەلىپىدۇر. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل يامان سۈپەت باردۇركى، ئۇلار مەنىۋى پېقىرلىقتىن ئىبارەتتۇر. بىرىنچى، يامان پادىشاھ، ياخشىلىققا شۈكۈر قىلمايدۇ، يامانلىقنى كەچۈرمەيدۇ، ئىككىنچى، (يامان) قوشنىدۇركى، سەندىن ياخشىلىق كۆرسە يوشۇرىدۇ، يامانلىق كۆرسە ئاشۇرىدۇ. ئۈچىنچىسى، يامان خوتۇندۇركى، بىللە بولساڭ ئازار بېرىدۇ، يوق بولساڭ خىيانەت قىلىدۇ.»④يۇقىرىقى ئىللەتلەرنىڭ قايسىسى مۇسۇلمانلاردا بولسا، ئۇنىڭ مۆمىنلىك دەۋاسى يالغان بولىدۇ. مۆمىن قوشنا ياخشىلىق قىلىدۇ، مىننەت قىلمايدۇ، كىچىككىنە ياخشىلىق قىلىپ قويۇپ، ئۇنى جار سېلىپ كىشىلەرگە

---

① بۇخارىنىڭ «ئەدەبۇل مۇفرەد»تىن.
② يۇقىرىقى كىتاب.
③ بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىسنىڭ بىر قىسمى.
④ «سەھىھ ھەدىسلەر»دىن ئېلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىلى نەشرى.

دەپ يۈرۈش پەزىلەتتىن يىراق ئىشتۇر. رىيا بىلەن قىلىنغان ياخشىلىق ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولمايدۇ. بەزىلەر شۇنداق ياخشى ئۆتۈپ كېلىپ، ئازراق مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالماي، بىر ئۆمۈر تىكلىگەن شانۇ - شەۋكىتىنى كىچىككىنە مەنپەئەتكە تېگىشىۋېتىدۇ، بۇ تولىمۇ ئىنساپسىزلىق بولمامدۇ؟! شۇڭا، بەزى چاغلاردا تەنتەكلىك قىلىپ ھايا پەردىسىنى يىرتىۋەتمەستىن، كەچۈر قىلىشنىمۇ بىلگەن قوشنا سالىھ قوشنىدۇر.

بەشىنچى، ئۆزئارا سوۋغا - سالام بېرىشىپ تۇرۇش، ئالاقىنى ئۈزۈپ قويماسلىق سالىھ قوشنىلارغا قويۇلغان يەنە بىر ئەخلاقىي تەلەپتۇر. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئى ئاياللار، قوشنائىلار بەرگەن سوۋغىنى قوينىڭ تۇيىقى چاغلىق بولسىمۇ ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلىڭلار.»① بۇ ھەم سۈننەت، ھەم ئەنئەنىۋى مىللىي ئادەتلىرىمىزنىڭ ياخشى بىر ئۈلگىسى. ئۆزئارا باردى - كەلدى قىلىپ تۇرۇش، قېرىنداشلىق مېھرى - مۇھەببەتنى ئۈزۈپ قويماسلىق ناھايىتى ياخشى ئىنسانىي ئەخلاق تەلىپى. بۇنداق مۇناسىۋەتنى ئۇيغۇر خەلقى «بار تاۋۇقىم، يان تاۋۇقىم، بولمىسا ئوتتۇرلىقتا سۇن تاۋۇقىم» دېگەن تەمسىل بىلەن ناھايىتى ئىخچام ئىپادىلىگەن.

ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا ئەقىدە - ئېتىقاد سۇسلاپ، مېھىر - مۇھەببەت كۆتۈرۈلۈپ كەتتىمۇ قانداق، بولۇپمۇ شەھەر ئائىلىلىرىدە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەت ۋە قوشنىدارچىلىق ئەنئەنىسى ئۇنتۇلۇپ كېتىپ بارىدۇ. مەن كىچىك چاغلاردا بىزنىڭ مەھەللىدە ئاش پىشقاندىن كېيىنلا قوشنىلار ئارا بىر - بىرىنىڭكىگە ئاش ئېلىپ چىقىشاتتى ياكى قوشنىلارنى ئاشقا چاقىرىپ بىرگە يېيىشەتتى. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئاشسىز قالغانلىقى، شۇ بىر قاچا ئاشقا مۇھتاج بولۇپ قالغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ قوشنىلارنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنى ئاشۇرىدىغان، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويمايدىغان ۋاستىلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇنداق ئىشلار ھازىر بارا - بارا يوقىلىشقا يۈز تۇتۇپتۇ. ھەتتا بەزى يەرلەردە شۇنچىلىك ياتلىشىپ كېتىپتۇكى، تاماق ئۈستىگە قوشنىلار كىرىپ قالسا، تاماققا كېلىڭ، دەيدىغان ئادەمگەرچىلىكمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتىپتۇ. شەھەرلەردىمۇ بۇنداق ئادەت ئاللىبۇرۇن ئەمەلدىن قالغان ئوخشايدۇ، ئەگەر بىرەر قوشنىغا بىر قاچا ئاشنى كۆتۈرۈپ كىرسە، بىزنى ئاچ قالدى دەپ، ئېشىپ قالغان ئاشنى ئەكىرگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئازار بېرىشى مۇمكىن، بۇنداق ئىشلار ھەقىقەتەنمۇ رېئال تۇرمۇشىمىزدا بولۇپ ئۆتتى. ئەمەلىيەتتە قوشنىلار ئارا سوۋغا - سالام بېرىپ تۇرۇش، ئۆزئارا قىچقىرىشىش، سەپەرگە چىققاندا يوللۇق تۇتۇشۇش، سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە ھاردۇق سوراش، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلاردا چاي بېرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۆمىنلەرنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك سۈننىتى، بۇ يەردىكى گەپ ھەرگىزمۇ سوۋغىنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشىدا، ئەرزىش - ئەرزىمەسلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئادىمىگەرچىلىكتە. ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ قۇربىتىگە يارىشا سىلە - رەھىم قىلىدۇ، قۇربىتىگە يارىشا سوۋغا - سالام قىلىدۇ. بۇ يەردە قوبۇل قىلىدىغان، قەدىرلىنىدىغان نەرسە، ماددىي نەرسىدىنمۇ كۆرە، مۇھىمى قوشنىلارنىڭ كۆڭلى. ھېچكىم يەنە بىر كىمنىڭ بېقىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ. شۇڭا، سوۋغا قىممەتلىك بولسا يورۇق يۈز ئېچىپ، سوۋغا دىتىغا ياقمىغان بولسا ئوچۇق چىراي ئاچماسلىق، كالپۇك پۇرۇپ، بەنىستىمەسلىك نەزىرىدە مۇئامىلە قىلىش دىيانەتلىك ئاياللارنىڭ ئىشى ئەمەس. دىيانەتلىك ئاياللار قوشنىلارنىڭ كۆڭلىنى مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ئوچۇق چىراي، گۈزەل تىل ئارقىلىق قوشنىلارنىڭ قىلغان كۆڭۈل ئىپادىسىگە چىن كۆڭلىدىن مىننەتدارلىق ئىپادىلەيدۇ. ھەرگىزمۇ قوشنىلارنى ئوڭايسىز ئەھۋالدا

① بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

قالدۇرىدىغان ناچار كەيپىياتنى ئىپادىلىمەيدۇ. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ: «ھەركىم ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنسە قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلسۇن، مېھماننى ھۆرمەت قىلسۇن، ياخشى، شېرىن سۆزلۈك بولسۇن، ئەگەر دەيدىغان ياخشى سۆزى بولمىسا، گەپ قىلىشتىن تىلىنى تارتسۇن.»[1] دېگەن. چىرايلىق مۇئامىلىدە بولۇش، يۇمشاق نېنى بولمىسا، يۇمشاق سۆزى بىلەن كۆڭۈلنى ئۇتۇشنى بىلىش، چىققاندا، كىرگەندە چىرايلىق سالاملىشىش ياخشى پەزىلەتتۇر. بىر - بىرىنى كۆرسىمۇ ھايۋاندەك ھېچقانداق بىر ئىپادە قىلماي، ئۆتۈپ كېتىش نېمە دېگەن يامان ئىش. ئەلىشىر نەۋائى يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسلىنىپ مۇنداق نەسىھەت قىلغان: «سەن كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلالمىساڭمۇ يامانلىق قىلما، يامانلىق قىلمىغانلىقىڭ ياخشىلىق قىلغانلىقىڭدۇر.»

ئالتىنچى، قوشنىلار كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇشلىرى كېرەك. تۇرمۇش دېگەن بىر خىللا ئۆتمەيدۇ. قوشنىلار ئارىسىدا بەزىدە زىتلىققا تېگىپ قالىدىغان ئىشلار، كۆڭۈل ئايىماي سادىر قىلىپ قويىدىغان ناچارلىقلار يۈز بېرىپ قېلىشتىن ساقلىنىش تەس، چۈنكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمايدۇ، خاراكتېر - مىجەزى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، سالىھ قوشنىنىڭ پەزىلىتى شۇكى، ئىمكان بار ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى، ياخشى سۆز، ياخشى مۇئامىلە بىلەن يامان ئىشنى ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرۇشى، نىزا - ئاداۋەتنى يارىشىشقا ئېلىپ بېرىشى، ئاداۋەت تۇتماسلىقى كېرەك. يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن ئازارلىنىشقا، كۆڭۈل رەنجىتىشكە ئەرزىمەيدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر قېتىم كېچىدە رەسۇلۇللاھنىڭ قوشنىسىنىڭ قويلىرى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ نانلىرىنى يەپ كېتىپتۇ، ئائىشە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) قوينىڭ ئاغزىدىكى ناننى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقاندا رەسۇلۇللاھ ئويغىنىپ قېلىپ: «مەيلى قوي، ئۇنىڭدىن قالغىنى يېتىدۇ، قوي توغرىسىدا گەپ قىلىپ قوشنىلارغا ئازار بەرمىگىن.»[2] دېگەنىكەن. مانا بۇ ئالىيجاناپ، سالىھ قوشنىنىڭ پەزىلىتى.

يەتتىنچى، قوشنىلار ھەسەتخورلۇق، پىتنە - پاسات تېرىش، غەيۋەت قاتارلىق گۇناھلىق ئىشلاردىن يىراق بولۇشلىرى كېرەك. يۇقىرىقىدەك ئىللەتلەر قوشنىدارچىلىق ئەخلاقىغا يامان تەسىر قىلىدىغان، داۋالاش تەس بولغان ساقايماس كېسەل. قوشنىلار بۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. ئەگەر شەيتان ئاراملىق بەرمەي، بۇ كېسەلگە گىرىپتار قىلماققا ئۇرۇنسا، ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتىنى روھىمىزغا، پەزىلىتىمىزگە شىپا قىلىشىمىز كېرەك: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ سىلەردىكى بىر - بىرىڭلاردىن ئارتۇق قىلغان نەرسىنى (ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئارزۇ قىلماڭلار.»[3] تۇرمۇشتا ھەممە ئادەم بىر خىللا تۇرمۇش كەچۈرمەيدۇ، بەزىلەرنىڭ تۇرمۇشى باياشاتراق، بەزىلەرنىڭ تۇرمۇشى نامراتراق بولىدۇ. بىراق ئۇنى ھەسەت قىلىش بىلەن ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ھەربىر ئادەمنىڭ ئىقبالىغا قاراپ، كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا قاراپ بېرىدۇ. بەزىلەرگە بەرگىنىنى، يەنە بىرىگە بەرسە كۆتۈرەلمەسلىكى مۇمكىن. ئادەمنىڭ ياشاش، بەخت يارىتىش، بەختتىن بەھرىمەن بولۇش ئىقتىدارى ئوخشاش بولمىغانغا ئوخشاش، نېمەتلەرنى كۆتۈرۈش ئىقتىدارىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، ھەسەت قىلىش، كۆز قىزارتىش بىلەن كۆڭۈلنى بىئاراملىق بالاسىغا سېلىشتىن نېمە پايدا؟! بۇنداق كېسەلدىن خالىي بولمىغاندا كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتكە ئېغىر تەھدىت

① بۇخارى رىۋايەت قىلغان «ئەدەبۇل مۇفرەد»تىن ئېلىندى.
② يۇقىرىقى كىتاب.
③ «قۇرئان كەرىم»، 4 - سۈرە نىسا، 32 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئېلىپ كېلىدۇ. غەيۋەت قىلىش، بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىن پىتنە - پاسات تارقىتىش قوشنىدارچىلىق ئەخلاقىغا ئېغىر نۇقسان كەلتۈرىدۇ. ئىنسان پەزىلىتىگە غەيۋەتتەك داغ چۈشۈرىدىغان يامان نەرسە يوق. شۇڭا، ئاللاھ غەيۋەتنى قېرىنداشلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ گۆشىنى يېگەن بىلەن باراۋەر دېگەن: «ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلەئىدىلەرگە ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھدۇر، مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار.»① ئاللاھ ئەسكەرتكەن يۇقىرىقى ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىنساني پەزىلەتلەرنى گۇمران قىلىدۇ. قوشنىلار خاتىرجەملىكنى ئارزۇ قىلسا، يۇقىرىقى ناچار، گۇناھلىق ئىشلاردىن خالىي بولۇشقا تىرىشىشى لازىم.

سەككىزىنچى، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدىكى ئىنساني پەزىلەت تەلەپلىرى يالغۇز دىنىي ئەقىدە زۆرۈرىيىتى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ ئادىمىيلىكنىڭ مۇھىم بەلگىسى. شۇڭا، ئىسلام ئەقىدىسىدە مۆمىنلەرگە قويۇلغان ئەخلاقىي تەلەپتە قوشنىلار، ھەتتا يات دىندا بولسىمۇ ئۇلار بىلەن ياخشى يارىشىپ ئۆتۈشكە دەۋەت قىلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنىدارچىلىق يوسۇنلىرىدا ماقال - تەمسىللەر ئارقىلىق ناھايىتى ياخشى ئۆلگىلەر كۆرسىتىلگەن ئىدى. مەسىلەن، «بۆرە ئۆز قوشنىسىنى يېمەس»، «تۈلكە ئۆزىنىڭ ئىنىگە قاراپ ھۈرمەس» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ مەنىدىن قارىغاندا قوشنىدارچىلىق ئەخلاقى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئەخلاقىي تەلەپ. ھەتتا ھايۋانلارمۇ قوشنىلىرى بىلەن ئىناق بولۇپ ياشىيالىغان، قوشنىسىغا خىيانەت قىلماي ياشىغان يەردە، ئىنسان قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتەلمىسە، ئىنسانلىق شان - شەرەپكە ھاقارەت قىلغان بولمامدۇ.

توققۇزىنچى، مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدىن ئۈستۈن قويۇۋالماسلىق كېرەك. ئەگەر قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى مەنپەئەت تەمەسى ئۈستىگە قۇرۇلۇپ قالسا مۆمىنلىك ئەقىدىسى بۇزۇلىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مال - دۇنيانى دوست تۇتقان، ئىنساني دوستلۇقنى تەرك ئەتكەن بۇنداق يامان قوشنىلارنى ئەيىبلەپ: «بىزنىڭ ياشلىقىمىزدا كۆرگىنىمىز شۇنداق ئىدىكى، ئۇ چاغلاردا ھېچبىر كىشى ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى باشقا مۇسۇلمان بۇرادەرلىرىدىن ئەزىزراق ھېسابلىمايتتى. ھازىر بولسا ھەربىرىمىز ئۈچۈن ئالتۇن - كۈمۈش ھەرقانداق مۇسۇلمان قېرىندىشىمىزدىن ياخشىراق بولۇپ قالدى. مەن رەسۇلۇللاھتىن ‹بىر قانچە كىشى قىيامەت كۈنى قوشنىلىرىنىڭ پېشىدىن تۇتۇپ، ئى رەببىم! بۇ قوشنام بېشىمغا كۈن چۈشكەندە ياردەم قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئىشىكىنى تاقىۋالغانىدى، دەپ دەۋا قىلىدۇ› دېگەن ھەدىسنى ئاڭلىغان ئىدىم.»② دېگەنىكەن. كىشىلەردە ئەقىدە - ئېتىقاد سۇسلاپ كەتكەندە، ئىنساني قەدىر - قىممەتتىن مال - دۇنيا قىممەتلىك ئورۇنغا ئۆتىدۇ. ئىنساني مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىنى مال - دۇنيا مۇناسىۋىتى ئىگىلەيدۇ. بۈگۈنكى كۈنلەردە بىز قوشنىدارچىلىق ئەدەپ - ئەخلاق تەلەپلىرىگە كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىمىز، ھەتتا تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۇ جەھەتتىكى تەلىم - تەربىيىگە سەل قارىدۇق. بالىلىرىمىز ئاتا - ئانىسىنىڭ بىر تۇغقانلىرىنى تونۇمىغلى تاس قېلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ قۇللارچە

① «قۇرئان كەرىم»، 49 - سۈرە ھۇجۇرات، 12 - ئايەت.
② بۇخارىنىڭ «ئەدەبۇل مۇفرەد» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى.

مۇئامىلە قىلىشنى، پايدا - مەنپەئەتكە قاراپ مۇئامىلە قىلىشنى، بايغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىدىغان، كەمبەغەلگە ئېتىبار قىلمايدىغان خۇيلىرىمىزنى باللىرىمىزغىمۇ سىڭدۈرۈۋاتىمىز. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ھەقىقىي بىر ئىنسانىي پەزىلەت، ئىنسانىي مۇھەببەت، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ياردەم بېرىش، قوشنىلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىشتەك پەزىلەتتىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىپ بارىمىز. مەن بۇ ھەقتە مۇنداق بىر تىپىك مىسالنى ئېلىپ بېرەي: بىزنىڭ يۇرتتا بىر قىزىقچى ساتىراش بار ئىدى. ئۇ ئادەم بازاردىن ئىككى باغلام ئوتۇن ئېلىپ، بۇنى قانداق ئېلىپ كېتەرمەن، دەپ تۇرۇشىغا قوشنىسىنىڭ بىر بالىسى ھارۋىسىنى ئېلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئادەم ئۇلۇق كەلدى دەپ خۇش بولۇپ: بالام، ما ئوتۇننى بىزنىڭ ئۆيگە ئالغاچ كەت دېسە، ئۇ بالا: نەچچە پۇل بېرىسىز، دەپ سوراپتۇ، بۇ ئادەم بۇنىڭدىن سەل ئەجەبلىنىپ، تۇتە ماۋۇ بەش مونى، بىڭگور ئېلىپ يەپ كەت، دەپ بەرگەن ئىكەن. ئۇ بالا بىر كوي بەرمىسىڭىز ئالغاچ كەتمەيمەن، دەپ ئۇنىماپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ ساتىراش ئاچچىقىدا: ھوي ماۋجۇشى قېنى سەن، ماۋۇ دېھقانلىرىڭ بىر كۇن كەچكىچە ئىشلىسە بىر گۇڭغا① ئىشلەيتتى، مانا ئەمدى ئىككى باغلام ئوتۇننى بەش موغا ئالغاچ كەتكىنى ئۇنىماۋاتىدۇ» دەپ بازاردا جار سالدى. مانا بۇنى بىز مەنىۋى تراگېدىيە دېمەي نېمە دەيمىز، بىر يېقىن قوشنىنىڭ قىممىتى، ھۆرمىتى بەش موغا يارىمىسا بۇنى قانداقمۇ ئىنسانلىق دەيمىز، بۇنى قانداقمۇ پەزىلەت تەربىيىسى دەيمىز.

ئىسلام ئەقىدىسىدە مۆمىنلەرنىڭ ۋە قوشنىلارنىڭ بىر - بىرىنى يامان سۆز بىلەن ھاقارەتلەپ تىللىشى، ئۇلارنى پەس كۆرۈپ، ئۆزىنى چوڭ چاغلىشى، بىر - بىرىگە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇشى قاتارلىقلار مەنئىي قىلىندۇ. بۇنداق ئىشلار مۆمىنلەرنىڭ ئەخلاقىغا، قوشنىدارچىلىق ئەخلاقىغا مۇخالىپ بولغان يامان ئادەتتۇر. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «كىمىكى ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ باشقىلارنى: ۋەيران بولغانلار، دېسە، ئۇ شۇ كىشىلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇن ۋەيران بولىدىغىنى بولۇپ قالىدۇ.»② بەزىلەر ئازراقلا ئازارلىنىپ قالسا دۇنيادىكى بارلىق ئەسكى گەپلەرنى قىلىشىپ بىر - بىرىگە يۈز - خاتىرە قىلىشمايدۇ، بۇنداق قىلىش مۆمىنلەرنىڭ ئەخلاقى ئەمەس، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى تەرك ئەتكەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يەنە دىققەت قىلىدىغان بىر ئىش شۇكى، ئاللاھ بەندىلەرنىڭ غەزەپناك بولۇشنى، ئاداۋەتخور بولۇشنى ياقتۇرمايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزۈڭلار.»③ رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن: «مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشمەڭلار، تەتۈر قاراشماڭلار، غەزەپ قىلىشماڭلار، ھەسەت قىلىشماڭلار، ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار، مۇسۇلماننىڭ بىر بۇرادىرىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى (ئاداۋەت يۈزىسىدىن گەپ قىلماي) ھالال بولمايدۇ.»④ يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى بىلەن ئۇچراشقاندا ھەر ئىككىلىسى يۈز ئۆرۈشكەن ھالدا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىشىشى ھالال بولمايدۇ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ياخشىسى باشتا سالام قىلغىنىدۇر.»⑤ رەسۇلۇللاھ يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاداۋەتلەشكەن ھالىتى بىلەن ئۆلۈپ كەتسە دوزاخقا كىرىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. بۇنىڭدىن ئاداۋەتخورلۇقنىڭ ھەقىقەتەن قەبىھ ئىللەت ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

① بىر گۇڭ ئون نومۇر بولۇپ، شۇ چاغلاردا بىر مودىن بەش موغىچە قىممەتكە توختايتتى.
② مۇسلىمىن رىۋايەت قىلغان.
③ «قۇرئان كەرىم»، 49 - سۈرە ھۇجۇرات 10 - ئايەت.
④ بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
⑤ بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

قوشنىدارچىلىق ئىشىدا ئىمكان بار يارىشىپ، بىر - بىرىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، بىر - بىرىنىڭ ئەيىبلىرىنى يېپىشىپ، بىر - بىرىگە يول قويۇشۇپ ياشىغاندا كۆڭلى ئازادە، سىقىلماي ياخشى ياشايدۇ. ئەگەر ئارىدا ھەر دائىم سۈركىلىش، نىزا - ئاداۋەت، ئۇرۇش - جېدەل، قېيدىشىشلار بولۇپ تۇرغان قوشنىلار ئارىسىدا خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئازادىلىكى بولمايدۇ. ئۇلار كۈندە نەچچە ۋاخ ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ، ھەر بىر ئۇچراشقاندا چىرايلىق سالام قىلىشىپ، بىر - بىرىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىشىپ، ھال - ئەھۋال سورىشىپ، سىردىشىپ ئۆتكەن ئىش نېمە دېگەن ياخشى. بىر - بىرىگە بويۇنداپ، ئۇچرىشىپ قالغاندا تەتۈر قارىشىپ، ھەتتا بىر - بىرىگە ئالىيىشىپ، بېرىش - كېلىش قىلماي ئۆتۈش نېمە دېگەن ئازابلىق ئىش. بۇنداق بۇرۇقتۇرم تۇرمۇشقا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن. بەزىلەر ھەتتا يىللاپ، ئايلاپ ئاداۋەت تۇتىدۇ، باشقىلارنىڭ ياراشتۇرۇپ قويۇش تەلىپىنىمۇ رەت قىلىدۇ. ئۇنداق ئادەم ئۆزىنىمۇ ئازاپلايدۇ، قوشنىسىنىمۇ ئازاپلايدۇ. شۇڭا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام، بۇنداق قاتتىق ئاداۋەتخورنىڭ ئۇقۇبىتىنى ئەسكەرتىپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆز قېرىندىشىنى بىر يىل تاشلىۋەتسە ئۇنىڭ قېنىنى تۆككەنگە (دۈشمەنلىك بىلەن ئۆلتۈرگەنگە) ئوخشاش.»[1]

قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتتە بولسۇن، ئاممىۋى مۇناسىۋەتنىڭ باشقا ساھەلىرىدىكى مۇئامىلە ۋە مۇناسىۋەتتە بولسۇن، ئاللاھنىڭ بۇ ئايىتىنى ئۆزىگە دەستۇر قىلىش كېرەك: «ئى مۆمىنلەر! بىر قوۋم يەنە بىر قوۋمنى، (بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان ئادەم (ئاللاھنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قوۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر - بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۆمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمە دېگەن يامان! (مۇنداق نەھيي قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر.»[2]

قەدىرلىك مۆمىن قېرىنداشلار، ئەقىدە - ئېتىقادىنى، قىممەتلىك ئەنئەنىمىزنى ئۇنتۇپ قالمايلى. بىر - بىرىمىزگە چوڭچىلىق قىلىپ تەكەببۇرلۇق قىلىپ كېرىلمەيلى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كىمنىڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ شۇڭا، ئاللاھ تەكەببۇرلۇق بىلەن زېمىندا غادىيىپ ماڭماسلىقتا بۇيرۇغان ئەمەسمىدى. قوشنىلارنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن خۇش بولايلى، قايغۇسىدىن قايغۇرايلى. قوشنىلار ئارا مۇھەببەت تۇرمۇشىڭىزنى بېيىتىپ، تۇرمۇشىڭىزغا خاتىرجەملىك ۋە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ. ناچار قوشنا تۇرمۇشقا خاتىرجەمسىزلىك ۋە بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ. قوشنا تاللاش خوتۇن تاللاشتىن تەس. خوتۇن يامان چىقىپ قالسا قويۇۋېتىش بىلەن قۇتۇلۇش مۇمكىن، لېكىن قوشنا يامان چىقىپ قالسا روزىغارىنى ۋەيران قىلىپ كۆچۈپ كېتىشتىن باشقا ئامال يوق. شۇڭا، ياخشى، سالىھ قوشنىلارنى ئارزۇ قىلىش كېرەك ھەم ئۆزىمىزمۇ ياخشى، سالىھ قوشنا بولۇپ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

① ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان.
② «قۇرئان كەرىم»، 49 - سۈرە ھۇجۇرات 11 - ئايەت.

# مەملىكىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ھەققىدە يۈزەكى چۈشەنچە

## ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە كۆپ خىل يېزىقتا زور مىقداردا تارىخىي ھۆججەتلەرنى ساقلاپ قالغان.

مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرىدىن نەچچە خىلى بار؟ بۇ ساننى ھازىرچە توپتوغرا ساناپ بېرىش قىيىن. 1980 - يىلى مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى يېزىقلىرى تەتقىقات جەمئىيىتى بىرلىشىپ بېيجىڭدا ئاچقان «جۇڭگو يېزىقلىرى كۆرگەزمىسى»دە قارۇشتى يېزىقى، كۇسەن يېزىقى، ئۇدۇن يېزىقى، ئورقۇن - يېنسەي يېزىقى (قەدىمكى تۈرك يېزىقى)، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى، تاڭغۇت يېزىقى، تىبەت يېزىقى، قەدىمكى دەيزۇ يېزىقى، قەدىمكى يىزۇ يېزىقى، ناشىلارنىڭ دۇڭبا يېزىقى، قىتان (قارا خىتاي) يېزىقى، جورجان يېزىقى، قەدىمكى موڭغۇل يېزىقى، باسبا يېزىقى ۋە مانجۇ يېزىقىدىن ئىبارەت 16 خىل يېزىقتىكى ھۆججەت، ماتېرىياللار كۆرسىتىلدى. گېرمانىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى لىكوك «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستىدىكى مەدەنىيەت گۆھەرلىرى» دېگەن ئەسىرىدە شىنجاڭدىن 17 تىل، 24 خىل يېزىق تېپىلغانلىقىنى ئېيتقان. (بۇنىڭ ئۈچۈن «تۈرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 2 - سانىغا قاراڭ). ئۇلاردىن باشقا يەنە بىر نەچچە خىل ئاز سانلىق مىللەت قەدىمكى يېزىقلىرىمۇ بولۇپ، مۆلچەرلىنىشىچە جەمئىي 20 خىلدىن كەم ئەمەس.

يۇقىرىقى 17 خىل قەدىمكى يېزىقنىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى، ئىشلىتىلگەن رايونلىرى، يېزىق مەنبەسى ۋە ساقلانغان ھۆججەتلىرىنىڭ مىقدارى ئوخشاشمايدۇ. ئۇلار ئارىسىدا دەۋرى ئەڭ بالدۇر ھېسابلىنىدىغىنى مىلادىيە 2 - 4 - ئەسىرلەردە شىنجاڭدىكى ئۇدۇن (خوتەن)، پىشامشان (چاقىلىق) رايونلىرىدا ئىشلىتىلگەن قارۇشتى يېزىقىدۇر. قارۇشتى يېزىقى - بوغۇملۇق ھەرپلەردىن تۈزۈلگەن يېزىق. بۇ يېزىقتا ساقلىنىپ قالغان يازما ماتېرىياللار، قولىيازمىلار، مەكتۇپلار، تۈرلۈك ھۆججەتلەر، يارماق پۇللار 1000 خىلدىن ئاشىدۇ، كۇسەن يېزىقى كارۇشتى يېزىقىدىن سەل كېيىنرەك. بۇ خىل يېزىق ھىندىستاننىڭ براخمى يېزىقىنىڭ يانتۇ شەكىللىك ھەرپلىرىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، ۋەكىللىك قىلىدىغان تىل ئادەت بويىچە «توخار تىلى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىرغىچە تېپىلغان بۇ يېزىقتىكى ھۆججەتلەر كۆپىنچە مىلادىيە 5 - 8 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق ماتېرىياللار بولۇپ، ئۇ ئەدەبىي ئەسەرلەر، بۇددا نوملىرى، دەرسلىكلەر، ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى، ھېساب دەپتەرلىرى ۋە تاش پۈتۈك، بېغىشلىمىلارغا ئوخشاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سانى ناھايىتى كۆپ. بۇ خىل يېزىقنىڭ

تېپىلىشى ۋە ئوقۇپ ئىزاھلىنىشى ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقى ۋە ئېلىمىزنىڭ غەربىي رايون قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى ھەم تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە. ئۇدۇن يېزىقى مىلادىيە 5 - 11 - ئەسىرلەردە شىنجاڭنىڭ ئۇدۇن رايونىدىكى ساك ئاھالىلىرى ئىشلەتكەن يېزىق بولۇپ، ھىندىستاننىڭ براخمى يېزىقى ھەرپلىرىنىڭ گۇپتا (گۇپتا خانلىقى، مىلادىيە 6 - ئەسىردە ھىندىستاندا قۇرۇلغان خانلىق) باسما شەكلىدىن پايدىلانغان. شۇەن جۇاڭ ئۆزىنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە سەپەرنامە» دېگەن كىتابىدا بۇ خىل يېزىق ھەققىدە خاتىرە قالدۇرغان. بۇ يېزىقتا ھازىرغىچە تېپىلغان ھۆججەت ماتېرىياللار ئىچىدە بۇددا نومى ساياھەت خاتىرىسى، مەلۇماتنامە، خەت - چەك، ھېساب - خاتىرىلىرىگە ئوخشاشلار بار. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ خىل يېزىق ئاللىبۇرۇنلا ئىستېمالدىن قالغان بولۇپ، يازما ماتېرىياللار يېقىنقى 100 يىل مابەينىدە شۇ جايلاردىكى قەدىمىي خارابە ئىزلىرىدىن تېپىلغان.

قەدىمكى تۈرك يېزىقى مىلادىيە 7 - 10 - ئەسىرگىچە تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىشلەتكەن، تاۋۇش ئېلىپبەنتى ۋە بوغۇم ئارىلاشما تىپىدىكى بىر خىل يېزىق بولۇپ، تۈرك - رونىك يېزىقى، ئورقۇن - يېنسەي يېزىقى دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. كۆكتۈرك خانلىقى، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقلىرى بۇ خىل يېزىقنى ئىشلەتكەن. قىرغىزلارمۇ بۇ يېزىقنى ئىشلەتكەن. بۇ يېزىقتا يېزىلغان يادىكار- لىقلار ئىچىدە مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرى ئەڭ كۆپ. شىنجاڭ، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن يەنە قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى پال كىتابلىرى، ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ھۆججەتلەر تېپىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار 8 - ئەسىردە سوغدى يېزىقى ھەرپلىرىدىن پايدىلىنىپ مەيدانغا كەلتۈرگەن ئېلىپبەلىك يېزىق. ئۇ 9 - ئەسىردە ئىدىقۇت پادىشاھلىقىدا كەڭ كۆلەملىك ئىشلىتىلگەن. 8 - ئەسىردىن 15 - ئەسىرگىچە بولغان زامانلاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقى، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسى ۋە چاغاتاي خانلىقلىرىنىڭ ھۆكۈمەت يېزىقى بولغان. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ شىنجاڭ رايونىدا 800 نەچچە يىل ئىشلىتىلگەن. بۇ يېزىقتىكى يادىكارلىقلار ئىچىدە بۇددا نوم كىتابلىرى ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن باشقا قوليازمىلار، تۈرلۈك توختاملار، ھۆججەتلەر ۋە ئەدەبىي، تېببىي، يىلنامە كىتابلىرىمۇ بار. يەنە بىرمۇنچە ئابىدىلەر ساقلىنىپ قالغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن. موڭغۇل، مانجۇ ۋە شىبە يېزىقلىرىنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرسەك قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ كىرىشى بىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىغا ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى چاغاتاي يېزىقى ئىشلىتىلىدىغان بولغان. ئۇ 13 - ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر تەرىپىدىن يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامانغىچە ئىشلىتىلىپ كېيىنچە ھازىرقى زامان ئەرەب ھەرپلىرى شەكلىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز يېزىقىغا ئايلانغان. يېزىق. بۇ خىل يېزىقنىڭ ئىستېمال قىلىنغان ۋاقتى ئۇزۇن بولغاچقا، ئۇنىڭ قولىيازما، تاش مەتبەئە ۋە مىخ مەتبەئەگە ئوخشاش ھەرخىل نۇسخىلىرى بار، ئۇلار ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي، تارىخىي ئەسەرلەر بار. باشقا ماتېرىياللارمۇ ئىنتايىن مول. (بۇنىڭغا دائىر ماتېرى- ياللارنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ۋە قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىن

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئالتە خىل قەدىمكى يېزىقنىڭ ھەممىسىلا ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىغا تارالغان. ئالدىنقى ئۈچ خىل يېزىق ۋەكىللىك قىلىنغان تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ. كېيىنكى تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغانلار ئىچىدە يەنە شەرقىي شىمالغا تارالغان جۇرجان يېزىقى، موڭغۇل يېزىقى، باسبا يېزىقى ۋە مانجۇ يېزىقلىرىمۇ بار، قىتان يېزىقىنىڭ تىل تەۋەلىكى، مەنبەسى تېخى ئېنىقلىنىپ بولمىدى.

جۇرجانلار — ھازىرقى مانجۇلارنىڭ ئەجدادى، مىلادىيە 1115 - يىلى دۆلەت نامىنى «جىن» (ئالتۇن) دەپ ئاتاپ يەرلىك ھاكىمىيەت قۇرغان، جۇرجان يېزىقى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە چوڭ ۋە كىچىك دەپ ئىككىگە ئايرىلىدىكەن. مىلادىيە 1119 - يىلى جۇرجانلار چوڭ يېزىقى يولغا قويۇلغان. بۇ يېزىق خەنزۇچىغا تەقلىد قىلىنغان قىتانلار يېزىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، جىن، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ سۇلالىدە ئىشلىتىلگەن ھەم كورېيىگە تارالغان. 1138 - يىلى جۇرجانلار كىچىك يېزىقى يولغا قويۇلغان، بىراق تاكى ھازىرغىچە بۇ خىل يېزىق تېپىلمىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ قۇرۇلما شەكلى ۋە ئىستېمال ئەھۋاللىرى تېخىچە نامەلۇم. ھازىرغىچە ساقلانغان جۇرجان يېزىقىدىكى يازما ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز، «خەنزۇ تىلى بىلەن باشقا تىللارنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكى» گە كىرگۈزۈلگەن جۇرجانلار مەھكىمىسى «سۆزلۈكى» بىلەن «كەلگەن خەت - ئالاقىلەر» ۋە بىرپارچە كەمتۈك قولىيازما ۋارىقىدىن باشقا، ئاران ئاندا - مۇندا بېغىشلىما ۋە ئىمزالارلا بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلەلىگەن. مىلادىيە 1269 - يىلى باسبا يېزىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ خىل يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىشى چەكلىنىشكە ئۇچرىغان، يۈەن سۇلالىسىگە كەلگەندىن كېيىن ئاندىن قايتىدىن تەدرىجىي ھالدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان، مىلادىيە 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئاندىن ھازىرغىچە ئىشلىتىلىۋاتقان موڭغۇل يېزىقى ۋە شىنجاڭدىكى تودېن موڭغۇل يېزىقىغا ئايلانغان. لېكىن، ئۆزگىرىشلەر خېلى زور بولغان. ھازىرغىچە موڭغۇلچە يازما يادىكارلىقلاردىن قولىيازمىلار، ئويما نۇسخىلار، ئابىدە، بېغىشلىمىلار، باسما نۇسخىلار ۋە يارلىق - دەستەككە ئوخشاشلار بولۇپ، سانى ئانچە كۆپ ئەمەس. باسبا يېزىقى يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى قۇبلاي خان تەختكە چىققاندىن كېيىن تەيىنلىگەن «ئېل باخشىسى» (دۆلەت ئۇستازى) باسبا كەشپ قىلغان «موڭغۇل يېڭى يېزىقى» ئىدى. ئۇنىڭ ھەرپلىرىگە كۆپىنچە تىبەت يېزىقى ھەرپلىرى قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن سولدىن ئوڭغا قارىتىپ بوغۇم بويىچە تۈز يېزىلىدىغان بولغان. بۇ خىل يېزىق موڭغۇل تىلىنى قوشۇپ يېزىشقا ئىشلىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە خەنزۇ تىلى، تىبەت تىلى، سانسكرىت تىلى، ئۇيغۇر تىللىرىنى تەرجىمە قىلىپ يېزىشقىمۇ ئىشلىتىلەتتى، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى ئادەتتىكى يېزىقلارغا ئوخشىمايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىستېمال ۋاقتى ئۇزۇن بولمىغان، يەنى يۈەن سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن بارا - بارا ئىستېمالدىن قالغان. بۇ خىل يېزىقتا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرى، مۆھۈر - تامغا، يارلىق - دەستەك ۋە يارماقلار بار. ھۆججەتلەردىن «موڭغۇل تاۋۇشلىرى»، «ئىسىم - فامىلىلەر»، «زايا ھېكمەتلىرى» نىڭ موڭغۇلچە تەرجىمىسىنىڭ كەمتۈك ۋاراقلىرىغا ئوخشاش بىرقانچە تۈردىكى نۇسخىلىرى بار. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان جۇرجان يېزىقى، موڭغۇل

يېزىقى، ياسىيا يېزىقلىرىدا ساقلىنىپ قالغان يازما يادىكارلىقلار گەرچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى، تىل - يېزىق ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى يېزىقلارغا سېلىشتۇرغاندا، مانجۇ يېزىقى ياشراق يېزىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ يېزىق دەسلەپتە موڭغۇل ھەرپلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا مىلادىيە 1599 - يىلى مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرى بەك كۆپ بولغاچقا، 1632 - يىلىغا كەلگەندە ئەسلىدىكى ئاساستا يەنە تۈزىتىلگەن. ئالدىنقىسى قەدىمكى مانجۇ يېزىقى ياكى چېكىتسىز مانجۇ يېزىقى دېيىلىدۇ، كېيىنكىسى مانجۇ يېڭى يېزىقى ياكى چېكىتلىك مانجۇ يېزىقى دېيىلىدۇ. مانجۇ يېزىقى چىڭ سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن ئىستېمالدىن قالغان. ھازىر شىبەلەر ئىشلىتىۋاتقان شىبە يېزىقى مانجۇ يېزىقىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ.

مانجۇ يېزىقى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي يېزىقى قىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يېزىقتا ساقلىنىپ قالغان يازما يادىكارلىقلار ۋە مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىگە ئوخشاش تۈرلۈك ماتېرىياللار ئىنتايىن مول بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى ئىنتايىن زور.

ئۇلاردىن باشقا قىتان يېزىقى دېيىلىدىغان يەنە بىر خىل يېزىق بولۇپ، ئۇ شىمالدا ياشىغان قەدىمكى قىتانلار ئىشلەتكەن يېزىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇمۇ چوڭ ۋە كىچىك دەپ ئىككى تىپقا بۆلۈنىدۇ. چوڭ ھەرپلىك يېزىق خەنزۇچىغا تەقلىد قىلىنىپ مىلادىيە 920 - يىلى مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن. كىچىك ھەرپلىك يېزىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، مىلادىيە 942 - يىلى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنرەك مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن. قىتان يېزىقى مەملىكىتىمىز تارىخىدا 300 يىلغا يېقىن ئىشلىتىلگەن بولۇپ، مىلادىيە 1101 - يىلى بىكار قىلىنغان. بۇ يېزىقتا ھازىرغىچە ساقلانغان يادىكارلىقلار ئىچىدە مىس ۋە تاش ئابىدىلەر كۆپرەك. بۇ خىل يېزىق ۋەكىللىك قىلىدىغان تىل قايسى تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى تېخىچە ئېنىقلانمىغاچقا ئۇنى ئوقۇپ يېشىش ئىنتايىن قىيىن بولۇۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا بۇ خىل يېزىق ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا بەزى يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. يەنە بىر قەدىمكى يېزىق تاڭغۇت يېزىقى بولۇپ، بۇ يېزىق تاڭغۇت مىللىتى قۇرغان بۆلۈنمە ھاكىمىيەت - تاڭغۇت پادىشاھلىقى ئىشلەتكەن يېزىق. ئۇ مىلادىيە 11 - ئەسىردە مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، تاڭغۇت پادىشاھلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىشلىتىلگەن. يۈەن دەۋرىدە خېشى يېزىقى دەپ ئاتالغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە تاڭغۇت يېزىقىدا دىنىي كىتابلار ياغاچ مەتبەئەدە ئويۇپ بېسىلغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرلىرىدە يەنە تاڭغۇت يېزىقىدا تاش تۈۋرۈكلەرگە خەت چېكىلگەن. بۇ يېزىقنىڭ شەكلى تۆت چاسا، تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولۇپ، خەنزۇچە خەتكە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، جەمئىي ئالتە مىڭدىن ئارتۇق خېتى بار. بۇ يېزىقتا ساقلانغان يازما يادىكارلىقلار ئىنتايىن مول بولۇپ، تاڭغۇت خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى ۋە تاڭغۇت مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى يۇقىرى تارىخىي ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە. بۇلار ئارىسىدا تاڭغۇتلار تۈزۈپ چىققان لۇغەت - قامۇسلاردىن «مەرىپەت دېڭىزى» ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى تاڭغۇتلار جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى

ساھەلىرىگىچە چېتىلىدۇ، بۇ تائغۇت تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى يېتىشسىزلىكلەرنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ. تىبەت يېزىقى ھازىرقى زامان زاڭزۇ يېزىقىنىڭ بۇرۇنقى نۇسخىسى بولۇپ، 12 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەيدانغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، 1300 يىلدىن ئارتۇق تارىخنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بۇ يېزىقتا نۇرغۇن مىس - تاش ئابىدە پۈتۈكلىرى، قولىيازما نۇسخىلىرى، ھامبۇك ياغاچ تارشا پۈتۈكلىرى ۋە بۇ ھۆججەتلەرگە دائىر تېخىمۇ بالدۇرقى قىممەتلىك بۇيۇملار يېزىپ قالدۇرۇلغان.

ناشىلارنىڭ دۇڭبا يېزىقى، يىزۇلارنىڭ قەدىمكى يېزىقى ۋە دەيزۇلارنىڭ قەدىمكى يېزىقى - مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي جەنۇب رايونىدىكى بىرنەچچە خىل ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىك قەدىمكى يېزىقلار بولۇپ، ئۇلار ھازىرغىچە 700 - 800 يىللىق، ھەتتا 1000 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ تاكى ھازىرقى زامانغىچە ئىشلىتىلگەن. دۇڭبا يېزىقى تەسۋىرىي يېزىق بولۇپ، ئۇنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدە دۇڭبا دىنىنىڭ دىنىي كىتابلىرى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. يىزۇ كونا يېزىقى تارىختا خەنزۇچە پۈتۈكلەردە «دۇۋەنۇېن» ياكى «ۋېيشۇ» دەپ ئاتالغان. يۈننەن، گۈيجۇ، سىچۇەندىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكىدىكى يىزۇلارنىڭ يېزىش ئۇسۇلىدا ئانچە - مۇنچە پەرق بار. بۇ خىل يېزىق بىلەن يېزىلغان «غەربىي جەنۇبتىكى يىللار تەزكىرىسى» دېگەن كىتاب جەمئىي 370 مىڭ خەتلىك بولۇپ، ھازىرغىچە مەلۇم بولغان يىزۇلار تارىخىغا ۋە مائارىپىغا ئائىت نادىر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. دەيزۇلارنىڭ قەدىمكى يېزىقى رايون پەرقى سەۋەبلىك تۆت خىل تىپقا بۆلۈنىدۇ. دەيزۇلاردا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن 500 نەچچە پارچە داستاننىڭ ھەممىسىلا مۇشۇنداق يېزىقتا يېزىلغان.

يۇقىرىقىلار مەملىكىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ھەققىدىكى يۈزەكى چۈشەنچىلەر بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ۋە قەدىمكى ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت بۇ دېرىزىنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىپ كۆرىدىغان بولساق، نۇرغۇنلىغان يېڭى تارىخىي كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمىزدا ئەينەن نامايان بولىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات ئەھۋالى تېخىچە تەكشىسىز بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات تېگىشلىك كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. ئېنىقكى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنە، بۇ خىل مەدەنىيەت بايلىقىنى تولۇق قېزىش ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئۇدا بىرنەچچە ئەۋلاد ھارماي - تالماي تىرىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى «دىن ئىشلىرى ئىدارىسى» ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىدىن، مۇھەررىر)

# مەركىزىي ئاسىيادا جەدىتچىلىك ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى

بايمىرزا ھايىت (گېرمانىيە)

مۇھەررىردىن: بايمىرزا ھايىت — گېرمانىيە تەۋەلىكىدىكى، خەلقئارا ئابرۇيغا ئىگە ئۆزبېك تۈركولوگ. ئۇ 1917 - يىلى 12 - ئايدا ئۆزبېكىستاننىڭ نەمەنگان ۋىلايىتىدە دۇنياغا كەلگەن. 1934 - يىل تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە قوبۇل قىلىنىپ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان، گېرمانىيە ئارمىيىسىگە ئەسىرگە چۈشۈپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، گېرمانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە قوبۇل قىلىنغان ھەمدە 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن غەربىي گېرمانىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇ 1947 - يىلى گېرمانىيە مۇنستىر - ۋېستفالىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ، پەلسەپە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ھاياتىنى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى، ئەنگلىيە لوندۇن ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا نۇرغۇن قېتىم كاتتا لېكسىيىلەرنى سۆزلىگەن. ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە، جۈملىدىن دىيارىمىزنىڭ ئۈرۈمچى، تۇرپان شەھەرلىرىدە ئىلمىي زىيارەتتە بولغان.

بۇ يىل 87 ياشقا كىرگەن بۇ يېتۈك تۈركولوگ ھازىر گېرمانىيىنىڭ كۆلن شەھىرىدە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن مەشغۇل بولماقتا. ئۇ ئۆز ھاياتىدا تۈركولوگىيە ساھەسىگە ئائىت سەككىز كىتابىنى، 13 كىتابچىنى ۋە 260 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىنى ئېلان قىلىپ، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخ تەتقىقاتىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. بايمىرزا ھايىتنىڭ ئەسەرلىرى رۇسىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇناسىۋىتىنى، شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى كەم بولسا بولمايدىغان مەنبەلەرنىڭ بىرسىدۇر. ژۇرنىلىمىزغا بېرىلگەن مەزكۇر ماقالە ئاپتورنىڭ 1987 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان «سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى تۈركولوگىيىنىڭ ۋە ئىسلامنىڭ بەزى مەسىلىلىرى» (ماقالىلەر توپلىمى) گە ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى.

مەركىزىي ئاسىيادا 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا باشلانغان جەدىتچىلىك ھەرىكىتى (زامانىۋىلىشىش، يېڭىلىنىش) ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن مەدەنىيەت بەسلىشىدىكى مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرىلەرنىڭ يېڭى شەكىلدىكى كۆرۈنۈشى ئىدى. جەدىتچىلىك ھەرىكىتى يېڭى ئۇسۇلدىكى تەلىم - تەربىيىنى مەركەز قىلغان ياۋروپا مەدەنىيىتىدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتى بولماستىن، بەلكى ياۋروپا مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى مىللىي مەدەنىيەتكە خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئىدى. زىيا كۆكئالپنىڭ قارىشىچە، «زامانىۋىلىشىش دېگەنلىك ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش ئۇرۇش پاراخوتى، ماشىنا ۋە ئايروپىلان ياساپ (بۇلارنى) ئىشلىتىش دېگەنلىكتۇر. زامانىۋىلىشىش شەكىل ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتتىن

ياۋروپالىقلارنى دوراش ئەمەس»①. مەركىزىي ئاسىيادىكى جەدىتچىلىك ئىقىمىمۇ زىيا كۆك-ئالپنىڭ بۇ ئىپادىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا باشلانغان ۋە 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەركىزىي ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆرۈلگەن مەدەنىيەت كۆرىشى ئەسلىدە 16 – ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن تەلىم – تەربىيىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى توغرىسىدىكى بەس – مۇنازىرىنىڭ زاماننىڭ چۈشەنچىسى بىلەن دەۋرنىڭ شەرتى شەكلىدىكى كۆرۈنۈشى ئىدى. مەركىزىي ئاسىيادىكى يېتىلىنىش جەريانى تەلىم – تەربىيىنى يېڭى ئۇسۇلدا تەشكىل قىلىش ئارزۇسى بىلەن باشلاندى.

مەركىزىي ئاسىيادىكى، بولۇپمۇ بۇخارا شەھىرىدىكى مەدرىسلەردە ئوقۇتۇش پرىنسىپى مەسىلىسىدە ئالىم – ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا 200 يىلدىن كۆپرەك داۋاملاشقان بىر بەس – مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ خارا مەدرىسلىرى 16 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر بۇگۈنكى چۈشەنچىمىزدىكى ئۇنىۋېرسىتېت خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، بارلىق پەنلەر ئوقۇتۇلاتتى. 16 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئېچىنىشلىق ئەھۋال باشلاندى. مەركىزىي ئاسىيادىكى بۇخارا خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللاخان بۇخارادا ھەشەمەتلىك بىر مەدرىسە ياساتقان ئىدى. ئۇ 1587 – يىلى بۇ مەدرىسكە بىر شەيخۇل ئۆلىما (ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرى) تەيىنلەش ئۈچۈن ئالىم – ئۆلىمالارنى بىر ئىلمىي مۇنازىرە ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئابدۇللاخاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە، مۇدەررىسلەردىن بۇخارالىق مۇخسار مەۋلەۋى سەدرىددىن بىلەن شىرازدىن كەلگەن مۇساپىر مۇدەررىس مىرزاجان شىرازى ئوتتۇرىسىدا دىنىي ۋە ئىلمىي مۇنازىرىلەر باشلىنىدۇ. شىرازى مۇنازىرە جەريانىدا ئۆزىنىڭ قاراشلىرى ئارقىلىق ئىلاھىيەت تەلىماتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇخارالىق مۇدەررىس سەدرىددىن بولسا مەدرىسە تەلىم – تەربىيىسىدە دىنىي ئىلىملەر بىلەن بىرلىكتە دۇنياۋىي پەنلەرنى (پەننىي بىلىملەرنى) ئوقۇتۇشنىڭمۇ ئەھمىيەتلىك بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى ئالغا سۈرىدۇ. مەجلىسكە ئىشتىراك قىلغان مۇدەررىسلەر ئابدۇللاخاننىڭ ئالدىدا شىرازىنىڭ قاراشلىرىنى كۈچلۈك كەلدى، دەپ بېكىتىدۇ. خان ئۆزىنىڭ نامىدىكى مەدرىسكە شىرازىنى شەيخۇل ئۆلىما قىلىپ تەيىنلەيدۇ. خاننىڭ نامىدا ئاتالغان بۇ مەدرىسە باشقا مەدرىسلەرگە نىسبەتەن ئىمتىيازلىق ھېسابلىناتتى. شىرازى ناھايىتى تېز ۋاقىت ئىچىدىلا مەدرىسە دەرس جەدۋىلىدىكى دۇنياۋىي پەنلەرنى ئوقۇتۇشنى چەكلەيدۇ. بۇ خىل تەدبىر باشقا مەدرىسلەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. 10 – 12 يىل مەدرىستە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار پەقەت دىنىي ئىلىملەرنىلا ئۆگىنىدۇ. لېكىن ماتېماتىكا، گېئومېتىرىيە، تارىخ، سىياسەت ۋە ئەدەبىيات پەنلىرىدىن تامامەن خەۋەرسىز قالىدۇ.②

مىرزاجان شىرازىنىڭ مەشھۇر بۇخارا مەدرىسىدە يۈرگۈزگەن دۇنياۋىي پەنلەرگە قارشى ئۆچمەنلىك ھەرىكىتى 16 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 17 – ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر يالغۇز بۇخارا خانلىقىنىڭ مەدرىسلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيا مەدرىسلىرى ئۈچۈنمۇ بىر ئۈلگە بولدى. مەدرىسلەر ئىلگىرىكى دەۋردىكى ئومۇمىي بىلىملەر مەركىزى بولۇشتەك رولىنى يوقاتتى. 19 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر بۇخارادىكى بەزى

① زىيا كۆكئالپ: «تۈركلەشمەك، ئىسلاملاشماق»، تۈرك مەدەنىيەت نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 1974 – يىلى، 12 – بەت.
② سەدرىددىن ئەينى: «بۇخارا ئىنقىلابى ئۈچۈن ماتېرىياللار»، موسكۋا، 1926 – يىلى، 9 – ، 10 – بەتلەر.

مەدرىسلەردە دىنىي دەرسلەر بىلەن بىرلىكتە ئىلمىي ئارۇز، ئىلمىي قاپىيە، ئىلمىي تەۋارىخ، ھېكمىيەت، تەبىئەت، ئىلمىي ھېساب، ئىلمىي مۇنازىرە قاتارلىق دەرسلەر ئوقۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلار تەسىر پەيدا قىلالمىدى.①

بۇخارا مەدرىسلىرىدىكى مۇدەررىسلەر مىرزاجان شىرازى دەۋرىدىن بېرى مەدرىسلەردىكى دەرسنىڭ مەزمۇنى مەسىلىسىدە ئىككى خىل پىكىر ئېقىمىغا ئايرىلدى. ئەمما شىرازى تەرەپدارلىرى يەنىلا دىنىي دەرسلەرنى ئوقۇتۇشنى ئالغا سۈرەتتى. ئۇلارغا قارشى ئورۇندىكى مۇدەررىسلەر بولسا دىنىي دەرسلەر بىلەن بىرلىكتە دۇنياۋىي پەنلەرنىمۇ ئۆگىتىلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. 19 - ئەسىردە بارلىق مەدرىسلەردە مۇتەئەسسىپلىك ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇردى. بۇ خىل پىكىر ئېقىمى مەركىزىي ئاسىيانى مەدەنىيەت جەھەتتىن روھ چۈشكۈنلۈكلە-رىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرى ئىچىگە سۆرەپ كىردى. ئەمما 20 - ئەسىرگە قەدەر بىر بۆلەك مۇدەررىسلەر مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردە بارلىق پەنلەرنى ئۆگىتىش توغرىسىدىكى پىكىر ۋە تەلەپلىرىدىن ۋاز كەچمەي كەلدى. 19 - ئەسىردە سەمەرقەندلىك ئەبۇسەئىد، ئەندىجانلىق داموللا فازىل، ۋابكەتلىك مۆمىن خوجا، بايسۇنلۇق موللاھ خۇدابەردى ۋە قازانلىق شەھابىد-دىن مەرجانى قاتارلىق ئالىملار مەدرىسلەردە شىرازىدىن بۇرۇنقى ئىلمىي مۇھىتنى ھىمايە قىلىدىغان ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى.

مەركىزىي ئاسىيادا تەلىم - تەربىيە مۇنازىرىلىرى داۋام قىلىپ 19 - ئەسىرگە كەلگەندە بۇ مەملىكەت رۇسلارنىڭ ئىستىلاسىغا ئۇچرىدى. رۇسلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ياۋروپا مەدەنى-يىتىمۇ مەركىزىي ئاسىياغا كىرىشكە باشلىدى. 19 - ئەسىردە پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدا ئىسلاھات ئارقىلىق زامانىۋىلىشىش جەريانى ئۈستۈن ئورۇندا تۇردى. بۇ چاغدا مەركىزىي ئاسىيادا، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى (ئىستانبۇل)، قىرىم، ئەزەربەيجان، قازان، ھىجاز ۋە ھىندىستاندا مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىنى ئىسلاھات ئارقىلىق يېڭىلاش ئىدىيىسى تارقىلىۋاتاتتى. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى مۇستاپا رەشىد پاشا②نىڭ ئىسلاھات غايىسى، قىرىملىق ئىسمائىل گاسپىرالى ئەپەندى③نىڭ، ئەزەربەيجانلىق مىرزا فەتالى ئاخۇنزادە④نىڭ ۋە قازانلىق شەھابىد-دىن مەرجانى⑤نىڭ غايىلىرى ھاجىلار، مەكتۇپلار، ساياھەتچىلەر ۋە سودىگەرلەر ۋاستىسى بىلەن مەركىزىي ئاسىيادىكى ئىلغار كىشىلەرگە ئىلھام بېرىشكە باشلىغانىدى.

مەركىزىي ئاسىيادا تۇنجى بولۇپ ياۋروپا تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈر مەسىلە ئىكەنلىكىنى قوقان خانى ئالىمخاننىڭ بىر تۇغقىنى سەبىر مۇھەممەد ھېكىمخان رۇسىيە، تۈركىيە، ھىجاز، ئىران ۋە ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەرنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، 1843 - يىلى يازغان ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويدى.

مەركىزىي ئاسىيادىكى جەدىتچىلىك ھەرىكىتى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا پەقەت بىر خىل مەدەنىيەت ھەرىكىتى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئەينى دەۋردە تۈرك - ئىسلام دەۋاسى-نىڭ يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە بۇ دەۋانىڭ مىللەتكە بىلدۈرۈلۈشى مەنىسىگىمۇ ئىگە

---

① نىكولاي خانىكوف: «بۇخارا خانلىقى ھەققىدە بايانلار»، پېتېربورگ، 1843 - يىلى، 220 -، 221 - بەتلەر.
② ئەرجۇمەند قۇرات: «رەشىد پاشا»، «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى». 9 - توم، 701 -، 705 - بەتلەر.
③ Ediqe Kirimal, (Der mationale kampf der krimturken), Emsdetten/West, 1962, 9, 12
سەئىد ئەھمەد جەفەر: «گاسپىرالى ئىسمائىل ئەپەندى»، ئىستانبۇل، 1934 - يىلى، 248 - بەت، مۇستەجىب ئۈلكۈسال: «قىرىم تۈرك تاتارلىرى»، ئىستانبۇل، 1980 - يىلى، 144 -، 155 - بەتلەر.
④ مۆسەيىن بايقارا: «ئەزەربەيجاندا يېڭىلىنىش ھەرىكىتى»، ئەنقەرە، 1966 - يىلى. 148 - 170 - بەتلەر.
⑤ ئاقدەس نىمەت قۇرات: «قازان تۈركلىرىنىڭ مەدەنىي ئويغىنىش دەۋرى» (1917 - يىلىغا قەدەر)، ئەنقەرە، 1969 - يىلى، 103 -، 106 - بەتلەر.

ئىدى. مىللىي ۋە سىياسىي ھۆرلۈك ئارزۇلىرىنىڭ يېتىلىنىش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان كىشى ئەسلىدە بۇخارالىق بولسىمۇ، لېكىن سىبىرىيىدە يەرلىشىپ قالغان قادى ئابدۇررەشىد ئىبراھىم (1853 ـ 1940 ـ يىللار) دېگەن كىشى بولدى. ئۇ تۈركىيە، مەككە ۋە ياۋروپادا دۆلەتلىرىدە ئۇزۇن يىل تۇرغان ۋە بۇ مەملىكەتلەردىكى ئىدىيە ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش تەشەببۇسىدا بولغان. ئىبراھىم 1895 ـ يىلى ئىستانبۇلدا «چولپان يۇلتۇز» دېگەن نامدا نەشر قىلىنغان كىتابچىسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدىكى رۇس ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىدى.[1] ئىسمائىل گاسپىرالى ئەپەندىمۇ 1881 ـ يىلى يازغان بىر كىتابچىسىدا: «رۇس ھاكىمىيىتى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى»[2] دەپ تەنقىد قىلدى. ئۇزۇن يىل مەككە، ئىستانبۇلدا تۇرغان ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مەركىزىي ئاسىيانىڭ چۆگۈچەك (چۆچەك) شەھىرىدە ياشىغان شائىر ۋە تارىخچى مۇرات رەمزى (1845 ـ 1935 ـ يىللار) 1908 ـ يىلى ئورېنبۇرگ شەھىرىدە نەشر قىلىنغان «تەلفىق ئەل ئاخبار» دېگەن ئەسىرىدە (جەمئىي ئىككى توم، 1245 بەت) رۇس ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى تۈركىي مىللەتلەر ئۈچۈن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلدى.[3]

جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ۋەكىللىرى ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ياش ئەۋلادلارنى ياۋروپا بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەشنى نىشان قىلغان ئىدىيىنى ئالغا سۈرەتتى. ئۇلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئۇسۇلى جەدىت مەكتەپلىرى 1890 ـ يىلى پەرغانە ۋادىسىدا، 1892 ـ يىلى سەمەرقەند شەھىرىدە ئېچىلدى. سەمەرقەند ۋە بۇخارا شەھەرلىرىدىكى بۇ خىل مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشىدا ئىسمائىل گاسپىرالىنىڭ ئالاھىدە تۆھپىسى بار. ئۇ 1893 ـ يىلى بۇخارا ۋە سەمەرقەند شەھىرىنى ئايلىنىپ چىققان ئىدى. ئۇنىڭ زىيارىتىدىن كېيىنكى سەمەرقەند جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تۇنجى مەركىزى بولۇش رولىنى ئوينىدى. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، رۇس ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى تۈركىي مىللەتلەر ئارىسىدا تۇنجى قېتىم ئىسمائىل گاسپىرالىنىڭ ئىسمى قاراقۇل (رۇسلار تەرىپىدىن پىرژېۋالىسكى دەپ ئاتالغان) شەھىرىدە قۇرۇلغان ئۇسۇلى جەدىت مەكتىپىگە نام قىلىپ قويۇلدى. بۇخارا شەھىرىدىكى تۇنجى جەدىت مەكتىپى موللاھ چوراباي تەرىپىدىن 1900 ـ يىلى ئېچىلدى. 1900 ـ 1915 ـ يىللار ئارىسىدا مەركىزىي ئاسىيا گوبېرناتورلۇقىدا 80 گە يېقىن ئورۇندا، بۇخارا ئەمىرلىكىدە 57 ئورۇندا يېڭى ئۇسۇلدىكى مەكتەپلەر ئېچىلدى. 1918 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەركىزىي ئاسىيادا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان ئۇسۇلى جەدىت مەكتىپىنىڭ سانى 328 كە يەتتى.[4]

«دەسلەپكى جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي پراگراممىسى زامانىۋى (يېڭى) مەكتەپ ۋە زامانىۋى بىلىم ئىدى». شائىر سەدرىددىن ئەينىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان تۆۋەندىكى شېئىرىدىن جەدىتچىلىكنىڭ شۇ دەۋردىكى ئەھۋالىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ:

---

① ئاقدېس نىمەت قۇرات: «قازان تۈركلىرىنىڭ مەدەنىي ئويغىنىش دەۋرى» (1917 ـ يىلىغا قەدەر)، ئەنقەرە، 1969 ـ يىلى، 124 ـ بەت.

② مۇستەئسىپ ئۈلكۈسال، يۇقىرىقى ئەسەر، 146 ـ بەت.

③ زەكىي ۋەلىدى توغان: «بۈگۈنكى تۈرك ئېلى (مەركىزىي ئاسىيا) ۋە ئۇنىڭ يېقىنقى تارىخى»، 1 ـ توم، ئىستانبۇل، 1942 ـ 1947 ـ يىلى، 542 ـ بەت.

④ ك. لى. يېنىدرىكوۋ: «مەركىزىي ئاسىيادىكى مىللىي مائارىپ تارىخىنىڭ ئوچېركلىرى»، موسكۋا، 1960 ـ يىلى، 260 ـ 262 ـ بەتلەر.

*مەكتەپسىزلىك بىزنى قىلدى ياپ - يالىڭاچ،*
*مەكتەپسىزلىك بىزنى ئەتتى تالان - تاراج.*
*مەكتەپسىزلىك تۇران ئېلىنى ئۆلتۈردى ئاچ،*
*كۆزۈڭنى ئاچ، بۇ خورلۇقتىن مەكتەپكە قاچ.*①

دېمەك، دەسلەپكى جەدىتچىلەرنىڭ ئۈچرىغان زور قىيىنچىلىقى مەكتەپ مەسىلىسى بولدى. جەدىتچىلەر قالاقلىق ۋە غەپلەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ھەممىدىن ئاۋۋال تېز ۋە ئاسان ئوقۇپ - يېزىشنى ئۆگىتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. مەكتەپلەردە ئىسلام ئاساسلىرى بىلەن بىرلىكتە جۇغراپىيە، تارىخ، تۈرك تىلى، خىمىيە، فىزىكا، ھېساب بىلىملىرىمۇ ئۆگىتىلەتتى. مەكتەپتىكى دەرسلەر تۈركچە سۆزلىنەتتى.

مەركىزىي ئاسىيادىكى ئوقۇتۇش سىستېمىسى (ئۇسۇلى) نىڭ ياۋروپادىكى ئوقۇتۇش سىستېمىسىدىن ناھايىتى ئارقىدا قالغانلىقىنى تەنقىد قىلغان تاۋاللاھ دېگەن شائىر يازغان بىر شېئىردا تۆۋەندىكىدەك كىنايە ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

*سىزنىڭ بالا ئوقۇيدۇ كىتابقا قاراپ،*
*بىزنىڭ بالا ئوقۇيدۇ ئاسمانغا قاراپ.*
*ئېلىپ كېلىپ ئايروپىلانىڭىزنى،*
*لەگلەكىمىز بىلەن ئۇچۇرتىمىز (بەسلەشتۈرىمىز).*
*ئېلىپ كېلىپ ماشىنىڭىزنى،*
*قوقان ھارۋىسى بىلەن چېپىشتۈرىمىز.*

ئۇسۇلى جەدىت مەكتەپلىرى تۈركىي مىللەتلىرى ئىچىدىكى باي كىشىلەر تەرىپىدىن قۇرۇلدى. مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى بىلەن ئوقۇتقۇچىلىرى بولسا مەدرىستە ئوقۇغان، ياۋروپا ۋە باشقا تۈرك مەملىكەتلىرىدە مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئىدىيىلەردىن خەۋەر - ۋۇناللار ئارقىلىق خەۋەر تېپىپ تۇرىدىغان ئىلغار كىشىلەر ئىدى. يېڭى ئۇسۇلدا دەرس ئۆتۈش مېتودىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن مەركىزىي ئاسىيادىن قىرىمغا ئوقۇتقۇچىلاردىن ۋەكىل ئەۋەتىلدى. مەكتەپلەردە تۈرك تىلى گىراممانتىكىسىنى ئاسان ئۆگىتىش ئۈچۈن مۇنەۋۋەر قارى②1901 - يىلى «ئەدەبىي ئەۋۋەل» ۋە «ئەدەبىي سانى» دېگەن كىتابلارنى يېزىپ نەشر قىلدۇردى.③جەدىتچىلەر ئەرەب يېزىقىنى ئاسان ئۆگىنىش ۋە تۈركچىنى توغرا تەلەپپۇز قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەرەب يېزىقىدىكى فەتھە، كەسرە ۋە زەممە قاتارلىق ھەرپ بەلگىلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ئا»، «ئۇ»، «ئى» ھەرپلىرىنى تولۇقلىدى. ئۇلار بۇ يېزىققا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى «ڭ» ھەرپىنىمۇ قوشتى. مەركىزىي ئاسىيادا يېزىق مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن

① ي. ت (تاھىر چاغاتاي): «مەركىزىي ئاسىيادا يۈركىملىك ۋە خەلقچىللىق»، 2 - توم، ئىستانبۇل، 1954 - يىلى، 24 - بەت.

② مۇنەۋۋەر قارى توغرىسىدا تۆۋەندىكى ئەسەرلەرگە قاراڭ: «باش مەركىزىي ئاسىيا» ژۇرنىلى، پارىژ - بېرلىن، 1934 - يىلى، 54 - سان. ب. ھايىت: «مەركىزىي ئاسىيا رۇسىيە بىلەن جىن ئارىسىدا»، ئىستانبۇل، 1975 - يىلى، 245 - 246 - بەتلەر. توغان، يۇقىرقى ئەسەرلەر، 335 -، 357 -، 362 -، 406 -، 503 -، 506 -، 520 - بەتلەر. ب. ھايىت: «مۇنەۋۋەر قارىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ۋە ئىسلاھاتى»، 1952 - يىلى، 76 - سان 14 -، 17 - بەتلەر. ئىبراھىم يارقىن: «مەركىزىي ئاسىيادا ئويغىنىش»، «تۈرك مەدەنىيەت تەتقىقاتلىرى»، ئەنقەرە، 1965 - يىلى، 1 - 2 - سان 161 - 172 - بەتلەر.

③ مۇنەۋۋەر قارىنىڭ بۇ ئەسەرلىرى مەۋلانە ئەزىم ھاشىمى تەرىپىدىن پاكىستاننىڭ كاراچى شەھىرىدە 1965 - يىلى قايتىدىن نەشر قىلىندى.

مەيدانغا كەلدى.

مەركىزىي ئاسىيادىكى جەدىتچىلەر ھەرىكىتى يېتىلىنىش ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە نەشر قىلىنغان گېزىت - ژۇرناللاردا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئېرىشتى. جەدىتچىلەر 1905 - يىلىدىن باشلاپ «تەرەققىيات»، «خۇرشىد»، «شۆھرەت»، «ئاسىيا»، «بۇخارايى شەرىف»، «تۇران»، «سەمەرقەند»، «سادايى فەرغانە»، «سادايى مەركىزىي ئاسىيا»، «قازاق» ۋە «بالاپان» دېگەن گېزىتلەرنى، «ئەينەك»، «ئىسلاھات» ۋە «يۇرت» دېگەن ژۇرناللارنى نەشر قىلدى. بۇ گېزىت - ژۇرناللار مەركىزىي ئاسىيادا جەدىتچىلەر مەتبەئەسىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تەسىس قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تەبىئىي ھالدا جەدىتچىلىكنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملىشالمىدى. پەقەت سەمەرقەندنىڭ مۇفتىسى مەھمۇد خوجا بەھبۇدى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئەدەبىي ژۇرنال «ئەينەك» 1913 - يىلىدىن 1915 - يىلىغىچە داۋاملىق نەشر قىلىندى. جەدىتچىلىك گېزىتلىرى مەركىزىي ئاسىيالىقلارنى دەۋرنىڭ يېڭىچە شارائىتلىرىغا قاراپ ئىش كۆرۈشكە دەۋەت قىلاتتى. مەسىلەن، 1914 - يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنىشقا باشلىغان «سادايى مەركىزىي ئاسىيا» گېزىتىنىڭ بىرىنچى سانىدا تۆۋەندىكىدەك ئىدىيە بايان قىلىنغان ئىدى: «بىز مەركىزىي ئاسىيالىقلار ھالا بۈگۈنكى كۈندىمۇ نە زامانغا، نە شەرىئەتكە قاراپ ئىش كۆرەيلى، نە تارىختىن ئىبرەت ئالايلى، شۇ جاھالەت مۇقەددەس ۋەتىنىمىز ۋە مېھرىبان ئانىمىز بولغان مەركىزىي ئاسىياغا قارىتا بىر خىل خىيانەت دەپ ھېس قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ گېزىتنى نەشر قىلدۇق.»①

مەركىزىي ئاسىيادىكى جەدىتچىلىك ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتىنى يارىتىشقىمۇ ئۈلگۈردى. جەدىتچىلىك ئەدەبىياتى بىلەن مەركىزىي ئاسىيا ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ يېڭى بىر دەۋرى باشلاندى. جەدىتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ 1937 - يىلىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى شائىر ۋە ئەدىپلىرى ئارىسىدا تۆۋەندىكى ئەربابلار ئالاھىدە شۆھرەت قازاندى. ئۇلار موللا نەپەس، زىنخارى، ئەۋلىياقۇلى، مىسكىن قىلىچ، كامىل خارەزمى، مۇھەممەد ئاخۇن خوجا (مۇقىمى)، زاكىرجان فۇرقەت، مۇفتى مەھمۇدخوجا بەھبۇدى. ئىبراھىم قۇنانباي (ئاباي)، مىر ياقۇپ دۆلەت، ئابدۇلرەئۇف فىكرەت، ئاشۇرئەلى زاھىرى، تاۋاللاھ، ئۇبەيدۇللا زەۋقى، ئابدۇلھەمىد سۇلايمان (چولپان)، ئاۋاز ئۇلار، ئابدۇللاھ ئەۋلانى، ھەمزە ھەكىمزادە نىيازى، سەدرىددىن ئەينى، ئابدۇللا قادىرى (جۇلقۇنباي)، موللا قىلىچ، مۇختار ئەۋېز، قاسىم تىنىستان، ماغجان جۇماباي قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، جەدىتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى مىللەتنى جاھالەتكە قارشى تۇرۇش سېپى ئېچىشقا ۋە ئىستىقلال يولىنى ئىزدەشكە چاقىردى. جەدىتچى شائىرلار تىياتىر (سەھنە) ئەسەرلىرىگە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلدى. بەھبۇدىنىڭ «پەدەرى قۇش» ناملىق تىياتىر ئەسىرى جەدىتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ سەھنە قىسمىغا يول ئاچتى. بەھبۇدىنىڭ قارىشىچە، ئوقۇمىغان، نادان قالغان بالا دادىسىنىڭ قاتىلىغا ئايلىنىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتىكى جەدىتچىلىك تىياتىر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىدە ئابدۇللا فىكرەت ئالاھىدە رول ئوينىدى. فىكرەت تىياتىر ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسىنى مەركىزىي ئاسىيا تارىخىدىن ئالغان ۋە «تارىخنى سۆزلىتىش» ئارقىلىق ياشلارنى مەركىزىي ئاسىيانىڭ مىللىي تۇرمۇشىغا باغلاش

① «تۈرك يۇرتى»، ھىجرىيە 1335 - يىلى، 4 - توم، 2175 - بەت.

ھەرىكىتىدە بولغان ئىدى.

جەدىتچىلىك ئەدەبىياتى بۈگۈنكى مەركىزىي ئاسىيا تۈرك ئەدەبىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. ئەپسۇس بۈگۈنگە قەدەر جەدىتچىلىك ئىدىيىسى ۋە ئەدەبىياتى دۇنيانىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە تۈركولوگلار تەرىپىدىن چوڭقۇر تەتقىق قىلىنمىدى.

جەدىتچىلىك ھەرىكىتى چار رۇسىيە ۋە بۇخارا ئەمىرلىكى ھۆكۈمىتىنىڭ كونتروللۇقى ۋە دۈشمەنلىك سىياسىتى ئاستىدا داۋام قىلدۇرۇلغان بىر ھەرىكەت سىپى ئىدى. چار رۇسىيە جەدىتچىلەردىن قاتتىق قورقاتتى. چۈنكى، جەدىتچىلىك ياشلارنى مىللىي تەربىيە ئارقىلىق رۇس ھاكىمىيىتىگە قارشى سەپەرۋەر قىلىدىغان نىشانغا يېتەكلەيتتى. بۇخارادا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا مۇتەئەسسىپ دىندارلارمۇ جەدىتچىلىكنى ئىسلامغا قارشى بىر ھەرىكەت شەكلىدە كۆرەتتى. بۇخارا ئەمىرى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى جەدىتچىلىكنىڭ ئەڭ خەتەرلىك دۈشمىنىگە ئايلاندى. بۇخارا ئەمىرلىكىدە جەدىتچىلىكتىن قورقۇش كەيپىياتى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، قەيەردە بىر جەدىتچىنى ئۇچرىتىپ قالسا ۋە ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى سېزىپ قالسا، ئۇنى شۇ يەردە دەرھال ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. شۇنداق بولسىمۇ بۇخارا ئەمىرلىكىدىكى جەدىتچىلىك ھەرىكىتىمۇ تېز سۈرئەتتە داۋاملاشتۇرۇلدى.

مەركىزىي ئاسىيادىكى مەدەنىيەت كۈرىشى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئارىسىدا 1917 - يىلىغا قەدەر ئىككى خىل ئېقىمنى ھاسىل قىلدى. يەنى ئىلغار كىشىلەر جەدىتچىلىك ۋە قەدىمىيچىلىك گۇرۇھلىرىغا بۆلۈندى. ھەر ئىككىسىنىڭ قورقۇنچلۇق دۈشمىنى رۇس ھاكىمىيىتى ئىدى. لېكىن قەدىمىيچىلەر بۇنى چۈشەنمەيتتى. قەدىمىيچىلەرنىڭ تەسىرى زور ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ جەدىتچىلىك توسۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر خىل ئىدىيىۋىي ئېقىم بولۇشتەك ماھىيەتكە ئېرىشىپ بولغان ئىدى. لېكىن جەدىتچىلىك 1910 - يىلىغا قەدەر بىرەر تەشكىلات قۇرۇپ چىقالمىدى. رۇسلار مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا رۇخسەت قىلمايتتى. شۇڭا، جەدىتچىلىك ھەرىكىتى بىر تەشكىلات خاراكتېرىگە ئېرىشەلمىدى. جەدىتىزمىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان خەيرۇللا خوجانىڭ پىكرىگە كۆرە، «جەدىتچىلىك ھەرىكىتى 1910 - يىلىدىن كېيىن، تۈرك ۋە ئىران ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، پۈتكۈل مۇسۇلمان شەرقىنىڭ ئويغىنىشقا باشلىشى بىلەن بىر تەشكىلات خاراكتېرىنى ئالدى.»①

مۇستەملىكە مەركىزىي ئاسىيادا جەدىتچىلىك 1917 - يىلىغا قەدەر بىرەر تەشكىلات شەكلىنى ئالالمىدى. لېكىن يېرىم مۇستەقىل ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بۇخارا ئەمىرلىكىدىكى جەدىتچىلەر 1910 - يىلى مەخپىي ھالدا «جەمئىيەتى - تەربىيەئى ئەتفال» دېگەن بىر تەشكىلاتنى قۇردى. بۇ جەمئىيەت 1911 - يىلى ئىستانبۇلدا مەركىزىي ئاسىيا (بۇخارا) دىن ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئابدۇلرەئۇف فىكرەت، ئوسمان خوجا (خوجا ئوغلى)، ئابدۇلئەزىز غۇلجائى، مۇقىمىددىن بەگجانى ۋە سادىق تاشۇر ئوغلى قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بىر ھەيئەت ئارقىلىق «بۇخارا مەرىپەت جەمئىيىتى» نى قۇردى. بۇ جەمئىيەت مەركىزىي ئاسىيا ۋە بۇخارا ئەمىرلىكىدىن ئىستانبۇلغا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىغا ياردەمچى بولاتتى. جەمئىيەتنىڭ 17 ماددىلىق نىزامنامىسى، ئەزالىق

① خەيرۇللاھ خوجايېۋ: «بۇخارا ئىنقىلابىغا دائىر»، تاشكەنت، 1926 - يىلى، 6 - بەت.

شەرتى ۋە پائالىيەتلىرى توغرىسىدا مەلۇمات بېرەتتى.① بۇخارادىكى «جەمئىيەتى ـ تەربىيەئى ـ ئەتفال» ئىستانبۇلغا 1911 ـ يىلى 15 نەپەر، 1912 ـ يىلى 30 نەپەر ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى.② رۇسىيە هاكىمىيىتى ئاستىدىكى مەركىزىي ئاسىيا جەدىتچىلىرى 1917 ـ يىلىغا قەدەر «مەرىپەت ۋە بەرىكەت جەمئىيىتى»نى قۇرۇپ، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

رۇسىيىدە 1917 ـ يىلى پارتلىغان ئىنقىلابتىن كېيىن، مەركىزىي ئاسىيا جەدىتچىلىرى مۇنەۋۋەر قارىنىڭ رەھبەرلىكىدە «شۇرايى ئىسلام» دېگەن تەشكىلاتنى قۇردى. بۇ تەشكىلات ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت هاياتىدىكى تۇنجى ۋە ئاشكارا تەشكىلات ئىدى. «شۇرايى ئىسلام» بىر تەرەپتىن مەدەنىي ھەرىكەتلەرنى مەركىزىي ئاسىيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە جانلاندۇرۇشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەركىزىي ئاسىيانىڭ مەركىزىي ئاسىيالىقلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىشى توغرىسىدىكى قاراشنى تەرغىپ قىلدى. رۇس هاكىمىيىتى ئاستىدىكى مەركىزىي ئاسىيا جەدىتچىلىرى بۇخارا ئەمىرلىكىدىكى جەدىتچىلەر بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا باشلايدۇ. جەدىتچىلەر ئۆزىنىڭ «شۇرايى ئىسلام» تەشكىلاتى ئارقىلىق مەركىزىي ئاسىيانى ھېچ بولمىغاندا «مىللىي مۇختارىيات» ھوقۇقىغا ئېرىشتۈرۈشكە تىرىشتى. بولشېۋىك رۇسلار 1917 ـ يىلى نويابىردا تاشكەنت شەھىرىدە مەركىزىي ئاسىيا ئۈچۈن سوۋېتنىڭ هاكىمىيەت تۈزۈمىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، مەركىزىي ئاسىيا مىللىي زىيالىيلىرى ۋە رۇسىيىگە قارشى بارلىق كەسپىي خادىملار قوقان شەھىرىگە توپلاندى ۋە 1917 ـ يىلى دېكابىردا مەركىزىي ئاسىيا مىللىي مۇختارىيات ھۆكۈمىتىنى قۇرىدۇ. بۇ مۇختارىيات مەركىزىي ئاسىيانىڭ مەركىزىي ئاسىيالىقلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىشىغا ئاساس بولدى. «شۇرايى ئىسلام» تەشكىلاتى رۇسىيە بولشېۋىزمىغا قارشى مىللىي دۆلەتچىلىك غايىسىنى جىددىي ئىپادىلەپ، ئالدى بىلەن «مەركىزىي ئاسىيا ئۆلىمالىرى جەمئىيىتى» بىلەن بىرلىكتە قوقان شەھىرىدە مەركىزىي ئاسىيا مۇختارىياتىنى ئېلان قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. سوۋېت تارىخچىلىرىنىڭ پىكىرىگە كۆرە «جەدىتچىلەر مەركىزىي ئاسىيانى رۇسىيىدىن ئايرىپ چىقىش خىيالىدا بولغان ئىدى»③. «شۇرايى ئىسلام» تەشكىلاتى 1920 ـ يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چەكلەندى④

سوۋېت رۇسىيە ھۆكۈمىتى 1917 ـ يىلىدىن ئىبارەت جەدىتچىلەر بىلەن ھەمكارلىشىش تاكتىكىسىنى قوللاناقچى بولدى. جەدىتچىلەر چاررۇسىيىدىن قۇتۇلغىنى ئۈچۈن مەمنۇن ئىدى ۋە سوۋېت هاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مىللىي مەدەنىيەت سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. جەدىتچىلەرنىڭ «تۈرك ئېلى»، «تۈرك سۆزى»، «ئۇلۇغ مەركىزىي ئاسىيا»، «ئەل بايرىقى»، «چولپان» ناملىق گېزىتلىرى 1918 ـ يىلى ياز ئايلىرىغا قەدەر مىللىي ئارزۇلىرىنى بايان قىلالىدى. جەدىتچىلەر بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان سوۋېت رەھبەرلىرى، ھەتتا «كوممۇنىزم مەركىزىي ئاسىيادا جەدىتچىلىك يولى بىلەن مەيدانغا

① نىزامنامىسىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى ئۈچۈن، ئا. ئارسانى، غ. گابدۇللاننىڭ «رۇسىيەدىكى پان ئىسلامىزم ۋە پان تۈركىزمنىڭ تارىخىي ئوچېركلىرى» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن، موسكۋا، 1931 ـ يىلى، 133 ـ، 134 ـ بەتلەر. ئىستانبۇلدىكى جەمئىيەت نىزامنامىسى-نىڭ تۈركچە نۇسخىسىنى بۈگۈنگە قەدەر قولغا چۈشۈرەلمىدۇق.

② سەدرىددىن ئەينى: «بۇخارا ئىنقىلابى ئۈچۈن ماتېرىياللار»، 87 ـ بەت.

③ ب. گ. غافۇروۋ: «تاجىك تارىخى»، موسكۋا، 1949 ـ يىلى، 451 ـ بەت.

④ ب. هايىت: «مەركىزىي ئاسىيا رۇسىيە بىلەن چىن ئارىسىدا»، 301 ـ بەت، «سوۋېت رۇس ئىمپېرىيالىزمىنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى مۇستەملىكە ئىزلىرى»، ئوتېرشودا/ نىدېرلاند، 1965 ـ يىلى، 60 ـ بەت. «تاشكەنت كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تارىخىي ئوچېركلىرى»، تاشكەنت، 1958 ـ يىلى، 95 ـ بەت.

چەكلىتى» دېدى①. سوۋېت رەھبەرلىرى جەدىتچىلەرنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان گېزىتلىرىنى چەكلىدى. ئۇلار 1918 - يىلىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ روھىنى ئىپادىلەيدىغان 10 خىل گېزىت نەشر قىلدى. جەدىتچىلەر بولسا سوۋېت گېزىتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى ئىپادىلەشكە باشلىدى.

بۇخارا ئەمىرلىكى بىلەن خىۋە خانلىقىدىكى جەدىتچىلەر (بۇلار ياش بۇخارالىقلار ۋە ياش خىۋەلىكلەر دېگەن نامدا ئاتىلاتتى) ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدىكى ياش تۈركلەر ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى بۇخارا ئەمىرلىكى بىلەن خىۋە خانلىقىنى يوقىتىپ، ئورنىغا جۇمھۇرىيەت قۇرۇش مەقسىتىدە سوۋېت بىلەن، ھەتتا قوراللىق ھەمكارلىق ئورناتتى. سوۋېت - كوممۇنىزم تۈزۈمى بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش مەسىلىسىدە جەدىتچىلەر ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلدى. بىر گۇرۇپپا جەدىتچىلەر سوۋېت بىلەن بىرلىكتە يېرىم مۇستەقىل ھالەتتىكى بۇخارا ۋە خىۋە خانلىقلىرىنىڭ ئىشغال قىلىنىشىغا نارازى ئىدى. لېكىن بىر قىسىم جەدىت رەھبەرلىرى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ بۇخارا بىلەن خىۋە خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشىنى قوللاش تەرەپدارلىرى بولدى. سوۋېت رۇسىيە ئارمىيىسى 1920 - يىلى بۇ ئىككى خانلىقنى ئىشغال قىلىش ھەرىكىتىدە جەدىتچىلەرگە تاياندى، جەدىتچىلەرمۇ ئۇلارغا ۋاستە بولدى.②

سوۋېت مەدەنىيەت سىياسىتىنىڭ تەسىرى بىلەن جەدىتچى ئاپتورلار 1919 - يىلىدىن باشلاپ ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلىپ كەتتى. مىر ياقۇب خولات، ماغجان جۇمابايې، ئابدۇررەئۇف فىكرەت، ئابدۇلھەمىد سۇلايمان (چولپان) قاتارلىق شائىرلار ئىدىيىسىنى (مەيدانىنى) ئۆزگەرتمەي، سوۋېت مەدەنىيەت ئىدارىلىرىدە مىللىي مەپكۇرە ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆز ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇردى. جەدىتچىلەرنىڭ ئىلگىرىدىن تارتىپ تەسىرى بار شائىرلىرىدىن سەدرىددىن ئەينى، ھەمزە ھەكىمزادە (نىيازى)، ئابدۇللاھ ئەۋلاتى ۋە سەكەن سايغۇللەن قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى ۋە باشقا ھەرىكەتلىرى سوۋېت كوممۇنىزم روھىنى ئىپادىلەش رولىنى ئويناشقا باشلىدى.

سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى رەھبەرلىرى 1930 - يىلىغا قەدەر جەدىتچىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە پائالىيەتلىرىگە يول قويدى. لېكىن 1934 - يىلىدىن باشلاپ جىددى ھالدىكى «ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەش» شوئارى ئاستىدا جەدىتىزم مەپكۇرىسىدىن قۇتۇلۇش ھەرىكىتىدە بولدى. جەدىتچىلەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھايات كىشىلىرىنىڭ زور بىر قىسمى سوۋېت دۆلىتى، كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە مەدەنىيەت مۇئەسسەلىرىدە 1937 - يىلىغا قەدەر ئىشلىيەلىدى. سوۋېت ھاكىمىيىتى بۇلارنى نازارەت ئاستىدا ئىشلەتتى. لېكىن ھاياتىغا چېقىلمىدى.

سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ 1937 - 1939 - يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان «دۆلەت ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە ئورگانلىرىدىكى خەلق دۈشمەنلىرى ۋە مىللەتچىلەرنى تازىلاش» سىياسىتى نەتىجىسىدە، جەدىتىزمنىڭ سوۋېت ئورگانلىرىدا ئىشلەۋاتقان بارلىق ۋەكىللىرى قولغا ئېلىندى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى «ترويدا» (ئۈچ كىشىلىك مەخپىي سوت) نىڭ قارارى بىلەن ئېتىپ

① ز. ۋ. توغان، يۇقىرىقى ئەسەر، 10 - بەت.
Helene Carere d—Encosse, Reforme et Revolution chez les Mosolmans de'l impire Russe, buKhara. 1867—1924, Pars, 1966, 244—260
ب. مايېت: «بۇخارا ۋە خىۋە مۇستەقىللىقىنىڭ يوقىتىلىش تارىخى توغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلەر»، 1967 - يىلى، 12 - ، 19 - بەتلەر.
② «سوۋېت چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 14 - توم، 199 - بەت.

ئۆلتۈرۈلدى.

دېمەك، 1939 ـ يىلى مەركىزىي ئاسىيادا جەدىتىزىم ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرلاشقان يىلى ھېسابلىنىدۇ. جەدىتچىلىك كوممۇنىزم ھاكىمىيىتىنىڭ بېسىم سىياسىتى ئاستىدا مىللىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مىللىي دۆلەت ھاياتىغا ئېرىشىش يولىدىكى ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. جەدىتچىلىك ھەرىكىتى مەركىزىي ئاسىيادىكى ئىدىيىۋى ھايات تارىخىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە داۋاملىشىشقا باشلىدى. جەدىتىزمغا خاتىمە بېرىش مەسىلىسىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئېنسىكلوپېدىيىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «جەدىتىزىم سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشتە سىياسىي پارتىزانلىق (باندىتىزىم) شەكلىنى ئالدى. جەدىتچىلەر چەت ئەل جاھانگىر ھۆكۈمەتلىرىنىڭ جاسۇسلىرىغا ئايلىنىش رولىنى ئوينىدى... جەدىتىزم ئاخىرى سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزم غەلىبىسىدىن كېيىن يوقىتىلدى.»①

سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ جەدىتىزىمنىڭ سىياسىي پارتىزانلىق شەكلىنى ئالغانلىقى ۋە چەت ئەل ئۈچۈن جاسۇسلۇق رولىنى ئوينىغانلىقى توغرىسىدىكى قاراشلىرى تۆھمەتنىڭ بىر كۆرۈنۈشىدۇر.

سوۋېتلەر ئىتتىپاقى جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ بەزى ئاشكارا پائالىيەتلىرىنى توختاتقان بولسىمۇ، لېكىن مەركىزىي ئاسىيالىق ئىلغار كىشىلەر ئارىسىدىكى جەدىتىزىم روھىدىن كېيىنكى كۈنلەرگىچە قۇتۇلالمىدى. مەركىزىي ئاسىيالىق بەزى تارىخچى ۋە ئەدەبىياتچىلار 1956 ـ يىلىدىن كېيىن جەدىتىزىم ئىلمىنىڭ بىر تارىخىي ۋەقە سۈپىتىدە قارىلىشى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزىلىرى بولسا ئاشكارا ھالدا جەدىتىزىم ئارزۇسىنى (غايىسىنى) قوغداش ئىستېكىدە بولدى. كوممۇنىزم ھاكىمىيىتى بۇلارغا قارشى سەپ ئېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئۆزبېكىستان كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش شۇجىسى شەرەپ راشىدوۋ ھاكىمىيەتنىڭ تەلەپلىرىنى مۇنداق ئىپادە قىلىدۇ: «بەزى كىشىلەر ستالىننىڭ شەخسكە چوقۇنۇشقا قارشى كۈرەش بىلەن بىرلىكتە جەدىتچىلىك ۋە ئۇنىڭ غايىسىنىمۇ ھىمايە قىلىش ئىستېكىدە بولماقتا. بىز بۇنىڭغا خەيرخاھلىق قىلالمايمىز ۋە يول قويالمايمىز. شەخسكە سېغىنىش دەۋرىدە بەزى جەدىتچىلەر ۋە ئۇلارغا يېقىن بولغان مۇئەللىملەر، يازغۇچىلار ۋە گېزىتچىلەر بېسىم ئاستىغا ئېلىنغان ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتتا ئۇلار كەچۈرۈم قىلىندى. ئەمما ئەكسىيەتچى ۋە ئەكسىلئىنقىلابچى بولغان جەدىتىزىم كەچۈرۈم قىلىنمىدى. پان ئىسلامىزم ۋە پان تۈركىزم جەدىتچىلىكنىڭ ئاساسىي غايىسى ئىدى. كىمكى جەدىتچىلىكنى ھىمايە قىلىش ھەرىكىتىدە بولسا ئۇ دۈشمەننى ھىمايە قىلغان بولىدۇ.»②

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: يۈسۈپجان ياسىن

(يۈسۈپجان ياسىن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

① «شەرق ھەقىقىتى» گېزىتى، تاشكەنت، 1962 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىكى سانى. كۆزبېتوۋچى (ب. ھايىت) نىڭ «نېگە (نېمە ئۈچۈن) جەدىتچىلىكتىن قورقىدۇ» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ، «مىللىي مەركىزىي ئاسىيا» ژۇرنىلى، 1963 ـ يىلى 94 ـ سان، 28 ـ 30 ـ بەتلەر. «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلى، تاشكەنت، 1980 ـ يىلى، 8 ـ سان، 100 ـ بەت.

② «شەرق ھەقىقىتى» گېزىتى، تاشكەنت، 1962 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىكى سانى. كۆزبېتوۋچى (ب. ھايىت) نىڭ «نېگە (نېمە ئۈچۈن) جەدىتچىلىكتىن قورقىدۇ» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ، «مىللىي مەركىزىي ئاسىيا»، 1963 ـ يىلى 94 ـ سان، 28 ـ 30 ـ بەتلەر.

# ئەخلاق - پەزىلەت دەستۇرى - «قابۇسنامە» توغرىسىدا

## شىرىن قۇربان

ئەگەر بىراۋ مېنىڭدىن پارس يازغۇچىلىرى يازغان قايسى ئەسەر ئىنگلىز ئوقۇرمەنلىرنىڭ قىزىقىشىنى ئەڭ قوزغىيالايدۇ دەپ سورىسا، مەن ئۇنىڭغا جۇرجان شاھزادىسى قابۇسنىڭ مىلادىيە 1082 - يىلى يازغان تۇرمۇش ئەخلاقى ۋە ئۆلچىمى توغرىسىدىكى ئەسىرى «قابۇسنامە»نى كۆرسىتىمەن. چۈنكى بۇ ئەسەردە ئائىلە باشلىقىنىڭ مەسئۇلىيەت - بۇرچى، شىكارچىلىق، ئات تۇپى تەنتەربىيىسى، نىكاھ - توي، تەلىم - تەربىيە ۋە دورا - دەرمەك قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنغان.

— بېش. ساكس: «ئافغانىستان تارىخى»

### 1. «قابۇسنامە» مۇئەللىپىنىڭ ھاياتىدىن قىسقىچە مەلۇمات

«قابۇسنامە» مۇئەللىپىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەمىر شەمسۇلمائالى كەيكاۋۇس ىبن ئىسكەندەربىن قابۇسبىن ۋەشمىگىر ئىبنى جۇرجان. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمىدىكى جۇرجان ئەڭ چوڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمى، چوڭ بوۋىسى جۇرجان خانلىقىنىڭ تۇنجى شاھى. ۋەشمىگىر ئىككىنچى بوۋىسىنىڭ ئىسمى، ئىككىنچى بوۋىسى جۇرجان خانلىقىنىڭ ئىككىنچى شاھى (مىلادىيە 935 - 967 - يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن)، قابۇس ئۈچىنچى بوۋىسى (دادىسىنىڭ ئاتىسى) نىڭ ئىسمى، دادىسى جۇرجان خانلىقىنىڭ تۆتىنچى شاھى (مىلادىيە 976 - 1012 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)، ئىسكەندەر ئۇنىڭ دادىسىنىڭ نامى، جۇرجان خانلىقىنىڭ شاھزادىسى، شەمسۇلمائالى كەيكاۋۇس ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى، ئەمىر ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئەمەل - ئۇنۋان نامى، ئۇ جۇرجان خانلىقىنىڭ شاھزادىسى.

دۇنيادا ئۇ ئادەتتە شەمشۇلمائالى نامى بىلەن مەشھۇردۇر. مۇئەللىپ 1021 - يىلى تۇغۇلغان. ئىران ئالىمى سەئىد نەسەفىنىڭ دەلىللىشىچە، شەمسۇلمائالى 80 يېشىدا، يەنى مىلادىيە 1101 - يىلى ۋاپات بولغان، شەمسۇلمائالى خان جەمەتى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ نەسەب - پۇشتى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ شاھ جەمەتى بىلەن ئالاقىدار. تارىخىي كىتابلاردا كۆرسىتىلىشىچە، شەمشۇلمائالى شاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن خېلى ئۇزاققىچە سەلتەنەت سۈرگەن، ئەلەم بىلەن قەلەمدە داڭق چىقارغان، شۇڭا ئۇنىڭ شان - شۆھرىتى يېقىن - يىراق ئەللەرگە تارىلىپ، تىللاردا داستان بولغان، ئۇ زامانداشلىرى ۋە قوشنا مەملىكەت پادىشاھلىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ دانالىقى، ئالىملىقى، سېخىيلىقى، خەلقپەرۋەرلىكى، خەيرخاھلىقى، لەشكىرىي ئىشلاردىكى پاراسىتى بىلەن نامايان بولغان. ئۇنىڭ ناتىقلىق، مەنتىق ئىلمى بويىچە «كەمالۇل بەلاغەت» ناملىق كىتابى بار. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى سۆيۈملۈك يالغۇز پەرزەنتى گىلانشاھنى تەربىيىلەش مەقسىتىدە كىتاب

يېزىش بىلەن ئۆتكۈزدى. بۇ كىتاب مۇھاكىمە تېمىسىز بولغان «قابۇسنامە» دەستۇرىدۇر. بۇ دىداكتىك ئەسەر ئالىمنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ، ئۇنىڭغا ئالەمشۇمۇل شۆھرەت ئېلىپ كەلگەن. كىتاب جاھاندا «ئەخلاق - پەزىلەت دەستۇرى» نامى بىلەن ئاتىلىپ، دۇنيادىكى مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە. «ئۇ يەنە يۈكسەك ماھارەتلىك خەتتات ئىدى، ئۇنىڭ قەلىمى بىلەن يازغان ئەسىرى ياكى بىرەر مەكتۇپى بىرەر مەملىكەتكە يېتىپ بارسا، ئۇنىڭ كۆرگەنلەر ئەجەبلىنىپ: ‹بۇ خەت قابۇسنىڭ خېتىمۇ ياكى توزنىڭ گۈللەپ تۇرغان پەيلىرىمۇ؟›، دېيىشەتتى.»①

## ئاپتور ياشىغان زامان ۋە ماكاندىن ئۇچۇر

شەمسۇلمائالى خان جەمەتى دەۋر سۈرگەن جۇرجان خانلىقى (1982 - 1042 - يىللار) نىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ھازىرقى ئىراننىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىنى، يەنى كىران، مازاندىرا، خوزىستان، فارس، كىرمەن، ئىسپاھان قاتارلىق ئۆلكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. خانلىق سەلتەنەت 114 يىل (928 - يىلدىن 1042 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) داۋام قىلغان. خاندانلىقنىڭ شەرقىي شىمالىي يۆنىلىشىدە سامانىيلار خانلىقى (892 - 999 - يىللار ھۆكۈم سۈرگەن)، جەنۇبىي ۋە غەربىي جەنۇبىدا بويىھ خانلىقى (938 - 1056 - يىللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان) بار ئىدى. بۇ ئۈچ خاندانلىق بىر مەھەل ئۆزئارا تىركىشىپ، ئۇرۇش - غەلىيات قىلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ زېمىنىغا لەشكەر تارتىشقان. بىر قېتىملىق جەڭدە شەمسۇلمائالىنىڭ بوۋىسى قابۇس بويىھ خانلىقىنىڭ قاتتىق ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، تەختىدىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرتتا سەرگەردان بولۇپ، 18 يىل خورلۇق ئىچىدە ياشىغان. ئاخىرىدا ئۇ كۈچ توپلاپ يۇرتىغا قايتىدىن بېرىپ، شاھلىق تەختىنى قايتۇرۇۋالغان.

قابۇس بىر تەرەپتىن تەڭداشسىز ئىقتىدارغا ۋە ناھايىتى مول بىلىمگە ئىگە مەشھۇر شەخس ئىدى. ئۇ ئالىم، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر، ئەدىب ۋە خەتتاتلارنى ئۆز ئوردىسىغا يىغقانىدى. ئاتاقلىق ئالىم ئىبن سىنا ۋە ئەبۇرەيھان بىرۇنىمۇ ئۇنىڭ ئوردىسىدا بىر مەزگىل تۇرغانىدى. بىر تەرەپتىن زالىم ۋە ھەسەتخور بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ناھەق جازالاپ، ئۆزىگە كۆپ دۈشمەن - رەقىبلەرنى تاپقانىدى. شۇڭا شاھزادە فاراك دادىسىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن شاھ دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ، پادىشاھ بولغانىدى. مۇشۇنداق ئىچكى - تاشقى داۋالغۇش ئىچىدە، مىلادىيىنىڭ 1021 - يىلى شەمسۇلمائالى يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپ كەلدى. شەمسۇلمائالىنىڭ دادىسى ئىسكەندەر ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش بولغانلىق سەۋەبىدىن پادىشاھ بولۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان. لېكىن ئۇ بۇ سىياسىي كۆرەشلەردىن نېرى تۇرۇپ، بارلىق زېھىن كۈچىنى ئوغلى شەمسۇلمائالىنى تەربىيىلەشكە قاراتقانىدى. ئىسكەندەر شاھزادە بىقىياس پەم - پاراسەتلىك ۋە ئىززەت - ئابرۇيلۇق كىشى بولغاچقا، ئوغلى شەمسۇلمائالىغا ئىلاھىيەت، دىن، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ماتېماتىكا، تارىخ، تىل - ئەدەبىيات، پەلسەپە قاتارلىق پەنلەردىن ئىلىم تەھسىل قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭغا لەشكىرى ئىلىم، ئات مەشىقى، ئوقيائېتىش، چېلىشىش، مۇشتلىشىش، ئوۋچىلىق، سۇ

① «قابۇسنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى، 3 - بەت.

ئۈزۈش قاتارلىق جىسمانىي ھەرىكەت تەربىيىسىنىمۇ ئەتراپلىق ئېلىپ بارغان. بۇلار ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئەلەمدىنمۇ، قەلەمدىنمۇ يېتىشىپ چىقىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئويناپلا قالماستىن، يەنە دۇنياۋى ئەسەر «قابۇسنامە» نى يېزىشقىمۇ مۇھىم ماددىي ۋە مەنىۋى ئاساس يارىتىپ بەرگەن.

شەمسۇلمائالى تازا بالاغەتكە يېتىۋاتقان چاغلاردا ئۇنىڭ يۇرتىدا يەنە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى: غەزنەۋىلەر خانلىقى بىلەن سەلجۇقلار خانلىقى ئارقا ـ ئارقىدىن تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ رول ئالدى. غەزنەۋىلەر سۇلالىسىنى تۈركلەر مىلادىيىنىڭ 962 ـ يىللىرى ئافغانىستاندا قۇرغان. مەھمۇد سۇلتان دەۋرى (998 ـ 1030 ـ يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن) غەزنەۋىلەرنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. سەلجۇقلار سۇلالىسىنىمۇ تۈركلەر قۇرغان. تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ 1000 ـ يىللىرى تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي يايلاقلىرىدىن سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا كېلىپ ماكانلاشتى ھەم بۇ يەردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار دەسلەپتە ئۆزلىرىنىڭ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىيگە قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن مەھمۇد سۇلتان ۋاپاتىدىن كېيىن، تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ 1037 ـ يىلى خوراساندىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوللىشى بىلەن غەزنەۋىلەر سۇلالىسى سۇلتان مەسئۇدنى مەغلۇپ قىلىپ، ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتكەن ھەمدە 1042 ـ يىلى جۇرجان خانلىقىنى يۇتىۋالغان. بۇ خىل داۋالاش ۋەزىيەت ئەمدىلا 21 ياشقا كىرگەن شەمسۇلمائالىغا زىنھار پايدىسىز بولۇپ، ئۇنىڭ شاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش يولىنى ئېتىۋەتكەن. شەمسۇلمائالى ئەمدىلىكتە بولسا تۆۋەن قاتلامغا چۈشۈپ، تىجارەتچى ـ سودىگەرلەر، دېھقان ـ چارۋىچىلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە جەمئىيەتتىكى باشقا ھەر خىل تەبىقىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە گوردا شەھىرى غەزنەگە بېرىپ سەككىز يىلدەك تۇرغان ھەم ئۇ يەردە مەھمۇد سۇلتاننىڭ تەڭداشسىز زىبا مەلىكىسى بىلەن توي قىلغان. غەزنەۋىلەر خانلىقى سەلجۇق تۈركلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن، شەمسۇلمائالى ھىندىستانغا بارغان. بىر مەھەل سەلجۇقلار ئوردىسىدا تۇرغان. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن جەڭ قىلغان، گەنج شەھىرىدە شاھ ئوردىسىدا تۇرۇپ، يۇقىرى قاتلام كىشىلەر بىلەن ئارىلاشقان. بۇ خىل رەڭگارەڭ قىسمەت ـ سەرگۈزەشتىلەر ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئەلنى ئىدارە قىلىش، لەشكىرىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى مول تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىگەن.

شەمسۇلمائالى ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى ئىسكەندەر ئىران تارىخىدا زادى پادىشاھ بولغانمۇ ـ يوق؟ بۇ توغرۇلۇق خىلمۇ خىل قاراشلار بار. ئاتاقلىق ئىران تارىخچىسى سەئىد نەسەفىنىڭ «قابۇسنامە» (مەزكۇر كىتاب 1968 ـ يىلى تېھراندا نەشر قىلىنغاندا، سەئىد نەسەفى ئۇنىڭغا ئۇزۇن بىر مۇقەددىمە يېزىپ بەرگەن.) غا يېزىپ بەرگەن مۇقەددىمىسىدە ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئاتا ـ بالا ئىككىسى پادىشاھ بولمىغان.

يەنە بەزى ئالىملارنىڭ دەلىللىشىچە، شەمسۇلمائالى ۋە دادىسى ئۆمرىلىرىنىڭ ئاخىرىدا دائىرىسى ئانچە چوڭ بولمىغان تاغلىق خىلۋەت يەرلەردە شاھ بولغان. مۇشۇنداق بولغاچقىلا، ئۇلار «ئەمىر» نامىغا ئېرىشكەن. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇلار بۇ نامغا زادىلا ئېرىشەلمەيتتى. بۇ خىل قاراشنى ئىران دوكتورى ئەمىن ئابدۇللا مەجىد بەدەۋىي ئۆزىنىڭ «قابۇسنامە،

توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئەسەر 1956 ـ يىلى تېھراندا نەشر قىلىنغان①.

ئومۇمەن، ئەقىل ـ پاراسەتتە تەڭداشسىز، بىلىمدە مۆجىزە كامالەت شەمسۇلمائالى داۋالغۇپ تۇرغان زامان ۋە ماكاندا ياشىغان. ئۇ تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرى تېتىغان، مانا بۇلار «ئىسلام مەدەنىيىتى ئېنسىكلوپېدىيىسى» دەپ نام ئالغان «قابۇسنامە» نىڭ دۇنياغا كېلىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى.

## «قابۇسنامە» نىڭ يېزىلىش سەۋەبى ۋە جەريانى توغرىسىدا

شەمسۇلمائالى ياشىنىپ قالغان چاغدا تەڭرى ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل ئاتا قىلدى. ئۇنىڭ ئىسمى گىلانشاھ ئىدى. «قابۇسنامە» ئەنە شۇ گىلانشاھ ئۈچۈن ئاتاپ يېزىلغان.

«قابۇسنامە» ئوتتۇرا ئەسىر پارس ـ تاجىك «دەرى تىلى» دا يېزىلغان. ئاپتورى ئەمىر شەمسۇلمائالى كەيكاۋۇس بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسەرنى ئۆز ئوغلى گىلانشاھقا ئاتاپ يازغان. بۇلار ناھايىتى ئېنىق تارىخقا ئىگە. لېكىن كىتابنىڭ نامى «قابۇسنامە» دىكى «قابۇس» سۆزى ناھايىتى ئۇتتۇقلۇققا ئىگە. شەمسۇلمائالىنىڭ تولۇق ئىسمىدا «قابۇس» دېگەن نام بار. لېكىن ئۇ ئۇنىڭ ئۈچىنچى بوۋىسىنىڭ ئىسمى. كىتابنى بىرىنچىدىن قابۇس يازمىغان، ئىككىنچىدىن، كىتاب قابۇسقا ئاتاپ يېزىلمىغان. ئۇنداقتا، كىتابنىڭ نامى نەدىن كەلگەن؟ ئۇنىڭ ئېتمولوگىيىسى نېمە؟ بۇ توغرۇلۇق تالاش ـ تارتىش مىڭ يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار شەمسۇلمائالىنىڭ ئۆز نامىدا «كاۋۇس» ياكى «كەيكاۋۇس» سۆزى بار، مۇشۇ سۆزلەر «قابۇس» سۆزى بىلەن تەلەپپۇز ۋە ئىملادا ئارىلىشىپ قالغان سەۋەبلىك كىتاب نامى «قابۇسنامە» بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قاراپ كەلمەكتە.

يەنە بەزىلەر نېمە ۋە قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىتاب «قابۇسنامە» نامى بىلەن ئەسىر ـ ئەسىرلەردىن بۇيان ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ نامى ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتكىنى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە گەپ ئىسىمدا ئەمەس، بەلكى جىسىمدا. سەت قىزغا «گۈزەلنۇر» دەپ نام قويغان بىلەنمۇ، ئۇنىڭ سەتلىكى ئۆزگەرمەيدۇ ئەمەسمۇ، دەپ قاراپ، ئالىملارغا دىققەت ـ ئېتىبارىنى «قابۇسنامە» نىڭ نامىغا ئەمەس، ماھىيىتىگە قارىتىشنى تەۋسىيە قىلىپ كەلمەكتە. سەئىد نەسەفى «قابۇسنامە» نىڭ مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنى «نەسىھەتنامە» دېگەن ياخشى دەپ قارىغان. بىزنىڭچە، بۇنىڭمۇ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. «قابۇسنامە» نى پارسچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان جاڭ خۇي ئەپەندىمۇ ئۆزى يازغان كىرىش سۆزىدە سەئىد نەسەفىنىڭ تەشەببۇسىغا قوشۇلۇپ، تېخىمۇ ئاشۇرۇپ: «ئاپتور دوكتور سەئىد نەسەفىنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلىدۇ ھەمدە شۇنداق دەپ قارايدۇكى، كىتابنىڭ تەرجىمە نامىنى ‹نەسىھاتنامە› دېن ئېلىپ ‹قابۇستىكى پەندى ـ نەسىھەتلەر› دەپ ئالساق توغرا بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن②. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇنداق قىلىش تېخىمۇ ھاجەتسىز. بىز ئاپتورغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، مىڭ يىللىق تارىخقا ھۆرمەت قىلىشىمىز، لېنىننىڭ تىلى بىلەن

① «قابۇسنامە»، شائۇۋ كىتابچىلىق باسمىخانىسى، 2001 ـ يىلى بېيجىڭ نەشرى، 3 ـ بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب.

ئېيتقاندا، «تارىخىي تۆھپىلەرنى باھالاشتا، تارىخىي ئەربابلارنىڭ ھازىرقى تەلەپكە نىسبەتەن بېجىرىلمىگەن ئىشلىرىغا ئاساسلانماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى پېشۋالىرىغا نىسبەتەن ياراتقان يېڭىلىقلىرىغا ئاساسلىنىش لازىم.»①

كىتابنىڭ يېزىلىشىنىڭ سەۋەبى ۋە جەريانى توغرىسىدا خىلمۇ خىل قىزىقارلىق ھېكايە-لەر، ھەرخىل كىتابتا ھەر قىسما بايانلار، تەسۋىرلەر ۋە سۈپەتلەشلەر بار. بىز بۇ يەردە نۇقتىلىق قىلىپ، ئاپتورنىڭ «قابۇسنامە» سىدىكى كىرىش سۆزىنى ئاساس قىلدۇق. چۈنكى، ئۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ كىتابىنى يېزىشىدىكى نىيەت - ئىقبالى ۋە ئىستەك - ئارزۇسىنى بىرقەدەر ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

ئېيتىلىشىچە، مەزكۇر كىتابتىكى بايان خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمىر شەمسۇلمائالى كەيكاۋۇس بىن ئىسكەندەربىن قابۇسبىن ۋەشمىگىرمىرگەمىر جۇرجانى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى گىلانشاھ ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگ ئىكەن②.

ھېكايەت قىلىنىشىچە، ئۆز زامانىسىدا تەڭداشسىز ئوقۇمۇشلۇق ئالىم، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر، شائىر، ئەدىب، خەتتات، ئەلەم بىلەن قەلەمنى بىرلەشتۈرگەن ئۇلۇغ شەخس شەمسۇلمائالى كەيكاۋۇس ئۆز دۆلىتىگە ئۇزۇن يىللار ئەجىر سىڭدۈردى، تەڭرى ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر بەردى، بىقىياس شانۇ - شەۋكەت ئاتا قىلدى. لېكىن توققۇزى تەل ئادەم بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭمۇ پەرزەنتى يوق ئىدى. ئۇ پەرزەنت كۆرۈشكە تولىمۇ تەشنا ئىدى. تەقدىر ئۇنىڭ ھالىغا يەتتى بولغاي، ئۇ قېرىغان چاغلىرىدا بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. ئۇ چەكسىز شادلىنىپ، ئوغلىغا گىلانشاھ (ئېغىر - بېسىق پادىشاھ مەنىسىدە) دەپ ئات قويدى. «دەۋزە ئەز ئەۋەلى باھار» (تاجىك خەلق ماقال - تەمسىلى، مەنىسى ياخشى مايسا باش باھاردىلا چىقىدۇ.) دېگەندەك، گىلانشاھ ئەقىللىق، پاراسەتلىك ۋە ھوشيار - سەزگۈر چوڭ بولدى. بىر كۈنى شەمسۇلمائالى ئوغلىنىڭ يۈزىگە ئۇزاقتىچە قاراپ دىققەت قىلدى. گەرچە چېھرىدە بىر خىل ئەقىل - پاراسەت ۋە كامالەت ئالامەتلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ياشلىق - يىگىتلىك غۇرۇرى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ يوق ئەمەسلىكىنى سەزدى - دە، ئۇنى قانداق تەربىيىلەش توغرۇلۇق كۆپ باش قاتۇردى. ئۇ ئويلاپ - ئويلاپ ئاخىرى ئوغلىنى ئۆزى بىۋاسىتە تەربىيىلەش قارارىغا كەلدى. ئەمما ئۇنىڭغا ئۆز ئۆمرىنىڭ يار بەرمەيدىغانلىقىنى بىلدى. چۈنكى ئاقىل - دانا كىشىلەر ئەجەلنى ئۆزىدىن يىراق كۆرمەيدۇ. ئۇ بىر ئۇستاز - تەربىيىچى تېپىشنى ئويلىدى - يۇ، يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى. ئاخىر ئۇ قەتئىي قارارغا — ئوغلىنى ئۆزى بىۋاسىتە تەربىيىلەش نىيىتىگە كەلدى.

ئۇ ھەر كۈنى ئۆز ئوغلى بىلەن ئالەمدىكى كاتتا - كاتتا ئىشلاردىن تارتىپ تاكى تۇرمۇشتىكى كىچىك ئىشلارغا قەدەر سۆھبەت ئېلىپ باردى. كۈنلەر، ئايلار ۋە يىللار ئۆتمەكتە ئىدى. ئاخىرى تەلىم - تەربىيە دەستۇرى، ئەخلاق - پەزىلەت نىزامى، بىلىم خەزىنىسى دەپ ئاتالغان. شەمسۇلمائالىنىڭ مۇبارەك «قابۇسنامە» سى رۇيابقا چىقتى. ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە ئامەت - تەلىيى.

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1989 - يىل 3 - سان، 96 - بەت.
② «قابۇسنامە»، شاڭۋۇ كىتابچىلىق باسمىخانىسى، 2001 - يىلى بېيجىڭ نەشرى، 1 - بەت.

«قابۇسنامە» نىڭ يېزىلىش ۋاقتى توغرۇلۇق ھەر خىل قاراشلار بار. ئىران دوكتورى سەئىد نەسەفى «قابۇسنامە» 1082 ـ يىلى، يەنى شەمسۇلمائالى 61 ياشقا كىرگەن يىلى يېزىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە ئاپتور 80 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. 1101 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. دۇنيادا ئادەتتە مۇشۇ خىل قاراش قوبۇل قىلىنغان. ئىراننىڭ يەنە بىر دوكتورى زابىھرا سافا ئۆزىنىڭ «ئىران ئەدەبىياتى تارىخى» (1957 ـ يىل تېھران نەشرى) دە «قابۇسنامە» ئاپتورىنى 1069 ـ يىلى ۋاپات بولغان، دەپ يازغان. بۇنداق بولغاندا شەمسۇلمائالىنىڭ ياشىغان ۋە «قابۇسنامە» نى يازغان ۋاقتى خېلىلا ئالغا سۈرۈلىدۇ. مەزكۇر كىتابنىڭ يېزىلىش جەريانىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان جۇرجان خانلىقى سامانىيلار خانلىقى، بۇيىھ خانلىقى، غەزنەۋىلەر خانلىقى، سەلجۇقلار خانلىقى قاتارلىق خانلىقلارنىڭ يىلنامىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ.

## 4. «قابۇسنامە» نىڭ رامكا ـ قۇرۇلمىسى

كاتتا ئالىم، زەبەردەست يازغۇچى شەمسۇلمائالىنىڭ «قابۇسنامە» ئەسىرى ئوتتۇرا ئەسىر پارس ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بىباھا نەسرى ئەسەر، تەپەككۇر دۇردانىسى، دۇنيا مەدەنىيىتى تارىخىدىكى يۈكسەك ئابىدە ۋە ھېكمەت خەزىنىسى.

پۈتۈن كىتاب بىر مۇقەددىمە ۋە 44 بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەربىر بابتا بىر ھېكايەت بايان قىلىنىپ، ھېكايەتنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بىر ئىجتىمائىي مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە شۇ ئىجتىمائىي مەسىلە ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراش شەرھلەنگەن. مۇقەددىمىدە كىتابنىڭ ئوبيېكتى ۋە مەقسىتى بايان قىلىنغان. 44 بابنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بولۇپ، ئاپتور ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى ۋە نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشى، مەۋقەسى، مەيدان ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسى بويىچە تەرتىپلىك شەرھلىگەن. 44 باب ئەمەلىيەتتە تېپىك 44 تۈرلۈك مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇلار كىتابنىڭ مۇندەرىجىسىدە بىر قەدەر ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

## 5. «قابۇسنامە»نىڭ تېماتىك مەزمۇنى

«قابۇسنامە» چېتىشلىق مەزمۇن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئىدىيىۋىلىكىنىڭ تېرەنلىكى، لوگىكىچانلىقىنىڭ كۈچلۈكلىكى، بايان ئۇسلۇبىنىڭ خاسلىقى بىلەن پارس نەسرىچىلىكىنىڭ ئۈلگىسى، نەمۇنىسى ۋە ئۆرنىكى ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن ئەسەرنىڭ تېماتىكىسىنى تۆۋەندىكى تۆت جەھەتكە ئومۇملاشتۇرۇشقا بولىدۇ: بىرىنچىدىن، بىلىم بابىدا باي، پەزىلەت بابىدا يۈكسەك بولۇشنى غايە قىلسا، ئېتىقاد ـ ئىخلاسقا سادىق بولۇش، ئەمىر ـ پەرمانلارنى بەجا كەلتۈرۈش، تىرىشىپ بىلىم ئېلىش، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش قاتارلىق ئېسىل ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، ھەربىر ئادەم ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قىسما، تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنى نىيەت قىلسا، ئاتا ـ ئانىسىنى ھۆرمەتلەش، پەرزەنتلىرىنى ئىززەتلەش، ياشانغانلارغا غەمخورلۇق قىلىش، ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، كەپسىزلىك ـ بىتابلىققا قارىتا قاتتىق ـ كەسكىن بولۇش، دوست ـ دۈشمەن، ھەق ـ ناھەق، ئاق ـ قارا، پاكلىق ـ ناپاكلىق، دىيانەت ـ خىيانەت، ياخشىلىق ـ يامانلىق،

ھەققانىيلىق - رەزىللىك، جەننەت - دوزاخ قاتارلىقلارنى ئېنىق، روشەن ئايرىۋېلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ھەر بىر كىشى ئائىلە ۋە مال - دۇنيانى ئوبدان باشقۇرۇشنى نىيەت - ئىقبال قىلسا، شەخسىي تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش، يېمەك - ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش، يۇيۇنۇش - بېزەش، دەم ئېلىش، ئوۋچىلىق، تەنھەركەت قاتارلىقلارنىڭ قائىدە تەرتىپىنى ئوبدان ئۆگىنىشى كېرەك. تۆتىنچىدىن، كىشى جەمئىيەتتە ئىززەت - ئىكرام ۋە ھۆكۈمەتكە سازاۋەر بولۇشنى ئىستىسە، خىلمۇ خىل ماھارەت - ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش. مەسىلەن، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، مال دوختۇرلۇق، قانۇنچىلىق، تىبابەتچىلىك، شېئىرىيەتچىلىك، ئەلنەغمە، تىجارەتچىلىك، تېرىقچىلىق، مالچىلىق كەسىپلىرىنى بىلىشى، يەنە ئۆزىدە مىرزىلىق، قازىلىق، ئەلەملىك، ئەلچىلىك، ۋەزىرلىك، لەشكەرچىلىك، ھەتتا گېزى كەلگەندە شاھ - پادىشاھلىق قىلالايدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

«قابۇسنامە» قەدىمكى پارس جەمئىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن كۆرۈنۈشىنى مۇپەسسەل كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك بولۇپ، ئۇنىڭدا چوڭقۇر ۋە دانا ئىدىيە، ئىلھامبەخش، سەممىي نەسىھەت، ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق تىل ئارقىلىق، بايان بىلەن مۇھاكىمە، ھېسسىيات بىلەن ئەقلىيەت، قىسقا ھېكايەت بىلەن تەمسىلات مەنتىقىلىق بىرلەشتۈرۈلۈپ، پارسلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئەخلاق - پەزىلىتى، پەن - مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي ھايات مەنزىرىسى، ئىقتىسادى تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، نەزەرىيە - پەلسەپىسى، تىبابەت تەرەققىياتى، نىكاھ - ئائىلە قاراشلىرى، لەشكىرى ئىشلار، ئاسترونومىيە ۋە جۇغراپىيە ئىلىملىرى ناھايىتى تەپسىلىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەر گەرچە پەندى - نەسىھەت خاراكتېرىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەتتىكى ۋەز ئېيتىش بولماستىن، بەلكى مەزمۇنى چوڭقۇر، ھېسسىياتى سەممىي، قايىل قىلىش كۈچى زىيادە بولغان گۈزەل نەسرىي ئەسەر، ئۇنىڭدا پەلسەپىۋى قائىدىلەر، مۇھاكىمە بىلەن يەكۈن، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت، رومانتىزم بىلەن رېئالىزم ئەنئەنە بىلەن رېئاللىق، ھېكايەت سۆزلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، مەسەل ۋە ئۇنىڭدىكى ھېكمەتلەر ئاجايىپ ماھىرلىق بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئوقۇغاندا ئادەمنى ئاجايىپ چوڭقۇر ئويى - خىيالغا، مەنىلىك قىياس ۋە تەسەۋۋۇرغا، كىشىنى پايانسىز تەپەككۇر دۇنياسىغا باشلاپ بارىدۇ.

### 6. «قابۇسنامە»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

«قابۇسنامە»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: بىرىنچىدىن، «قابۇسنامە» پەۋقۇلئاددە ئۇسلۇبقا ئىگە. ئۇستا ناتىق ۋە قەلەم ئىگىسى شەمسۇلمائالى ئۆز ئەسىرىدە گەپنى «ئەي ئوغۇل» دېگەن خىتاب بىلەن باشلايدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق ئۇسلۇبتا مەرىپەت - نەسىھەت سۆزلىشىدە بىر تەرەپتىن بىۋاستە ئۆز ئوغلى گىلانشاھنى نەزەردە تۇتقان بولسا، ئومۇمىي نۇقتىدىن، ماكرو جەھەتتىن، پۈتۈن جەمئىيەت ئەۋلادلىرىنىمۇ خۇددى ئۆزىنىڭ پەرزەنتى ئورنىدا كۆرگەن. شۇڭا ئۇ مېھرى - شەپقەت ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن «ئەي ئوغۇل» دەپ سۆز باشلايدۇ. گېزى كەلگەچكە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى لازىم تاپتۇقكى، پارس - تاجىك كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئىككى بۈيۈك شەخس ئۆز

ئوغلىغا ئاتاپ ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىرى، شەمسۇلمائالىنىڭ بۈيۈك نەسرى — «قابۇسنامە»، يەنى بىرى، XV ئەسىردە ياشىغان تاجىك مۇتەپەككۇر شائىرى، «ئەۋلىيا شائىر» دەپ سۈپەتلەنگەن نۇرىددىن ئابدۇرەھمان جامى (1414 ـ 1492) نىڭ «باھارىستان» ناملىق ئەسىرى. بۇ ئىككى نەسىر ۋە يەنە بىر تاجىك شائىرى ناسىر خىسراۋ (1004 ـ 1088) نىڭ بۈيۈك «سەفەرنامە» نەسرى جاھان ئەدەبىيات ئەھلى ئارىسىدا: «نەسرچىلىكنىڭ يۇقىرى پەللىسى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. «قابۇسنامە» ۋە «باھارىستان» ماھىيەتتە ئاپتورلارنىڭ قىياس ـ تەسەۋۋۇرىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ، جەمئىيەت تەربىيىسى دەستۇرى سۈپىتىدە «ھېكمەت خەزىنىسى»، «ئەڭ ئېسىل تەپەككۇر جەۋھەرلىرى»، «بىلىم دېڭىزى» دەرىجىسىگە بارغان.

ئىككىنچىدىن، ئەنئەنە بىلەن رېئاللىق ئەپچىللىك بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، مەركىزى ئىدىيە يارقىن يورۇتۇلۇپ بېرىلگەن.

«قابۇسنامە» 44 ھېكايەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەربىر ھېكايەت ئاتا ـ بالا دىئالوگى شەكلى ئارقىلىق بايان قىلىنىپ، بىرەر قائىدە ياكى بىرخىل ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ خىل قائىدە ياكى ئىدىيىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھېكايەت ئارىلىقلىرىغا ئەقلىيەت سۆزلىرى، ھېكمەتلەر، شېئىر ـ مىسرالار، قىزىقارلىق مەسەللەر، ماقال ـ تەمسىللەرنى قوشۇپ، ھېكايەتنى تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ قىزىقارلىق قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەربىر ھېكايەتتىن يەكۈن چىقىرىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئوغلىغا قانداق ئادەم بولۇش، قانداق ئىشلارنى قىلىش ھەققىدە تەربىيە بەرگەن. شۇ سەۋەبلىك، خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «قابۇسنامە» يەككە پەرزەنت تەربىيىلەش كاتېگورىيىسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ، كەڭ ئىجتىمائىي تۈس ئالغان ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت ئەھلىنى تەربىيىلەشنىڭ مىزانى بولۇپ قالغان.

ئۈچىنچىدىن، «قابۇسنامە» تىل سەنئىتى ۋە ماھارىتىنىڭ ئۈرنىكى ۋە نەمۇنىسى. پارس تىلى جاھاندا پاساھەتلىك شېكەر تىل دەپ سۈپەتلىنىدۇ. شەمسۇلمائالى ئۆز «قابۇسنامە» سىدا پارس تىلىدىن ئەڭ چېۋەرلىك بىلەن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ لەززىتىنى جاھانغا نامايەن قىلغان. «قابۇسنامە» يېزىلىۋاتقان دەۋردە ئەرەب تىلى تېخى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. پارس ـ تاجىكلارنىڭ «دەرى تىلى» بولسا تەقىپ ئاستىدا باش كۆتۈرۈۋاتاتتى. تىل ساھەدىكى كۆرەش تازا پەللىگە چىقىپ، ئاخىرقى نەتىجىسى قانداق بولىدىغانلىقى تېخى ئېنىق بولمىغان شارائىتتا، ساپ پارس ـ تاجىك تىلىدا ئىككى دۇنياۋى ئەسەر بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ بىرى، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (940 ـ 1020) نىڭ بۈيۈك «شاھنامە» ئېپوسى، يەنە بىرى، شەمسۇلمائالىنىڭ «ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» دەپ نام ئالغان مەشھۇر دەستۇر «قابۇسنامە» ئەسىرى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، شەمسۇلمائالى «قابۇسنامە» دە ئەرەبچە سۆزلەرنى ئىنتايىن ئاز ئىشلەتكەن. ئۇ ئانا تىلىدىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ پاساھىتىنى نامايان قىلغان. ئۇ «قابۇسنامە» نىڭ يىگىرمە ئالتىنچى باب «شېئىر ۋە شائىرلىق ھەققىدە» دە ئېنىق قىلىپ مۇنداق بايان قىلغان: «... كېرەك بولمىغان يەردە ئەرەبچە ۋە قىيىن سۆزلەرنى كىرگۈزۈپ شېئىرىڭنى سوغۇق ۋە چۈشىنىكسىز قىلىپ قويما. لىرىك شېئىر ئېيتساڭ، ئاشىقلارنىڭ سۈپەت ۋە ھالىغا كۆرە لاتاپەتلىك (نازۇك مەزمۇندا) ئېيتقىن، شېئىردا گۈزەل، ياخشى مىسالالارنى كەلتۈرگىن. ھەممە كىشىگە خۇش كۆرۈنسۇن، شېئىرىڭنىڭ شۆھرەت قازانسۇن. شېئىرنى ھەرگىز ئارۇزنىڭ ئېغىر ۋە تەبىئەتكە ياقماس ۋەزنىدە

ئېيتما. ئېغىر ۋەزىنلىك شېئىرنى كىشىلەر ئوقۇشنى خالىمايدۇ. نازۇك - ھوشيار تەبىئەتلىك شائىرلار ئېغىر ۋەزىنلىك شېئىر ئېيتمايدۇ. سەن شائىر ئىكەنسەن، ئارۇز ئىلمىنى ياخشى ئۆگىنىشىڭ كېرەك. شېئىر ئىلمىدە سەنئەتلىك بېيىتلارنى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ياخشى ئۆگەن.»①

ئومۇمەن، بەدىئىي نۇقتىدىن ئالغاندا، «قابۇسنامە»دا سۇژېت ئورنىدا كېلىۋاتقان ھەر-بىر ھېكايەت كومپوزىتسىيە جەھەتتىن تولىمۇ قىسقا، پېرسوناژلىرى ئىنتايىن ئاز، ۋەقەلىكى بەھەيۋەت ۋە دەبدەبىلىك بولمىسىمۇ، ئەمما مەركىزى ئىدىيە ناھايىتى روشەن، ھەق - ناھەق چۈشەنچىسى ئېنىق، بايان ئوبرازلىق، قىزىقارلىق، بەدىئىي ۋە چىن - سەممىي بولۇپ، ئادەم ئۇنىڭدىن ئىستېتىك زوق ۋە مەنىۋى تەربىيە ئالىدۇ. ئۇنىڭ مىڭ يىللار مابەينىدە ئۆز قەدرى - قىممىتىنى ساقلاپ كېلەلىشىنىڭ ھەقىقىي سىرىمۇ مانا مۇشۇ يەردە!

## 7. «قابۇسنامە»دىكى پارس شېئىرىيىتى ۋە ئارۇز

ئىران بەش مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمكى مەدەنىي دۆلەت. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 - 6 - ئەسىرلەردىلا زەردۇشت دىنىنىڭ مەشھۇر دەستۇرى «ئاۋستا» داستانى بارلىققا كېلىپ، پارسلارنىڭ قەدىمكى زامان شېئىرىيىتىنى ئالەمگە نامايان قىلغان. مىلادىيىنىڭ X ئەسىردىن XVI ئەسىرگە قەدەر بەش يۈز يىل ئىچىدە پارس شېئىرىيىتى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، نىزامى گەنجەۋى، شەيخ سەئدى، ھافىز شىرازى، ئۆمەر ھەييام، جالالىددىن رۇمى، ئابدۇرەھمان جامى، مۇھەممەد ئەنۋەرىدەك جاھانشۇمۇل شائىرلار بارلىققا كېلىپ، دۇنيا شېئىرىيىتىگە مىسلىسىز تەسىر كۆرسەتكەندى. ئېنىقلىنىشىچە، بەش يۈز يىل ئىچىدە پارس شېئىرىيەت مۇنبىرىدە بىر مىڭ شائىر ئۆتكەن. خۇددى گيوتې ئۆزىنىڭ «شەرق ۋە غەرب دىۋانى»دا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، «پارسلار ئۆزلىرىنىڭ بەش يۈز يىللىق ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن شائىر - يازغۇچىلار ئىچىدە يەتتىسىنى ئەڭ ئۇلۇغ دەپ قاراپ كەلدى. بۇنىڭ راستلىقىدا مەسىلە يوق. ئەمما جىڭ گەپنى ئېيتقاندا، ئۇلار تىلغا ئالمىغان شائىرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مەندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.»، گيوتې يەنە قەدىمكى ئىراننى «شېئىرىيەت دۆلىتى»، «شائىرلار مۈلكى» دەپ تەسۋىرلىگەن:

*شېئىرنى بىلمەكلىك بولسا گەر مەقسەت،*
*شېئىرىيەت ئېلىگە قىلغىن ساياھەت.*
*نىيىتىڭ گەر بولسا شائىرنى تاپماق،*
*شائىرلار مۈلكىدە شائىر بىغايەت.*②

شەمسۇلمائالىنىڭ «قابۇسنامە»سىگە نەزەر تاشلىساق، ئۇ قەدىمكى پارس شېئىرىيەت

① «قابۇسنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى، 148 - 149 - بەتلەر.
② «گيوتې دىۋانى»، شائىخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1987 - يىل خەنزۇ تەرجىمە نەشرى، 303 - بەت.

مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، بىزنى نۇرغۇن ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز «قابۇسنامە» نىڭ 35 ـ باب «شېئىر ۋە شائىرلىق» دېگەن سەھىپىسىگە نەزەر تاشلىدۇق: يىراق XI ئەسىردىلا پارس شېئىرىيىتىنىڭ شېئىرىيەت ئەندىزىسى، شېئىرىيەت نەزەرىيىسى ۋە شېئىرىيەت ئىجادىيىتى جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. «قابۇسنامە» دە شېئىرىيەت ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش كۆپ يەردە تىلغا ئېلىنىپ، شېئىر ئىجادىيىتىدە تەمسىل ـ ئوخشىتىش جانلىق بولۇش، سېلىشتۇرما روشەن بولۇش، تەكرارلاش پاراللېل بولۇش، مەنداش سۆزلەرنى ئۇدا ئىشلىتىش، سىمۋول، ئىستىئارە بولۇش، سۆزلەرنى تەكرارلاش، رىتىمنى كۈچەيتىش، ئانتىتېزىس (قارىمۇ قارشىلىق) تەرتىپلىك ـ رىتىملىق بولۇش، مىسرالار تەكشى ـ رەتلىك بولۇش، ئوخشىتىش ـ تەقلىد قىلىش پىنھان بولۇش، قاپىيىلەر ئۆزگىرىشچان بولۇش، سۆزلەر چوڭقۇر مەنىلىك بولۇش، گەپنى قىسقا، ئىخچام قىلىش، قاپىيە ـ رىتىمنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، مىسرالار ئىزچىل بولۇش، ئالدى ـ كەينى ھەمدەم ـ ھەمنەپەس بولۇش، رىتىم ـ قاپىيە ئاھاڭدار ـ يېقىملىق بولۇش، ئىشقىلىپ شېئىرىيەتتىكى قاپىيە، ۋەزىن، ئوخشىتىش، تەقلىد، تەكرارلاش، تەدبىق، ئالماشتۇرۇش، تەرتىپ، رىتىم، ئاھاڭ، سىمۋول، ئوبراز ··· قاتارلىق ماھارەتلەرنى شېئىردا تولۇق، توغرا ئىپادىلەش كېرەكلىكى، شېئىردا ئىشلىتىلگەن سۆزلەر ھەشەمەتلىك، چۈشىنىكسىز، غۇۋا بولماسلىقى، ئەكسىچە توغرا، ئېنىق، چۈشىنىشلىك، راۋان، چىن، سەمىمى ۋە ھېسسىياتلىق بولۇشى، باشقىلار بىلمەيدىغان، يوشۇرۇن مەنىلىك، ئىككى بىسلىق سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىكى، ئومۇمەن، شېئىر ئىجادىيىتىدە مەمەدانلىق، ھاكاۋۇرلۇق، ساختىپەزلىك ۋە كاززاپلىق قىلماسلىقى كۆپ يەردە قايتا ـ قايتا كۆرسىتىپ بېرىلگەن. بۇنىڭدىن ئەينى زاماندىلا پارسلارنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى نەزەرىيىسىنىڭ ناھايىتى مۇكەممەللىكى ۋە پارسلارنىڭ يېقىنقى زامان شېئىر ئىجادىيىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىز گەپ ئارىسىدا كىتابخانلارنىڭ ھازىرقى ئىران شېئىرىيىتىگە نەزەر سېلىشنىمۇ تەۋسىيە قىلىمىز. «قەدىمكى پارس شېئىرىيەت نەزەرىيىسى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز قىممىتىنى ۋە ھاياتى كۈچىنى ھېلىھەم نامايان قىلماقتا. ئىراندا شېئىرىيەت مۇنبىرىدە ناھايىتى كۆپ ساپالىق ۋە تالانتلىق شائىرلار ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت تەلىماتى بويىچە شېئىري ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، دۇنيا شېئىرىيەت خەزىنىسىگە تۆھپە قوشماقتا.»[1]

شېئىرلانى تۈرگە ئايرىشمۇ ناھايىتى ئىلمىي ۋە مۇۋاپىق بولغان. مەسىلەن، شېئىرلارنى مەزمۇن جەھەتتىن، مەدھىيە، لىرىكا (غەزەل)، ھەجۋىيات، قەسىدە، مەرسىيە دەپ ئايرىپ، ھەربىرسىنىڭ تەبىرى، خاراكتېرى، ئوبيېكتى ۋە تەلىپى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن. شەمسۇلمائالى شېئىر ئىجادىيىتىدە يېڭىلىق ۋە ئىجادچانلىقنىڭ بولۇشىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «شېئىر ئىجادىيىتىدە مۇتەئەسسىپلىك قىلىشقا، دورامچىلىق ـ كۆچۈرمىچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، شېئىردا خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈشكە، يېڭىلىقنى يارىتىشقا ئىمكانىيەت قالمايدۇ. شېئىردا ئىجادىيەت سەۋىيىسى بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ. شائىر بولغان كىشى ھېسسىياتقا باي بولۇشى، ماھارەتتە پىششىق بولۇشى كېرەك. يېڭى ۋە ئالاھىدە شېئىرلارنى كۆرگەندە، ئۇ سىزگە يېڭىلىق تۇيۇلغاندا، سىز ئۇنى

---

[1] «ئىران ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالىلار توپلىمى»، جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى. 317 ـ بەت.

دەرھال قوبۇل قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىمىزگە تەدبىقلىشىمىز كېرەك، لېكىن ئۇنى ئەينەن كۆچۈرۈۋېلىشقا، دورىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئىشقىلىپ جانلىق ئۆگىنىشىمىز، جانلىق ئىشلىتىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، مەدھىيە شېئىرلىرىدە ئۆگەنگەن مىسرالارنى مەرسىيىدە ئىشلىتىش، مەرسىيىدە ئۆگەنگەن مىسرالارنى غەزەلدە ئىشلىتىش، مانا بۇ جانلىق ئۆگىنىش، ئەپچىل ئىشلىتىش ھېسابلىنىدۇ. باشقىلارمۇ بۇنى سىزنىڭ قەيەردىن ئالغانلىقىڭىزنى ئۇقماي قالىدۇ.»①

شەمسۇلمائالى دەۋرىدىلا، پارس - تاجىك شېئىرىيىتىنىڭ پىركامىلى ئوبۇلھەسەن رۇداكى ئەندىزىلەشتۈرۈپ بەرگەن، رىتىم، ئاھاڭ، قاپىيە، ۋەزىن زىيادە پۇختا قىلىنغان. بېيىت (مەسنەۋى)، قەسىدە، غەزەل، رۇبائى، مەرسىيە، مەدھىيە قاتارلىق شەكىللەردىن تەركىب تاپقان شېئىرىيەت سىستېمىسى شەكىللىنىپ ۋە تاكامۇللىشىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق مىللەت شېئىرىيىتىگىلا ئەمەس، كېيىنكى چاغلاردا ياۋروپاغا كىرىپ، غەرب ئەللىرى ئەدەبىياتىغىمۇ ئاجايىپ ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇ پۇختا بولسا، بىنا مەزمۇت تۇرىدۇ دېگەندەك، كېيىنكى چاغلاردا شېئىر تۈرلىرى تەرەققىي قىلىپ، پارس شېئىرىيىتىدە ئېپوسچىلىق (مەسىلەن، فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى)، داستانچىلىق (نىزامى گەنجەۋىنىڭ خەمسەسى)، غەزەلىياتچىلىق (ھافىز شىرازىنىڭ غەزەللىرى)، مەدھىيە شېئىرلىرى (رۇداكى، ئەنۋەرى قاتارلىقلارنىڭ ساقىينامە، مەينامىلىرى)، پەلسەپىۋى شېئىرلىرى (ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى، شەيخ سەئدى شېئىرلىرى)، ھېكايەتلىك شېئىرلار (جالالىددىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋى شەرىف»، سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ۋە «بوستان») قاتارلىقلار بارلىققا كەلگەن. شۇڭا، ئامېرىكا يازغۇچىسى يوھان ماسىر ئۆزىنىڭ «دۇنيا ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسسە» ناملىق يىرىك ئەسىرىدە پارس ئەدەبىياتىغا يۇقىرى باھا بېرىپ: «شەرق ئەدەبىياتىدىن غەربكە ئەڭ كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئەدەبىيات پارس ئەدەبىياتىدۇر. بۇنىڭ چىنلىقىدا مەسىلە يوق، چۈنكى پارس شېئىرىيىتىنىڭ شانۇ - شەۋكىتىگە مەشرىق ئەللىرىدىكى ئەرەبلەر، تۈركلەرنىڭ ھەممىسى قول قويىدۇ. ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ئالەمگە ياۋروپا ئەدىبلىرى ۋە ئالىملىرى تەرجىمە يولى ئارقىلىق تارقاتقان.»②

«قابۇسنامە»دە ئاپتور كۆپ يەردە ئوغلىدىن ئارۇز ئىلمىنى ياخشى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلغان. ئارۇز ئەسلىدە ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس شېئىر ئىلمى، پارسلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئارۇزنى قوبۇل قىلغان. ئۇلار ئارۇزغا زۆرۈرى تۈزىتىش - ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، پارسلارغا خاس ئارۇز نەزەرىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. «قابۇسنامە»دە كۆرسىتىلىشىچە، «پارس شېئىرىيىتىدە 17 خىل بەھر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇبارەك نامى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: تەۋىل بەھرى، بەست بەھرى، مەدىد بەھرى، ۋافىر بەھرى، كامىل بەھرى، ھەزەج بەھرى، رەجەز بەھرى، رەمەل بەھرى، سەرىئ بەھرى، مۇنسەرىھ بەھرى، خەفىف بەھرى، موزارىئ بەھرى، مۇقتەزەب بەھرى، مۇجتەس بەھرى، مۇتەقەرىب بەھرى، مۇتەدارىك بەھرى، جەدىد بەھرى. كېيىن يەنە ئىككى بەھر قوشۇلغان. بۇلار:

---

① «قابۇسنامە»، شاڭۋۇ كىتابچىلىق باسمىخانىسى، بېيجىڭ، 2001 - يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى، 147 - بەت.

② «پارس شېئىرىيىتى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا شېئىرىيەت تارىخىدىكى ئورنى توغرىسىدا»، («ئىران ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»دىن)، جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 35 - بەت.

قەرىب بەھرى ۋە مۇشاكىل بەھرىدىن ئىبارەت. دېمەك، ئەمىر شەمسۇلمائالى دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى چاغلاردا پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن تۈركىي تىللىق شېئىرىيىتىدە (مۇھىمى ئەلىشىر نەۋائىي دەۋرىدىن ئېتىبارەن) 19 خىل ۋەزىن ئۈرنەكلىرى بارلىققا كەلگەن. مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە ئىگە پارسلار ئەرەبلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلىك يازغۇچىلار بارلىققا كېلىپ ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كارامەت تۆھپە قوشقان. كېيىنكى چاغلاردا ئۇلار يېڭى شارائىت ئاستىدا جاھانشۇمۇل، يېڭى پارس ئەدەبىياتىنى يارىتىپ جاھان ئەدەبىيات ئەھلىنى تاڭ قالدۇرغان. ئەينى چاغلاردا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ پارسلاردەك يول تۇتتى. ئۇلار دەسلەپتە پارسچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. كېيىنرەك ئۆز ئانا تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ، پارسلارغا تەقلىد قىلىنغان، ئۇيغۇرلاشقان ئارۇز ۋەزنى سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇنىڭ ئېنىق ۋاقتىنى دەپ بېرەلمىسەكمۇ، لېكىن «قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كلاسسىكى، بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپ (مىلادىيە XI ئەسىر) نىڭ قەشقەر دىيارىدا ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىب بەھرى، مەسنەۋى شەكلىدە 13 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق ‹قۇتادغۇبىلىك› داستانىنى يېزىپ چىققانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز.»[①] شىنجاڭدا ئارۇز ئۇقۇمى ۋە ئاتالغۇسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسى بەك بوش. بۇ توغرۇلۇق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ناھايىتى زۆرۈر.

## 8. «قابۇسنامە» نادىر نۇسخىلىرىنىڭ ساقلىنىشى ئەھۋالى

«قابۇسنامە» دەسلەپتە قول يازما شەكلى بىلەن قولدىن قولغا ئۆتۈپ كەلگەن. شۇڭا بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلگەن قولىيازما نۇسخىلىرى قىممىتى ئەڭ يۇقىرى ئەتىۋارلىق ماتېرىيالغا ئايلىنىپ قالدى. بىرقانچە نادىر نۇسخىلارنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

1. فاتاخ نۇسخىسى: بۇ نۇسخا تۈركىيە ئىستامبۇل فاتاخ كۇتۇبخانىسىدا ساقلانماقتا. ئۇ 1227 ـ يىل كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئەڭ بۇرۇنقى نادىر نۇسخا ھېسابلىنىدۇ.

2. رىدەن نۇسخىسى: گوللاندىيىنىڭ رىدەن كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. 1319 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخا.

3. تېھران نۇسخىسى: ئىران تېھران دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. 1349 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخا. ئىران دوكتورى سەئىد نەسەفى بۇ نۇسخىغا سېلىشتۇرۇش ۋە تۈزىتىش ئېلىپ بېرىپ، 1933 ـ يىلى تېھراندا ئۇنى مىغ مەتبەئەدە رەسمىي نەشر قىلدۇرغان. «قابۇسنامە» نىڭ ھەرخىل يېزىقتىكى تەرجىمە نەشرلىرى بەكرەك مۇشۇ تېھران نەشرىنى ئاساس قىلماقتا. چۈنكى، ئىران بىرىنچىدىن، «قابۇسنامە» نىڭ بارلىققا كەلگەن ئانا ماكانى. ئىككىنچىدىن، بۇ كىتاب پارس تىلىدا يېزىلغان. شۇنداق بولغاچقا، ئىران بۇ ساھەدە ئەڭ سالاھىيەتلىك ئەل ھېسابلىنىدۇ.

4. برىتانىيە موزېيىدىكى نۇسخىسى: بۇ نۇسخا ئەنگلىيىنىڭ برىتانىيە مۇزېي كۇتۇپخانە-

---

① كېلاڭ شىمىن: «شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماقالىلار توپلىمى»، مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 159 ـ بەت.

سىدا ساقلانماقتا. بۇ 1457 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخا.

5. پارىژ نۇسخىسى: فرانسىيە پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. 1474 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخا.

ئېلىمىزدە جاڭ خۇي ئەپەندى پارس تىلىدىن تەرجىمە قىلغان، شاڭخۇ كىتابچىلىق باسمىخانىسى نەشر قىلغان «قابۇسنامە» ئىران دوكتورى غۇلام ھۈسەن يۈسۈفى سېلىشتۇ- رۇش ـ تۈزىتىش ئارقىلىق 1968 ـ يىلى تېهراندا نەشر قىلىنغان (فاتاى نۇسخىسى) «قابۇسنامە»نى ئاساس قىلغان ھەم خەنزۇچە تەرجىمىسى دۇنيادىكى مەشھۇر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش مەجمۇئەلىرى كاتولوگىغا كىرگۈزۈلگەن.

## 9. «قابۇسنامە»نىڭ يۈكسەك ئورنى ۋە تەسىرى

«قابۇسنامە» بىر مەنىۋى بايلىق سۈپىتىدە زاماندىن ـ زامانغا تارقىلىپ كەلمەكتە. ئۇ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئاجايىپ تەسىر قوزغىغان. بولۇپمۇ بۇ بىباھا ئەسەر پارس ـ تاجىك كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا پەخىرلىك ئورۇنغا، يۈكسەك ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە تەسىرگە ئىگە. «قابۇسنامە» دۇنياغا كېلىپ، 50 يىلدىن كېيىن، پارس ـ تاجىك سوفىزم نامايەندىلى- رىدىن بىرى بولغان ئەبۇلمەجىد سەنائى (1072 ـ 1141) «ھەقىقەت بېغى» ناملىق داڭلىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. ئۇ بۇ ئەسەرنى «قابۇسنامە» ئۇسلۇبىدا يازغان ھەم ئۇنىڭدىن نۇرغۇن مەسەل، قىسقا ھېكايەت ۋە ھېكمەتلەرنى ماتېرىيال قىلىپ ئالغان. سەنائى چەكسىز ھۆرمەت بىلەن شەمسۇلمائالىنى «ئەۋلىيا ئۇستاز» دەپ تىلغا ئالغان. پارس ـ تاجىك كلاسسىكلىرىدىن مۇھەممەد ئەتتار (1145 ـ 1229)، جالالىددىن رۇمى (1207 ـ 1273)، شەيخ سەئدى (1208 ـ 1292)، ئابدۇرەھمان جامى (1414 ـ 1492)، خىسراۋ دېھلىۋى (1253 ـ 1325) قاتارلىق دۇنياۋى شائىرلارنىڭ ھەممىسى «قابۇسنامە»دىن ئۆرنەك ـ ماتېرىيال ئالغان. بولۇپمۇ نەسىرچىلىك ئىجادىيىتىدە «قابۇسنامە» ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلمىغان، ئۇنىڭ- دىن يانداپ ئۆتكەن يازغۇچىلار يوق دېيەرلىك. مۇشۇلار سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ئىراننىڭ ئاتاقلىق ئالىمى، «شائىرلار شاھى» دەپ نام ئالغان مۇھەممەد باھار (1886 ـ 1951) «قابۇسنامە»گە باھا بېرىپ، ئۇنى «ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» دەپ كۆر- سەتكەن. ئىراننىڭ ئاتاقلىق تارىخچىسى ئابباس ئەكبەر ئەشتىيانى ئۆزىنىڭ «ئىراننىڭ ئومۇمىي تارىخى» ناملىق ئىككى قىسىملىق تارىخىي ئەسىرىدە شەمسۇلمائالى ۋە ئۇنىڭ «قابۇسنامە»سىغا يۈكسەك باھا بېرىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «پەندى ـ نەسىھەت شەكلىدە ئوغلىغا ئاتاپ يېزىلغان ‹قابۇسنامە› كىتابى پارس ئەدەبىياتىدىكى نادىر نەسرلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئاپتورنىڭ بىلىم ئىقتىدارى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ماھارىتىنى خەلقئالەمگە نامايان قىلغان...»①

«ئىران ئالىمى مۇھەممەد باھار ‹قابۇسنامە›نى ‹ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئېنسىكلوپېدى- يىسى› دەپ باھالىغان. دەرھەقىقەت، بۇ، لاپ گەپ ئەمەس. چۈنكى ‹قابۇسنامە›نىڭ

① ئاببياس ئەكبەر ئەشتىيانى: «ئىران ئومۇمىي تارىخى» 1 ـ قىسىم، ئىقتىساد گېزىتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 161 ـ بەت.

تېماتىك مەزمۇن دائىرىسى ئەينى زامان پارس جەمئىيىتىنىڭ بارلىق ساھەسىگە ئالاقىدار بولۇپ، يۇقىرىسى پەلەكشۇناسلىقنى، تۆۋىنى ئويۇن - تاماشىغىچە بولغان جىمى ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى، مەزمۇنى، ئۇسلۇبى، تىلى ۋە ستاتىستىكىسى تەبىئىي ۋە سەمىمىي بولۇپ، كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدۇ.»①

ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە ئەسەر ئۆزى بارلىققا كەلگەن زامان ۋە ماكاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، دۆلەت، رايون، ئىرق، مىللەت ۋە دىنىي ئېتىقاد پاسىلىنى بۇزۇپ، ئومۇمىي ئىنسانىيەت مەنىۋى ئوزۇقىغا ۋە دۇنيا مەدەنىيەت تەۋەررۈكىگە ئايلىنالايدۇ. «قابۇسنامە» دەل شۇ جۈملىدىندۇر.

«قابۇسنامە» دۇنياغا كېلىپ 300 يىلدىن كېيىن، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى مۇراد I (مىلادىيە 1421 - 1425 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) سەلتەنەت بابىدا بىر خەير - ساخاۋەت كۆرسىتىپ، «قابۇسنامە» نى پارس تىلىدىن تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىشنى پەرمان قىلغان. پارسگۇي ئەھمەد بىن ئارىياس بولسا سۇلتاننىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈردى. تۈركىي تىللىق «قابۇسنامە» 1424 - يىلى دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ تۈركىي تىللىق باسما نەشرى 1880 - يىل رۇسىيەدە چىققان. «قابۇسنامە» فرانسۇز تىلىدا 1886 - يىلى پارىژدا نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، «ئامەت كەلسە، توخۇمنىڭ تاشلى چاقىدۇ، ئامەت قاچسا، چىشنىڭ ئاتلادا سۇنىدۇ» (تاجىك خەلق ماقالى) دېگەندەك، «قابۇسنامە» ياۋروپا ۋە دۇنيادا كاتتا بازارغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ گېرمانىيە، ئىنگلىزچە، رۇسچە، ئەرەبچە، ياپونچە تەرجىمىسى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىندى. بەزى تەرجىمە نەشرلىرى قايتا - قايتا بېسىلدى. روسچە بىر قېتىملىق نەشرىنىڭ تىراژى 50 مىڭدىن ئاشقان. نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر شەمسۇلمائالىغا يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنى «ئەخلاق - پەزىلەت بابىدا تېپىلماس بىر ئۇستاز» دېگەن بولسا، بەزىلەر ئۇنىڭ ھېكمەتلىرىدىن تاللاپ ئۆزىگە ئاخىرەتلىك قەبرە تەزكىرىسى قىلغان، ئىراندا «قابۇسنامە» ئەڭ كۆپ نەشر قىلىنغان. 1968 - يىلغا كەلگەندە جەمئىي 26 قېتىم نەشردىن چىققان. ھىندىستاننىڭ بومباي شەھرىدە پارسلار كۆپ بولغاچقا، «قابۇسنامە» كۆپ قېتىم پارس تىلىدا نەشر قىلىنغان. ئېلىمىز جۇڭگودا «قابۇسنامە» خېلى بۇرۇنلا چەت ئەل ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرىدە، ئەدەبىيات، پەلسەپە، تارىخ لۇغەتلىرى، قامۇسلىرى ۋە ئېنسىكلوپېدىيىلىرىدە مەخسۇس تېما بويىچە تونۇشتۇرۇلغان. 2001 - يىلى شاڭخۇ كىتابچىلىق باسمىخانىسى «قابۇسنامە» نى پارس تىلىدىن بىۋاسىتە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدى. شىنجاڭ رايونىدا «قابۇسنامە» خېلى بۇرۇنلا تارقالغان، مەدرىسلەردە ئۇ مەخسۇس تىل - ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - ۋە 90 - يىللىرىدا مەرھۇم ئۆلىما ئابدۇرشىت ئىسلامىنىڭ تەرجىمىسىگە ئاساسەن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى بۇ كىتابنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىككى قېتىم نەشر قىلدى، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ نەشرىدە 44 بابتىن 15 باب، يەنى پۈتۈن كىتابنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى قىسقارتىلغان. تولۇن ئاي ھىلال ئايغا ئۆزگەرتىلگەن.

پارس ئەدەبىياتىدىكى «شاھنامە»، «قابۇسنامە»، «گۈلىستان»، «بوستان»، «مەسنە-

---

① «ئىران مەدەنىيىتىگە دائىر ماقالىلار توپلىمى»، جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 317 - 318 - بەتلەر.

ۋى شەرىق»، نىزامىي خەمسەسى، جامىي خەمسەسى، ھافىز غەزەللىرى، ئۆمەرخەييام رۇبائىيلىرى شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دۇنياغا تونۇلۇپ داڭق چىقارغانكى، مۇشۇ ئەسەرلەرنىڭ خاراك- تېرىدە ئەسلىدىنلا دۇنياۋىيلىق بولغاندىن سىرت، يەنە ئەڭ مۇھىم ۋە سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر ئامىل شۇكى، بۇ ئەسەرلەر ياۋروپا تىللىرىدا تەرجىمە - نەشر قىلىنىپ، گيوتېدەك كاتتا شائىرنى، گېگېلدەك زەبەردەست پەيلاسوپنىمۇ تاڭ قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن. ئېلىمىزنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدە ياشاۋاتقان تاجىكلار ئارىسىدا «قابۇسنامە» مەنىۋى دەستۇر قاتارىدا ئۇلۇغلىنىدۇ، ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن قىسقا ھېكايەت - مەسەل، كۆپلىگەن ماقال - تەمسىللەر، ئىدىئوم - ھېكمەتلەر ئاز كەم مىڭ يىل مابەينىدە زاماندىن - زامانغا، ماكاندىن - ماكانغا، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا تارقىلىش جەريانىدا خەلق ئىچىگە شۇ دەرىجىدە سىڭىپ كەتكەنكى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىر تەركىبىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئاتا - ئانىلار، ئەجدادلار بالىلىرىغا، ئەۋلادلىرىغا «قابۇسنامە» دىكى قائىدە - نىزام بويىچە تەلىم بېرىدۇ، نەسىھەت قىلىدۇ ۋە مەسلىھەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ مىللىتىمىز ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە تەسىرىنى تىل بىلەن بايان قىلىشتا ئاجىزلىق قىلىمىز.

## 10. «قابۇسنامە» نىڭ چەكلىمىلىكى

«قابۇسنامە» بۈگۈنگىدىن ئاز كەم توققۇز ئەسىر ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن. ئۇ شۇ دەۋرنىڭ ئىلغارلىقلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۆزى ياشىغان زامان ۋە ماكاننىڭ پاسسىپ ئامىللىرىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە يوشۇرۇۋالغان. چۈنكى شەمسۇلمائالى ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭلا ئوغلانى بولماستىن، يەنە ئۇ ئۆزى ياشىغان زامان ۋە ماكانىنىڭمۇ ھەم ئوغلانى. بۇ ئەقەللىي ساۋات. دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئەسەرنىڭ ئەيىب - نۇقسانى بولىدۇ. «قابۇس- نامە» مۇ بۈگۈنگىدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە. «قابۇسنامە» نىڭ چەكلىمىلىكىنى تۆۋەندى- كى جەھەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، كىتابنىڭ نۇرغۇن قۇرلىرىدىن ئاپتورنىڭ فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار- نىڭ ئىدىيىسىنى ۋە خاھىشىنى يوشۇرۇۋالغانلىقىنى بايقاش مۇمكىن. ئۇ مەزكۇر كىتابنىڭ 3 - بابى «ئاللاھنىڭ ھىممىتىگە تەشەككۇر قىلىش ھەققىدە» دە باشقىلارنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆز ئىدىيىسىنى بايان ئەتكەن:

*«گادايى، نامرات، پەسەندە قۇل،*
*شاھ بولۇشنى قىلسا خىيال،*
*كېسىۋەتكىن باشىن ئۇنىڭ،*
*بۇندىن بۆلەك يوقتۇر ئامال.»*

ئىككىنچىدىن، دۇنيا قاراش جەھەتتە ئاپتور ئىدېئالىزملىق تەقدىرچىلىك قارىشىغا مايىل بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەرەققىياتىنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە، ئادىل شاھلارنىڭ پاراسىتىگە باغلىق دەپ قارايدۇ. ئۇ ھەتتا ئادەم تېخى تۆرەلمىدىكى چېغىدىلا ئۇنىڭ تەقدىر - ئىقبالى بەلگىلەنگەن بولىدۇ، پېشانىگە نېمە پۈتۈلگەن بولسا، شۇنى كۆرمەسلىككە ئامال يوق. دەپ ھېسابلايدۇ. مەسىلەن، ئۇ 34 - باب «ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)

ھەققىدە» دە، «يۇلتۇزلارنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالىنى توغرا ئىگىلىۋالساڭ، ئۇنىڭدىن بىراۋنىڭ تۇغۇلىدىغانلىقىنى، ئادەمنىڭ تەلەي ـ ئامەت ۋە بالا ـ قازاسىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.»[1] دېگەن.

«قابۇسنامە» دە يەنە ھازىرقى زامان ئىدېئولوگىيىسى ۋە قىممەت قارىشىغا زىت كېلىدىغان نۇرغۇن نۇقسانلار بار.

لېكىن، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئەيىب ـ نۇقسانلار «قابۇسنامە» ئۈچۈن ئېيتقاندا، خۇددى تولۇن ئاي يۈزىدىكى غۇۋا داغدىنلا ئىبارەت، خالاس. بىز «قابۇسنامە» غا قارىتا مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىش، توغرىسىنى ئېلىپ خاتاسىنى تاشلىۋېتىش پرىنسىپىنى قوللىنىشىمىز لازىم. كېسىپ ئېيتقاندا، تارىخىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتىكى توغرا پوزىتسىيە، تارىخىي مىراسلاردا ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزدە!

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. شەمسۇلمائالى: «قابۇسنامە» تېھران 1968 ـ يىل، پارسچە نەشرى.
2. شەمسۇلمائالى: «قابۇسنامە»، شاڭۋۇ كىتابچىلىق باسمىخانىسى، 2001 ـ يىل بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى.
3. شەمسۇلمائالى: «قابۇسنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
4. «ئىران ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالىلار توپلىمى»، جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى.
5. ئابباس ئەكبەر ئەشتىيانى: «ئىران ئومۇمىي تارىخى» (ئىككى قىسىم)، ئىقتىساد گېزىتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل خەنزۇچە، تەرجىمە نەشرى.
6. باباجان غاپۇروف: «ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىكلار تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى. 1985 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
7. «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1982 ـ يىل 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ سانلىرى.
8. «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى، چەت ئەل ئەدەبىياتى قىسمى» (1 ـ، 2 ـ توم)، جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى نەشرىياتى، بېيجىڭ، شاڭخەي 1982 ـ نەشرى.
9. «جۇڭگو تاجىكلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىل خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نەشرى.
10. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، 2000 ـ يىل قوشۇمچە سان.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن، پروفېسسور)

[1] «قابۇسنامە»، شاڭۋۇ كىتابچىلىق باسمىخانىسى، 2001 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 142 ـ بەت.

# لەتىپىلەر

* * *

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئۆز قەسرىدە ئولتۇرۇپ، ھەممە ياققا كۆز سېلىپ تۇرار ئىدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ ئۈچ توخۇنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان بىر كىشىگە كۆزى چۈشتى. ئۇستۇۋىشى يېلىڭ بۇ ئادەم توخۇلارنى سۇلتانغا كۆرسىتىپ، ئۇنى پەسكە چۈشۈشكە ئىما قىلار ئىدى. سۇلتان دەرھال بىر خىزمەتچىسىگە بۇيرۇپ، ئۇنى ئالدىغا چاقىرتىپ سورىدى:

— بۇلار نېمە توخۇلار؟ نېمىشقا ماڭا ئىشارەت قىلدىڭ؟

ئۇ كىشى دېدى:

— مەن بىر قىمارۋاز ئادەم، بۈگۈن ئالىيلىرىنى شېرىك قىلىپ قىمار ئوينىغان ئىدىم، ئالتە توخۇ ئۇتتۇۋالدىم. مانا سىلىنىڭ ئۈلۈشلىرى بولغان بۇ ئۈچ توخۇنى ئېلىپ كەلدىم.

سۇلتان كۈلۈپ توخۇلارنى تاپشۇرۇۋالدى ۋە ئۇنى تارتۇقلىدى، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى كىشى ئىككى توخۇ ئېلىپ كەلدى. ئۈچىنچى قېتىم ئۈچ توخۇ ئېلىپ كەلدى. تۆتىنچى قېتىم كەلگىنىدە قولىدا ھېچنەرسە يوق بولۇپ، ناھايىتى قايغۇلىنىپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرار ئىدى. سۇلتان سورىدى:

— ھە، شېرىك، نېمە بولدى، نېمىگە بۈنچە خاپاسەن، نېمىشقا توخۇ ئېلىپ كەلمىدىڭ؟ بۈگۈن مېنى شېرىك قىلىپ قىمار ئوينىمىغان ئوخشىمامسەن؟

— بۈگۈنمۇ ئالىيلىرىنى شېرىك قىلىپ مىڭ تىللاغا ئوينىغانىدىم، لېكىن ئۇتتۇرۇۋېتىپ بار - يوقۇمدىن ئايرىلدىم. ئۈمىد قىلىپ ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدىم، مەرھەمەت قىلغايلا.

مەھمۇد غەزنەۋى قەھ - قەھ ئۇرۇپ كۈلدى ۋە ئۇنىڭغا بەش يۈز تىللا بېرىپ ئېيتتى:

— شېرىكىم، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى شېرىك قىلىپ قىمار ئوينىماق بولساڭ، ماڭا خەۋەر قىل، دەرھال يېنىڭغا بارىمەن. ماڭا خەۋەر قىلماستىن قىمار ئوينىما، ماقۇلمۇ؟ شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھىيلىگەر قىمارۋاز سۇلتانىنىڭ يېنىغا ئىككىنچىلەپ كەلمەي دېرەكسىز يوقاپ كەتتى.

* * *

بىر كىشىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن بېخىل، پىخسىق دوستى بار ئىدى.

بىر كۈنى دوستىنى كۆرگىلى ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۆيدىكىلەر بېخىلنىڭ بەزگەك بولۇپ قېلىپ يوتقانغا ئورىلىپ ياتقىنىنى ئېيتىشتى. ئۇ كىشى بېخىل دوستىنىڭ ئۆيدىكىلەرگە مۇنداق مەسلىھەت بەردى.

— ياخشى تاماق پىشۇرۇپ، دوستۇمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ يەڭلار، ئۇ بۇنىڭغا چىدىيالماستىن شۇ زامان تەرلەيدۇ - دە، بەزگەكتىن قۇتۇلىدۇ.

* * *

بىر كىشى بىراۋنىڭ كۆڭلىكىنى ئوغرىلىدى ۋە سېتىپ كەلگىن، دەپ ئوغلىغا بەردى.

ئوغلى كۆڭلەكنى بازارغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، باشقا بىر كىشى ئۇنىڭ قولىدىن كۆڭلەكنى تارتىۋېلىپ قېچىپ كەتتى. ئوغلى ئىلاجىسىز ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. ئاتىسى: «ئوغلۇم، كۆڭلەكنى نەچچە پۇلغا ساتتىڭ؟» دەپ سورىغاندى، ئوغلى:

— كۆڭلەك ئۆز نەرخىدە كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى.

* * *

قەدىمكى ئەرەب پازىللىرىدىن بىرى ئېيتۇرلەر:

— مەن ھېچكىمگە ئالدانمىغانىدىم، پەقەت بىر يىگىت مېنى تازىمۇ بابلىدى. بىر قىزغا ئۆيلەنمەك بولۇپ، ئۇ يىگىتتىن شۇ قىز توغرىسىدىكى پىكرىنى سورىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

— سىز ئۇ قىزغا ئەسلا ئۆيلەنمەڭ، چۇنكى بىر ئەركەك كىشىنىڭ ئۇنى سۆيگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

مەن يىگىتنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇ قىزغا ئۆيلەنمىدىم، كېيىن شۇ قىزغا ھېلىقى يىگىتنىڭ ئۆزى ئۆيلىنىۋالغانلىقىنى ئىشىتتىم. بىر كۈنى ئۇ يىگىتنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، دېدىم:

— ئەي يىگىت، ئەركەك كىشى سۆيگەن قىزغا نېمىشقا ئۆيلەندىڭ؟ ئۆزۈڭ: «ئۇ قىزنى بىر ئەركەك كىشىنىڭ سۆيگىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم» دېگەنىدىڭغۇ؟

— توغرا، ئۇ قىزنى ئۆز ئاتىسى سۆيگىنىنى كۆرگەنىدىم، مەن سىزگە شۇنى ئېيتقانىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى يىگىت.

* * *

بىر كىشى پادىشاھ ئالدىغا بېرىپ: — «مەن پەيغەمبەرمەن، ماڭا ئىنئام كەلتۈرگىن»، — دېدى.

پادىشاھ قۇلۇپلانغان بىر قۇلۇپنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ دېدى:

— ئەگەر، پەيغەمبەر بولساڭ، مۆجىزە كۆرسەت، شۇ قۇلۇپ كىلىت سېلىنماي ئېچىلىپ كەتسۇن.

يېڭى پەيغەمبەر پادىشاھقا دېدى:

— قىزىق ئىكەنسەن، مەن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىۋاتىمەن، تۆمۈرچىلىك دەۋاسى قىلىۋاتقىنىم يوق.

پادىشاھ كۈلۈپ، ئۇنىڭغا ئىنئام بېرىپ يولغا سالدى.

* * *

بىر يىگىتنىڭ «ھۆر» ئىسىملىك ناھايىتى چىرايلىق خوتۇنى بار ئىدى. ئۇ دۈشمەنگە قارشى جەڭگە بارماي، ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا تەنە قىلىپ:

— ئەي نامەرد، نېمىشقا ئۇرۇشتا قاتناشماي قايتىپ كەلدىڭ؟ دۈشمەننى ئۆلتۈرسەڭ غازى، ئۆلسەڭ شېھىت بولۇپ، قىيامەتتە جەننەتكە كىرىپ، «ھۆر - پەرى» گە ئۆيلىنەر ئىدىڭ، — دېيىشتى.

ئۇ يىگىت ئېيتتى:

— ئۆيۈمدە ئۆزۈمنىڭ ھۆرى بار، ئۇ يەردىكى «ھۆر» نى دەپ ئۆلۈشنى خالىمايمەن.

* * *

بىر شائىر زوّرۇر ئىش بىلەن دەرياسلاق ئۇ قېتىغا ئۆتمەك بولدى. ئۇ قېيىقچى بىلەن كىرا باھاسىدا كېلىشىپ، قېيىققا ئولتۇردى، شائىر قېيىقتا نەۋائى ۋە جامىي شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرار ئىدى، قېيىقچى ئۇنىڭدىن:

— بۇرادەر، كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.

شائىر:

— نەۋائى ۋە جامىيلار بىلەن پاراڭلىشىۋاتىمەن، — دېدى.

شائىر قىرغاققا چىقىپ قېيىقچىغا پۇل ئۇزاتتى.

قېيىقچى ئۇنىڭغا دېدى:

— بۇ بەرگەن پۇلىڭىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن، ئەمدى نەۋائى، جامىي دېگەن ئاغىنىلىرىڭىز ئۈچۈنمۇ پۇل تۆلەڭ. سىز قېيىقتا ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردىڭىز.

شائىر ھەرقانچە چۈشەندۈرۈپمۇ قېيىقچىنى قايىل قىلالمىدى ۋە ئىلاجسىز نەۋائى، جامىيلار ئۈچۈنمۇ ھەق تۆلىدى.

* * *

ئىككى دوست ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىرسى ئىككىنچىسىگە ئۆز ھالىدىن قاقشاپ دېدى:

— دوستۇم، ھالىم بەك يامان، ئاشقازىنىم ھېچنېمىنى سىڭدۈرەلمەيدۇ، ناھايىتى كۆچسىزمەن، كۆزلىرىم ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، بېشىم قايدۇ، كۆڭلۈم ئاينىيدۇ، ئاياغلىرىم تىترەيدۇ، كېچىسى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ، ئىسسىتمام ئۆرلەپ ئۆرتىنىمەن، ئەگەر دە دوستلىرىم سىنىڭدىن مېنىڭ ھالىمنى سورىغۇدەك بولسا، شۇنداق دەپ ئېيتۇرسەن.

دوستى ئۇنىڭغا:

— توختا، دوستۇم، مېنى كەچۈر، بۇنداق ئۇزۇن سۆزلىرىڭنى ئېسىمدە تۇتالمايمەن، سېنىڭ ھالىڭنى سورىغانلارغا قىسقىلا قىلىپ: «بىچارە دوستۇم ۋاپات قىلدى» دەپلا قويىمەن، دەپ جاۋاب بەردى.

* * *

بىر كىشى ئۆيلەندى. ئۇنىڭ خوتۇنى نىكاھتىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ تۇغۇپ قويدى. ئۇ كىشى شۇ زامان كىتاب دۇكىنىغا بېرىپ ئېلىپبە، قەغەز، قەلەم، دەپتەر سېتىۋالدى.

باشقىلار ئۇنىڭدىن:

— ئاخىر ئۆزۈڭ ئوقۇش - يېزىشنى بىلمەيسەن، بۇ نەرسىلەرنى نېمە قىلىسەن؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى:

— خوتۇنۇم مەن بىلەن توي قىلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن تۇغدى. بۇنداق قىسقا مۇددەتتە تۇغۇلغان بالا، ئەلۋەتتە ئەتە - ئۆگۈن مەكتەپكە بېرىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇش - يېزىشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويدۇم، — دەپ جاۋاب بەردى.

* * *

ئىككى نادان كىشى سەپەرگە چىقتى. يولدا كېتىۋېتىپ بىر - بىرىگە دېيىشتى:

— بەختىم ئوڭدىن كېلىپ بىرقانچە قويغا ئىگە بولسام ئىدى، ئۇلارنىڭ يۇڭى ۋە گۆشىدىن كۆپ پايدا تاپار ئىدىم.

— مېنىڭمۇ تەلىيىم ئوڭ كېلىپ بىرنەچچە بۆرىگە ئىگە بولغىنىمدا ئىدى، ئۇلارنى قويلىرىڭنىڭ ئارىسىغا قويۇۋېتىپ، بىرەرسىنىمۇ تىرىك قويماس ئىدىم.

— مېنىڭ قويلىرىمنى نېمىشقا بۆرىلىرىڭگە يېدۈرىسەن؟

— سەن خەسىس كىشىسەن، بەرىبىر قويلىرىڭنىڭ گۆشى ۋە يۇڭىدىن ماڭا بەرمەيسەن.

شۇنداق قىلىپ، يوق قويلار ۋە بۆرىلەر ئۈچۈن ئىككى ئوتتۇرىسىدا جاڭجال باشلاندى. ئۇلار ئۇرۇشۇپ باش - كۆزلىرىنى قان قىلىشتى. ئۇرۇشا - ئۇرۇشا چارچاپ، يولنىڭ بىر چېتىگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى. يىراقتىن بىر بوۋاي بىر تۇلۇم بالنى ئېشەككە يۈكلەپ كېلىۋاتار ئىدى. ئىككى نادان: «شۇ كىشى سۆزىمىزنى ئىشتىپ قانداق ھۆكۈم قىلسا، شۇنىڭغا رازى بولايلۇق» دېگەن يەرگە كېلىشتى. بوۋاي يېتىپ كەلدى. ئىككى نادان ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى بايان قىلىشىپ، قانداق ھۆكۈم قىلسا، شۇنىڭغا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى. ھېلىقى بوۋاي سەكرەپ ئېشەكتىن چۈشتى، يېنىدىن پىچىقىنى ئېلىپ، تۇلۇمنى يېرىپ تاشلىدى، بال يەرگە تۆكۈلدى. ئاندىن ئۇلارغا قاراپ:

— ھەر ئىككىڭلار نادان بولمىساڭلار، مېنىڭ قېنىم يەرگە مۇشۇ بالدەك تۆكۈلسۇن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئىككى نادانغا ئۈچىنچى نادان قوشۇلغان ئىكەن.

* * *

بىر كۈنى بەھلۇل دىۋانە ھارۇن رەشىدنىڭ قوبۇلخانىسىغا كىردى. ھارۇن رەشىد ئۇ يەردە يوق ئىدى. بەھلۇل دەرھال ئۇنىڭ تەختىگە چىقىپ ئولتۇردى. ياساۋۇللار بەھلۇلنى تونۇماس ئىدى. تەختكە چىقىپ ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى كالتەكلەپ باش - كۆزىنى قان قىلدى. شۇ چاغدا ھارۇن رەشىد كېلىپ قالدى. بەھلۇلنىڭ بېشىدىن قان ئېقىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزى كۈلگەن پېتى تەختتە ئولتۇرار ئىدى. ھارۇن بەھلۇل دىۋانىنىڭ يېنىغا ئەدەپ ۋە تەزىم بىلەن كېلىپ سورىدى:

— ئەي بەھلۇل، سىزگە نېمە بولدى، نېمىگە كۈلىسىز؟

بەھلۇل دېدى:

— ئالىيلىرىنىڭ تەختىدە بىر سائەت ئولتۇرغان ئىدىم، ئۇرۇپ بېشىمنى يېرىشتى. ئالىيلىرى بىر نەچچە يىلدىن بېرى شۇ تەختتە ئولتۇرۇۋاتىدىلا، سىلىنىڭ كۈنلىرى قانداق ئۆتۈۋاتقاندۇر، دەپ شۇنىڭغا كۈلۈۋاتىمەن.

* * *

بەھلۇل دىۋانە خورما سېتىۋېلىپ، ئۇرۇقى بىلەن يۇتىۋېتەر ئىدى. ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا ئۇرۇقىنى يۇتىۋېتىسەن؟ — دەپ سوراشتى.

— ئاخىر، ماڭا خورمىنى ئۇرۇقى بىلەن قوشۇپ ساتىدۇ - دە.

* * *

بىر نادان پادىچى كىشىلەرنىڭ قويلىرىنى ئوتلاتقىلى دالاغا ئېلىپ بېرىپ، سېمىز

قويلارنى ئوت - سۇيى ئەلۋەك يەرگە، ئورۇق قويلارنى بولسا ئوتسىز يەرگە ھەيدەپ قويار ئىدى. ئادەملەر ئۇنىڭغا:

— ھەي نېمە قىلغىنىڭ ئۇ، ئورۇق قويلارنى ئوتى كۆپ يەردە باقمامسەن، — دېيىشتى.

پادىچى شۇنداق جاۋاب بەردى:

— قىزىق كىشىلەركەنسىلەر، مەن خۇدانىڭ قىلغىنىغا قارشى چىقالمايمەن، خۇدا ئورۇق قويلارنى ئورۇق قىلىپ، سېمىز قويلارنى سېمىز قىلىپ ياراتقان. مەن ئورۇق قويلارنى ئوتى مول يەرگە قويۇپ بېرىپ سەمرىتسەم، تەڭرىنىڭ قەھرى كېلىدۇ. مەن پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىدىن قورقىمەن.

* * *

قەدىمكى ئىران ھۆكۈمدارى نۇشىرۋاننىڭ يەپ تويماس ئوغلى بار بولۇپ، ئۇ دائىم كېسەلدىن نېرى بولالماس ئىدى. تېۋىپلار ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ سەۋەبىنى تاپالماي، ساقايتىشقا ئامال قىلالمىدى.

ئاخىرى، نۇشىرۋان يەمەن ۋىلايىتىدىن ئۇستا بىر تېۋىپنى چاقىرتىپ كەلدى. تېۋىپ بالىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ نېمە سەۋەبتىن كېسەل بولغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭغا ۋاقتى - ۋاقتىدا ئاز - ئازدىن تاماق بېرىپ تۇردى ۋە ئۇنى ھەدەپ تاماق يېيىشتىن توستى. شۇنىڭدىن كېيىن، بالا تۈزۈلۈشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن نۇشىرۋان خۇرسەن بولۇپ:

— ئوغلۇمنىڭ كېسىلىنى ھېچبىر تېۋىپ ساقايتالمىغان ئىدى. سىزنىڭ دورىڭىز ئۇنۇم بېرىپ ئوغلۇم تۈزەلدى. رەھمەت سىزگە، قانداق دورا بەردىڭىز، دورىڭىزنىڭ نامى نېمە؟ — دەپ سورىغانىدى، تېۋىپ مۇنداق جاۋاب بەردى:

— دورام قالايمىقان ۋە ھەددىدىن ئارتۇق تاماق يېيىش سەۋەبىدىن كېسەللىككە چېلىققانلارغا داۋادۇر. دورامنىڭ نامى: «ۋاقتى - ۋاقتى بىلەن ئاز - ئازدىن يە» دەپ ئاتىلۇر.

* * *

— قاراقۇش[①] ئىتىغا مىنىپ ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىغا قاتناشتى، ئەمما ئىتى ئارقىدا قېلىپ ئۇتتۇرۇپ قويدى. ئۆيگە يېنىپ كەلگەندىن كېيىن ئاچچىقلىنىپ، ئات باقارنى چاقىرىپ:

— بۇ ھايۋانغا قىلغان ئىشى ئۇچۇن جازا بەرمەكچىمەن. ئۇنىڭغا بىر ھەپتىگىچە يەم - خەشەك ۋە سۇ بەرمە. شۇنداق قىلغاندا ئەدىبىنى يەپ، ئىككىنچىلەپ ئوغلاق تارتىشىشتا كەينىدە قالمايدۇ، — دېدى.

ئات باقار بۇ ھۆكۈمدىن ئەجەبلىنىپ:

— بۇنداق جازا ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەسقۇ، بىر ھەپتىگىچە سۇ، يەم - بوغۇز بەرمىسەك ئات ئۆلۈپ قالمامدۇ؟ — دېدى.

---

① قاراقۇش — مىسىر، دەمەشق، ھىجاز ۋە يەمەنلەردە ھۆكۈم سۈرگەن ئەييۇبىيە دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە تۇنجى ھۆكۈمدارى سۇلتان سەھىددىن يۇسۇپ ئىبن ئەييۇبنىڭ (ھىجرىيە 589 - يىلى، يەنى مىلادىيە 1193 - يىلى ۋاپات قىلغان) بەھاۋىددىن ئىسىملىك ۋەزىرىنىڭ لەقىمى. بۇ مەشھۇر شەخس خۇددى نەسرىددىن ئەپەندىمگە ئوخشاش قىزىق - قىزىق لەتىپىلەرنىڭ قەھرىمانىدۇر.

قاراقۇش بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

— بولۇپتۇ، سۇ ۋە بوغۇز بەرسەڭ بەر، لېكىن قارارىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويما، سىر ساقلا، ئەگەر ئېيتىم بۇنى ئېشىتىپ قالسا، مېنىڭدىن رەنجىپ قالىدۇ، — دەپ ئات باقارغا تەنبىھ-بەردى.

* * *

قاراقۇش ھەر يىلى بىر-ئىككى قېتىم كەمبەغەللەرگە خەير-ئېھسان قىلىپ سەدىقە بېرەر ئىدى. بىر يىلى سەدىقە بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن بىر خوتۇن كېلىپ:

— بۇگۇن ئېرىم ۋاپات قىلدى، ئۇنى يۇيۇپ-تاراپ كېپەنلەپ يەرلىككە قويىدىغانغا پۇلۇم يوق، ماڭا بىر ئاز پۇل ۋە كېپەنلىك ماتا سەدىقە قىلغايلار، — دېدى.

قاراقۇش ئۇنىڭغا دېدى:

— مەرھۇم ئېرىڭنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن سەدىقە بېرىشىم كېرەك ئىدى، ئەمما بۇ يىللىق سەدىقە ئۈچۈن ئاجرىتىلغان پۇل ۋە باشقا نەرسىلىرىم تۈگىدى. ئەمدى سەۋر قىلىپ كېلەر يىللىق سەدىقە بېرىلىدىغان چاغدا كەلگەيسەن، شۇ چاغدا ئېرىڭنى دەپنە قىلىشىڭغا سەدىقە بېرىمەن.

* * *

قاراقۇشنىڭ ئوغلى بىر چىرايلىق ئاتنى مىڭ سومغا سېتىۋالماق بولدى ۋە ئاتىسىدىن مىڭ سوم بېرىشىنى سورىدى. قارا قۇش: «مىڭ سوم بەك قىممەت» دەپ بالىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.

بىر ئازدىن كېيىن ئوغلىنىڭ تەربىيىچىسى قاراقۇشنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— بىز ئۇ ئاتنى مىڭ سومغا ئەمەس، 999 سومغا باھالاپ كېلىشتۇق، — دېدى.

— ھە، ئۇنداق بولسا قىممەت ئەمەس ئىكەن، بېرىپ خەزىنىچىمگە ئېيتىڭ 999 سوم بەرسۇن، — دەپ بۇيرۇدى قاراقۇش.

* * *

بېخىل، پىخسىق بىر باينىڭ تەنتەك ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ئۆزىدىن باشقا مىراسخور بولمىغانلىقى ئۈچۈن: «ئاتام بەك قېرىپ كەتتى، ئەتە-ئۆگۈن ئۆلۈپ كېتىدۇ، ماڭا ھازىر پۇل قەرز بېرىپ تۇرسىڭىز، ئاتام ئۆلگەندىن كېيىن تۆلەيمەن» دەپ كىشىلەردىن پۇل قەرز ئېلىۋەردى.

ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى كېچىكىپ كېتىۋاتقانلىقتىن پۇل ئىگىلىرى باينىڭ ئوغلىدىن پۇللىرىنى قىستاشقا باشلىدى. بايۋەچچە ئىلاجسىز قېلىپ، بىر كۈنى قەرز ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ:

— ئاتامنىڭ ئۆلۈمى بەك ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ، مەن بىر ھىيلە ئويلاپ تاپتىم، ئاتامنى خالىيراق بىر يەرگە چاقىرتىپ ئېلىپ كېلىپ، كىيىملىرىنى يېشىپ، تاۋۇتقا سالىمىز، چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تاۋۇتنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىچىك تاختا قاقىمىز، كېيىن ھەممىمىز «ۋاي ئاتام» دەپ يىغلاپ كۆمگىلى قەبرىستانغا ئېلىپ ماڭىمىز، ئاتام ئۆزىنىڭ تىرىك پېتى كۆمۈلۈشىدىن قورقۇپ، ھەممىڭلارنىڭ پۇللىرىنى بېرىدۇ، — دېدى.

بايۇەچچىنىڭ بۇ مەسلىھەتى پۇل قەرز بەرگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ماقۇل كەلدى. ئۇلار باينى خالىي جايغا ئېلىپ بېرىپ تاۋۇتقا سالدى ـ دە، كۆتۈرۈپ قەبرىستانغا ئېلىپ ماڭدى، باي ھەرقانچە داد ـ پەرياد قىلسىمۇ، تاۋۇت ئالدىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ: «ۋاي ئاتا، مېھرىبانىم ئاتام، جايىڭىز جەننەتتە بولسۇن ئاتام» دەپ يالغاندىن يىغلاپ ۋارقىراشلىرى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتماس ئىدى. ئۇلار ئەنە شۇ تەرىقىدە قەبرىستانغا يېتىپ كېلىشتى.

تاسادىپىي قاراقۇش مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىدى. ئۇ تاۋۇت ئىچىدىن ياردەم سوراپ چىقىۋاتقان ئاۋازنى ئاران ئىشىتىپ قالدى ۋە دەرھال كېلىپ، ھەممەيلەننى توختىتىپ تاۋۇتنى ئېچىشنى بۇيرۇدى.

باي يىغلاپ تۇرۇپ قارا قۇشقا:

ـــ مەن تېخى تىرىكمەن، ئوغلۇم مېنى ئۆلدى دەپ كۆممەك بولۇۋاتىدۇ. مېنى بۇ بالادىن قۇتقۇزسىلا، ـــ دەپ يېلىنىشقا باشلىدى. قاراقۇش بايۇەچچىنى يېنىغا چاقىرتىپ:

ـــ سەن قانداق بالىسەن؟ تېخى تىرىك ئاتاڭنى كۆممەك بولۇپسەن، ئۇيالمامسەن؟ ـــ دەپ ئۇنىڭغا جازا بەرمەك بولدى. ئوغۇل ئۆزىنى ئاقلاپ:

ـــ ئاتام يالغان ئېيتىدۇ، ئۆلمىگەن ئاتىسىنى ئوغلى قانداقمۇ دەپنە قىلسۇن؟ ئاتام تۈنۈگۈن كېچە ئۆلگەن ئىدى. سۆزۈمگە ئىشەنمىسىڭىز، مانا بۇلاردىن سوراپ كۆرسىلەر، ـــ دېدى.

قەرز بەرگەنلەر:

ـــ ئوغلى توغرا ئېيتىدۇ، ئاتىسى تۈنۈگۈن كېچە ئۆلگەن ئىدى. بۈگۈن جىنازا نامىزىنى ئوقۇپ، يەرلىككە قويغىلى ئېلىپ كەلدۇق، ـــ دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتى.

قاراقۇش بايغا:

ـــ شۇنچە ئادەم سېنىڭ ئۆلگىنىڭگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرۇپتۇ. مەن ئەلۋەتتە كۆپچىلىكنىڭ سۆزىگە ئىشىنىمەن. كۆپ ۋارقىرىما، سەن ئۆلگەن كىشىسەن، خۇدا ساڭا رەھىم قىلسۇن، جايىڭ جەننەتتە بولسۇن، ـــ دەپ باينىڭ ئېغىزىنى باغلاشقا بۇيرۇدى ۋە خالايىققا:

ـــ بۇ ئۆلۈك گۆردىن قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تاۋۇتنىڭ ئۈستىگە تاختا قويۇپ ئوبدان مىخلاپ، تاۋۇت بىلەن بىرگە كۆمۈڭلار، ـــ دەپ بۇيرۇدى. ئىشنىڭ تەتۈرىسىگە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پىخسىق باي ئوغلىغا يېلىنىپ:

ـــ جېنىم بالام، مېنى قۇتقۇزۇۋال، سېنىڭ دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى بېرىمەن، بۇ بالادىن مېنى خالاس قىل، ـــ دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بايۇەچچە:

ـــ تەقسىر، سەكتە دېگەن بىر كېسەللىك بار. بۇ كېسەللىكتە قان يۈرۈشمەي ئادەم ۋاقىتلىق ئۆلۈپ قالىدۇ، قان يۈرۈشكەندىن كېيىن يەنە تىرىلىدۇ. ئاتام شۇ كېسەللىك بىلەن ئۆلگەن ئوخشايدۇ. بىز راست ئۆلگەن ئوخشايدۇ دەپ خاتا قىلىپ، كۆمگىلى ئېلىپ كېلىپتىمىز. رۇخسەت قىلسىلا، ئەمدى ئۆيىمىزگە ئېلىپ كېتەيلى. بىزنى رازى قىلماي يەنە ئۆلۈپ قالسا، ئۇ چاغدا پۈتۈنلەي كۆمۈپ تاشلايمىز، ـــ دېدى. پۇل قەرز بەرگەنلەرمۇ شۇنداق دېيىشتى. قاراقۇش بۇلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ:

— بولۇپتۇ، ئاتاڭنى ئېلىپ كەت، ئىككىنچى قېتىم ئۆلۈپ تىرىلسە، ئۇ چاغدا مەن سەكتە - پەكتەڭنى بىلمەيمەن، كۆمدۈرۈپ تاشلايمەن، ھەدەپ ئۆلۈپ - تىرىلىپ كىشىلەرنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمىسۇن، — دېدى.

باي ئۆيىگە قايتىپ، بۇ كۈتۈلمىگەن بالادىن قۇتۇلغىنىغا سۆيۈندى ۋە ئوغلىنىڭ ھەممە قەرزلىرىنى تۆلىدى.

* * *

بىر كۈنى قاراقۇش ھۇزۇرىغا بىر ئۆلگەن كىشىنىڭ جەسىتىنى، قولى ئارقىسىغا باغلانغان يەنە بىر ئادەمنى ۋە بىر ئۆكۈزنى ئېلىپ كېلىشتى. ئۇلار:

— بۇ ئۆكۈز مانا شۇ ئادەمنى ئۈسسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇردا بىلەن ئۆكۈزنىڭ ئېگىسىنى ئېلىپ كەلدۇق. ئۆكۈز ئىگىسىدىن قىساسىمىزنى ئېلىپ بەرگەيلەر، ئۇنىمۇ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغايلەر، — دېيىشتى.

قاراقۇش ئۆكۈزنى سويۇشقا، ئىگىسىنى ئازاد قىلىشقا ھۆكۈم قىلدى ۋە ھۆكۈم ئىجرا ئېتىلدى.

دەۋاگەرلەر بۇنىڭدىن نارازى بولۇشتى. قاراقۇش ئۇلارغا:

— مەن ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلدىم، نېمىگە نارازى بولىسىلەر؟ ئۆزۈڭلار ئويلاپ كۆرۈڭ-لەر، قاتىل كىم، ئۆكۈزمۇ ياكى ئىگىسى؟ ئەلۋەتتە، قاتىل دەپ ئۆكۈزنى چۈشىنىش كېرەك، ئىگىسىدە ئەيىب يوق. شۇڭا قاتىل ئۆكۈزگە ئۆلۈم جازاسى بەردىم، ئىگىسى گۇناھسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئازاد قىلدىم. مېنىڭچىلار، نەگە بېرىپ ئەرز قىلغۇڭلار كەلسە، قىلىۋېرىڭلار، — دېدى.

كېيىن ئۆكۈزنىڭ ئىگىسىگە:

— مالىڭ، باشقا ئۆكۈزۈڭ بار بولسا، ئۇنىڭغا ھۆكۈمنى ئېيت، ئەگەر سۆزۈڭگە كىرمەي ئۇمۇ قاتىللىق قىلسا، ئۇنى قەتل قىلىپ، جەسىتىنى ساڭا بەرمەستىن كۆيدۈرۈپ تاشلايمەن، — دەپ سويۇلغان ئۆكۈزنى ئىگىسىگە بېرىپ يولغا سالدى.

* * *

بىر سودىگەر بىر ئادەمگە پۇل قەرز بەرگەن ئىدى. قەرزدار ھەدەپ قەرزنى تۆلىمەي ئۇزاققا سوزۇۋەتتى. ئاخىرى سودىگەر شۇ ئىش توغرىسىدا قاراقۇشقا شىكايەت قىلدى. قاراقۇش قەرزدارنى چاقىرتىپ.

— نېمىشقا قەرزىڭنى تۆلىمەيسەن؟ دەرھال تۆلە، بولمىسا جازالايمەن، — دېگەن ئىدى، ئۇ ئادەم:

— قولۇمغا ھەر نۆۋەت پۇل كىرسە، قەرزىمنى تۆلەپ قۇتۇلاي دەپ سودىگەرنىڭ ئۆيىگە بارىمەن، لېكىن ئۆيىدىن تاپالمايمەن. دۇكىنىغا بارساممۇ تاپالمايمەن. ئامالسىز ئۇنىڭغا ئاتىغان پۇلۇمنى كەم - كۈتەمگە ئىشلىتىۋېتىمەن، — دەپ پۈتۈن ئەيىبنى سودىگەرگە دۆڭگەپ قويدى.

قاراقۇش سودىگەرنىڭ سۆزىنى ئىشتكەندىن كېيىن خىزمەتكارىغا:

— دېمەك، ھەممە ئەيىب سودىگەرنىڭ ئۆزىدە ئىكەن، ھازىر ئۇنى قولغا ئېلىپ زىندانغا

سولاپ قويۇشلار. قەرزدار قولىغا پۇل چۈشكەن زامان زىندانغا كېلىپ ئۆزىنىڭ قەرزىنى تۆلىۋەتسۇن، قاچانكى تۆلەپ تۈگەتكەندىلا سودىگەرنى ئازاد قىلىشلار. شۇ تەدبىر بىلەن قەرزدار ئۆنى ئۆيىدىن ياكى دۇكىنىدىن تاپالماي سەرسان بولۇشتىن قۇتۇلىدۇ، ـــ دەپ ھۆكۈم قىلدى.

* * *

بىر كىشى قاراقۇش ھوزۇرىغا كېلىپ:

ـــ قوشنام ئابباس كېچە چۈشۈمدە مېنى يۈز قامچا ئۇردى. ئەمدى مەنمۇ ئۇنى يۈز قامچا ئۇرۇشۇم كېرەك. ھەققىمنى ئېلىپ بەرگەيلەر، ـــ دەپ ئەرز قىلدى. قاراقۇش ئابباسنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئاپتاپتا تۇرغۇزدى ۋە دەۋاگەرگە:

ـــ مانا بۇ قامچىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ كۆلەڭگىسىگە يۈز قامچا ئۇر، شۇنىڭ بىلەن ھەققىڭنى ئالغان بول، ـــ دېدى.

* * *

بىر ئەمەلدار ۋەزىر قاراقۇشقا شۇنداق بىر مەلۇمات يېزىپ ئەۋەتتى:

«بەھرى ئەھمەد، يەنى قىزىل دېڭىزدا، سەفىنە تەين، يەنى ئىككى كېمە پاتتى، يەنى سۇغا چۆكتى، دەرۇنىدە، يەنى ئىچىدىكىلەر غەرق بولدى، يەنى چۆكۈپ كەتتى. بۇ مەشئۇم خەۋەر، يەنى شۇم خەۋەر، سەمىئىڭىزگە، يەنى قۇلاقلىرىڭىزغا ۋارىد بولدىمۇ، يەنى يەتتىمۇ؟ تەدبىرى، يەنى تەدبىرلىرى توغرىسىدا پىكرىڭىزنى ئىستىفسار ئېتىمەن، يەنى سورايمەن».

قاراقۇش شۇنداق جاۋاب يازدى:

«چۈشەندىم، سەن ھەم كاتىپىڭ ھەم سەۋر، يەنى ئۆكۈز ئىكەنسىلەر، ئىككىڭلارنى ۋەزائىف، يەنى ۋەزىپەڭلەردىن ئەزل ئەتتىم، يەنى بوشاتتىم».

* * *

ئىككى نادان يېزىغا كېتىۋېتىپ بىر ئاز دەم ئېلىش ئۈچۈن بىر دەرەخنىڭ تېگىگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى، شۇ چاغدا بىر بۇلبۇل دەرەخ شېخىغا قونۇپ، سايراشقا باشلىدى. ھېلىقى ئىككەيلەننىڭ بىرى: «بۇلبۇل مېنىڭ ئۈچۈن سايرىدى» دېسە، يەنە بىرسى: «ياق، سېنىڭ ئۈچۈن ئەمەس، مېنىڭ ئۈچۈن سايرىدى» دەپ جاڭجال قىلىشقا باشلىدى. ئاخىرى، قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بۇ ھەقتە ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئىشتمەككە قارار قىلىشتى.

ئەتىسى ئۇلاردىن بىرى ھەمراھىغا بىلىندۇرمەي، قازىغا بىر قوي ئاپىرىپ بەردى ۋە مەسىلىنى ئۆز پايدىسىغا ھەل قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ئىككىنچى نادانمۇ شۇنداق قىلدى. بۇنىڭ بىلەن قازى ئىككى قويغا ئىگە بولدى. بىر - ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىلا نادان قازىنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئىشتمەك بولدى. قازى ھەر ئىككىسىنىڭ سۆزىنى ئىشتكەندىن كېيىن، ئۇلارغا:

ـــ بىكارغا دەۋا قىلىپ يۈرمەڭلار، بۇلبۇل ئىككىڭلار ئۈچۈن سايرىمىدى، پەقەت مېنىڭ ئۈچۈنلا سايرىدى، ـــ دەپتۇ.

تەييارلىغۇچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

(يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىدىن)

# ئەمىرزادىلەر مۇسابىقىسى①

## (تارىخىي قىسسە)

**ئۇرفان ئاتاجان**

× × ×

تېيىنلەنگەن كۈن كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يېتىپ كەلدى. باغى جەھانئارام بايراملاردىكىدەك بېزەلگەن بولۇپ ھىراتنىڭ بارچە ئوقۇمۇشلۇق زاتلىرى، دانىشمەنلىرى، پالۋانلىرى، مەرگەنلىرى، مەشھۇر چەۋاندازلىرى ۋە سازەندىلىرى توپلىنىشقان ئىدى. خەلق: «ئەنە مەۋلانا سۇلتان ئەلى، ئەنە مەۋلانا پەھلىۋان مۇھەممەد، ئەنە مەۋلانا ھۇسەيىن ۋائىز كاشفىي، ئەنە مەۋلانا بېھزاد، ئەنە ئۇستاز قۇل مۇھەممەد غىجەكى، ئەنە يۇسۇپ ئەنجانى، ئەنە مەۋلانا بەنايى» دەپ كۆرسىتىشەتتى، مىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بۇ يەردە يوقلۇق سەۋەبلىرىنى ھەرخىل چۈشەندۈرۈشەتتى، شىۋىرلاپ بەلغ ۋەقەلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشاتتى. ھەممەيلەن سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ۋە مەلىكە خەدىچە بېگىمنىڭ كېلىشىنى كۈتكەچ، بۇ ئاجايىپ مۇسابىقىنىڭ قانداق ئاخىرلىشىشىنى ۋە قايسى ئەمىرزادىنىڭ غالىب كېلىشىنى تەخمىن قىلىشاتتى. ئەمىرزادە ئارسلانبېك ۋە ئەمىرزادە مۇنەۋۋەربېكلەر ئۆز يىگىتلىرى بىلەن ئىككى تەرەپتە سۆھبەت قۇرۇشقان ئىدى. ئۇلار مۇسابىقىنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىشىدىن خەۋەرسىز ئىدى. چۈنكى، مۇسابىقە شەرتلىرىنى پەقەت پەھلىۋان مۇھەممەد، مەۋلانا سەدرىددىن ۋە زىبىنەتنىسالارلا بىلەتتى، خالاس.

نىھايەت، ۋەزىرلەر، چوڭ مەنسەپدارلار، شاھزادىلار بىلەن ئالىي ھەزرەت سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ۋە كېنىزەكلەر، ھەمسۆھبەت ئاياللار ھەمدە ياش قىزلارنىڭ قورشاۋىدا مەلىكە خەدىچە بېگىم، شۇنداقلا پادىشاھنىڭ ياسانغان مۇلازىملىرى، خاس نەۋكەرلەر باغقا كىرىپ كېلىشتى، ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى ياڭرىدى. ھۇسەيىن بايقارا، مەلىكە ۋە شاھزادىلەر چوڭ مەرمەر كۆلنىڭ ئالدىدىكى شاھ سۇپىغا چىقىپ ئولتۇرۇشتى. سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئۈچىسىغا قىزىل لىباس، ئۈستىدىن كۈمۈشرەڭ يەكتەك تون، بېشىغا تاج، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن ئىدى. ئۇنىڭ نۇرانە يۈزىدىن سالاپەت، ئۇلۇغۋارلىق چىقىپ تۇراتتى، پادىشاھنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئىدى. چۈنكى تۈنۈگۈن بەلغدىن كەلگەن چاپارمەن ئۇنىڭغا ئەلىشىر نەۋائىدىن خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلگەنىدى. ئوغلى بەدىئۇززەمان دوستى ئەلىشىربېك بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن تۈزۈلگەن كېلىشىم ئۇنىڭغا خېلى تەسەللىي بېرەتتى. مەلىكە خەدىچە بېگىم بولسا ئادەتتىكىدەك، ئاپپاق ، كەڭ كۆينەك كىيگەن، ئاق رومال ئورىغان بولۇپ، يەكتەك ئاق رومال ئۇنىڭ قىياقتەك قاشلىرى، شەھلا كۆزلىرى، كەھرىۋادەك لەۋلىرى ۋە گۈزەل چىرايىنى تېخىمۇ گۈزەل، نازاكەتلىك قىلىپ كۆرسىتەتتى. پەھلىۋان مۇھەممەد پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى ۋە مۇسابىقىنى باشلاشقا رۇخسەت سورىدى. پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ، مەۋلانا سەدرىددىن بىلەن جارچىنى ئالدىغا چاقىردى ـ دە، مەۋلاناغا نىمىلەرنىدۇر

① بېشى ئالدىنقى ساندا.

چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئورالغان بىر قەغەزنى جارچىغا بەردى. جارچى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، سائادەتمەن ئەمىرزادىلەر! ئىسلام يىگىتلىرى ئۈچۈن مەردانىلىك ئالىي پەزىلەتتۇر. پەزىلەتنى مىزان بىلەن ئۆلچەپ بولمايدۇ. پەزىلەت، مەرىپەت، سەنئەت، جاسارەت، ئەخلاق، ئەدەپ مەجمۇئەسىدۇر. مۇسابىقە شەرتلىرى سىلەرنىڭ ئىقتىدارىڭلار، سەنئىتىڭلار، جاسارىتىڭلار ۋە ئالىيجانابلىقىڭلار ئالدىدا ئاددىيغىنا ئۆرنەك مۇسابىقەدۇر. بۇ مۇسابىقە گويا ئىككى بۇلبۇل بىر گۈل ۋەسلىدە بەسمۇ-بەس ناۋا قىلىپ، ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىۋاتقاندەك ئاددىي ھالدۇر. سىلەر ئەمىرزادىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلارغا نومۇس بىلمەي، ئالىي ھىممەت بىلەن بۇ مۇسابىقىگە رازىلىق بەرگەنلىكىڭلارنىڭ ئۆزى ئالىيجاناپ قەلبىڭلار، پاك نىيىتىڭلارنىڭ نىشانىدۇر. مۇسابىقە شەرتلىرى شۇدۇركى: بىرىنچىسى، پەھلىۋان مۇھەممەد جانابلىرى سىلەرگە ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان بىردىن «تۇتىقۇش» بېرىدۇ. بۇ «تۇتىقۇش» لارغا جاراھەت يەتكۈزمەي، «ئازار» بەرمەي، ئۇلاردىكى ئالتۇن مىقدارىنى ئېنىقلاپ بېرىسىلەر، سىلەر سورىغان زۆرۈرى ئەشيالار تەلەپكە ئاساسەن بېرىلۇر. بۇ شەرت ئۇستاز قول مۇھەممەد غىجەكتە بىر كۈي چېلىپ بولغۇچە مۇددەتتە ئادا ئېتىلمىكى كېرەك. قالغان شەرتلەر ئۆز نۆۋىتى بىلەن مەلۇم ئېتىلۇر، ۋەسسەلام»، جارچى بىر چەتكە ئۆتتى. مەۋلانا پەھلىۋان مۇھەممەد مەۋلانا سەدرىددىنىدىن ئىككى «تۇتىقۇش» نى ئېلىپ، پادىشاھ ۋە مەلىكە تەرەپكە ئۆرۈلۈپ ئۇلارغا كۆرسەتتى. ئاندىن بېشى ئۈستىگە كۆتۈرۈپ خالايىققا نامايىش قىلدى. پەھلىۋاننىڭ قولىدىكى پەيلىرى روشەن رەڭلەردە بويالغان، تىرىك قۇشلاردىن پەرقلەندۈرۈش قىيىن بولغان بۇ سۈنئىي قۇشلار قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ بارچىنى لال قالدۇردى. بۇ بىر ئاجايىپ سەنئەت ئەسىرى ئىدى. جارچى ئەمىرزادىلەر راۋاق ئالدىغا چاقىردى:

— ئەمىرزادە ئارسلانبېك!

— ئەمىرزادە مۇنەۋۋەربېك!

ئەمىرزادىلەر ئەدەپ بىلەن كېلىپ، ئالىي ھەزرەت سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ۋە مەلىكە خەدىچە بېگىمگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ مەغرۇرلۇق بىلەن تەزىم قىلدى. جارچى خالايىققا ئەمىرزادىلارنى تونۇشتۇردى:

— ئەمىرزادە ئارسلانبېك، ئەمىر شاھابىددىننىڭ پەرزەنتى، ئون توققۇز ياشىدىدۇر. ھافىزى قۇرئان، شاھزادە مۇزەففەر مىرزىنىڭ خىزمىتىدە. غىياسىيە مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئىلمىي مەسىلىلەر، مۇزىكا سەنئەتلىرىدە ئىقتىدارى ئۈستۈن، ئەمىرزادە مۇنەۋۋەربېك، ئەمىر مۇنىربەرلاسنىڭ پەرزەنتى، يىگىرمە ياشىدىدۇر. ھافىزى قۇرئان، شاھزادە مۆمىن مىرزىنىڭ خىزمىتىدە بەدىئە مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئىلمىي رىيازى، مەرگەنلىكتە ئىقتىدارى ئۈستۈن.

جارچى يىگىتلەرنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، پەھلىۋان مۇھەممەد «قۇش» لارنى ئۇلارغا بەردى. ئەمىرزادىلەر ئۇلارنى ئېلىپ شاھ سۇپىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مەخسۇس سېلىنغان گىلەملەر ئۈستىگە ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئاۋۋال «قۇش» لارنى سىلاپ زوق بىلەن تاماشا قىلدى: «تۇتىقۇش» لار تاكى دۇمبىلىرىگىچە كۆك رەڭ بىلەن، قاناتلىرى تارام-تارام قىلىپ قىزىل بوياق بىلەن بويالغان. قاناتلىرىنىڭ چېتىگە ئوتتۇزدەك قىممەت باھالىق تاش قاتار قادالغان. «تۇتىقۇش» لار ئۈچكە بۆلۈنگەن، ئۈچ بەرگىلىك شاخقا

قونۇپ تۇرىشىدۇ. تۇتىلار تۇمشۇقلىرىدا لەئلدىن قىلىنغان ئانار دانىسىنى چىشلەپ تۇرىدۇ. قۇشلارنىڭ كۆزلىرى دۇردىن ياسالغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا تىرىقتەك لەئل تاشلار قادالغان. بۇ سەنئەتنى كۆرۈپ ئەقىل ھەيران بولماي ھېچ ئىلاجى يوق ئىدى. زۇھۇرىددىن زەرگەر ئۆز ماھىرىتى ۋە سەنئىتىنى بۇ قۇشلاردا نامايىش قىلغانىدى. ئەمىرزادىلەر زەرگەرغا ئاپىرىن ئوقۇدى ـ دە، ئالدىغا كەلگەن مۇلازىملارغا زۆرۈر نەرسىلەرنى بۇيرۇدى.

پەھلىۋان مۇھەممەد ئۇستاز قۇل مۇھەممەدنى شاھ سۇپا ئالدىغا تەكلىپ قىلدى، ئۇستاز كۆرسىتىلگەن جايغا ئولتۇرۇپ غىجەكنى سازلاشقا باشلىدى. مۇلازىملار ئەمىرزادىلەرگە بۇيرۇغان نەرسىلەرنى ـ قەغەز، قەلەم، دەۋەت، ئىدىشلاردا سۇ، تارازا كەلتۈردى. ھەممەيلەن نەپەسلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئەمىرزادىلەرگە تىكىلىپ تۇردى. ھۇسەيىن بايقارا مەلىكە خەدىچە بېگىمگە كەلتۈرۈلگەن نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تەخمىن بىلەن چۈشەندۈرەتتى. باغدا ئۇستاز قۇل مۇھەممەد باشلىغان سېھىرلىك «دۇئا» ياڭرىدى. كۈينىڭ چېلىنىشى چوڭقۇر ئەسەب تارلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. تاماشىبىنلار بۇ مەسىلىنى گويا ئۆزلىرى ھەل قىلىۋاتقاندەك ھالەتتە ئىدى. مۇدەررىسلەر، تالىپلار پىچىرلىشىپ مەسىلىنىڭ يېشىمىنى بىر بىرىگە چۈشەندۈرۈشەتتى. ئۇستاز قۇل مۇھەممەد كۈينى چېلىپ بولۇپ، كامانىنى تىزىغا تىك قويۇپ، كۈي ساداسى ھاۋادا ھېلىمۇ ياڭراپ تۇرغاندا، يىگىتلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، پادىشاھ ۋە مەلىكە تەرەپكە يۈكۈنۈپ تەزىم قىلىشتى.

ئەمىرزادە ئارسلانبېك ۋە ئەمىرزادە مۇنەۋۋەربېك قوللىرىدىكى قەغەزلەرنى مۇلازىملارغا بېرىشتى، مۇلازىملار ئۇ ئىككى ۋاراقنى ئېلىپ كېلىپ تەزىم بىلەن پەھلىۋان مۇھەممەدكە ئۇزىتىشتى.

— ئەمىرزادە ئارسلانبېكنىڭ ھېسابىچە 75 مىسقال ئالتۇن ئىشلىتىلگەن، ئەمىرزادە مۇنەۋۋەربېكنىڭ ھېسابىغا قارىغاندىمۇ 75 مىسقال ئالتۇن ئىشلىتىلمىش. ئەمىرزادە مۇنەۋۋەربېك ئەل ھەزىنى ئۇسۇلىدا ھەندەسە يولى بىلەن، ئارسلانبېك بولسا ئۇستاز ئەبۇ رەيھان ئەل بېرۇنى ئۇسۇلىدا ئەلجەبىر يولى بىلەن ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ «قۇش»لارنى — پەھلىۋان مۇھەممەدنىڭ سۆزىنى جارچى يۇقىرى ئاۋازدا تەكرارلاپ تۇردى، — ياسىغان زەرگەر مەۋلانا زۇھۇرىددىننىڭ ئېيتىشىچە، ھېساب توغرا بولغاندۇر!

خالايىق «ئاھ ـ ۋاھ»، «ئاپىرىن» دېيىشىپ ھەيرەت بارماقلىرىنى چىشلەشتى، بەزىلەر بىر ـ بىرىنى تەبرىكلەشتى. باغدا بىردىنلا يەڭگىل بىر كەيپىيات پەيدا بولدى. يىگىتلەر شەرىپىگە كاناي ـ سۇناي، ناغرىدا تەنتەنىلىك كۈي ئىجرا ئېتىلدى. ئەمىرشاھابىددىن ۋە مۇنىرىبەرلاسلار يانلىرىدا ئولتۇرغان دوستلىرىنىڭ تەبرىكلىرىنى خۇرسەنچىلىك بىلەن قوبۇل قىلدى.

سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ۋە مەلىكە خەدىچە بېگىملەرنىڭ ناملىرىدىن ئەمىرزادىلەرگە زەر باسقان چاپانلار تەقدىم ئېتىلدى. شاھزادە مۇزەپپەر مىرزا نامىدىن ئارسلانبېككە خەنجەر، مۆمىن مىرزا نامىدىن مۇنەۋۋەربېككە «كەلىلە ۋە دەمنە»نىڭ گۈزەل بىر نۇسخىسى سوۋغا قىلىندى.

پەھلىۋان مۇھەممەدنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جارچى مۇسابىقىنىڭ ئىككىنچى شەرتىنى ئېلان قىلدى: ئەمىرزادىلار ئۆزلىرىنىڭ خۇش كۆرگەن چالغۇ ئەسۋابلىرىدا بارىبىتنىڭ كۈيلىرىدىن بىرىنى ئىجرا ئېتىشلىرى كېرەك. ئىجراچىلارنىڭ ماھارىتىنى ئۇستاز قۇلمۇھەممەد ئۇدى، ئۇستاز ھۇسەيىن ئۇدى، ئۇستاز ھەسەن نايىئى، ئۇستاز ئەلى كۆچەك تەنبۇدلەر باھالىش-

دۇر. شەرت بويىچە ئەمىرزادىلەر كاماندىن ئوق ئېتىشلىرى كېرەك ۋە كىمنىڭ ئاتقان ئوقى يىراققا چۈشسە، شۇ ئەمىرزادە مۇزىكا مەشىقىنى بىرىنچى بولۇپ باشلايدۇ. يىگىتلەر ئوقيالىرىنى ھازىرلىدى. قارا تاشتىن ئىشلەنگەن، يۈزىگە گۈل نەقىش ئەتكەن زىھگىرىنى باش بارماقلىرىغا كىيگۈزدى - دە، كۆرسىتىلگەن تەرەپكە قاراپ ئوق ئاتتى.

مۇنەۋۋەربېك ئاتقان ئوق ئاسلانبېكنىڭ ئوقىدىن بىرقەدەم نېرىغا چۈشكىنى ئۈچۈن ئۇ مەشىقنى بىرىنچى بولۇپ باشلىدى.

مۇنەۋۋەربېك ھازىرلا ئۇستاز قۇلمۇھەممەد ئۆزى ئولتۇرۇپ كۈي چالغان جايغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە مۇلازىملارغا قالۇن كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى، ئۇستاز شاھقۇلىدىن غىجەكتە جۈر بولۇشنى ئىلتىماس قىلدى. باغنى «كەبكى دەرما» كۈيى ئۆز قوينىغا ئالدى. شۇنچە خالايىق يىغىلغانلىقىدىن ئۈركۈپ قېچىپ كەتكەن كېيىكلەر ۋە يىراقلاردا جۈپتى بىلەن يۈرگەن تاۋۇسلار ئاستا - ئاستا يېقىنلاشتى، ھەتتا ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ كەلدى. تاۋۇسلار غەلىتە نازلىنىپ، پەيلىرىنى خىتاي يەلپۈگۈچىدەك يايدى. بۇنى كۆرگەن خالايىق «ۋاھ»، «ۋاھ» دەپ ھەيرەتكە ماڭدى. خەدىچە بېگىمنىڭ كېنىزەكلىرى كۈي ئەۋجىگە چىققاندا ئىختىيارسىز كەكلىكتەك نازلىنىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. مۇنەۋۋەربېك ئىجراسىدىكى «كەبكى دەرما» شۇنداق سېھىرلىك بولدىكى، ئۇنىڭدىن غالىب بىرەر كۈي چېلىش مۇشكۈل ئىش ئىدى. باغدا توپلانغانلار ئارىسىدىكى ئارسلانبېككە خەيرخاھلىق قىلغۇچىلار بۇ كۈينىڭ سېھرىدىن ئازاد بولغاندا، ئۇندىمەستىن تۇرۇپ قېلىشتى. ئارسلانبېك ئەجەبكى بۇ مۇسابىقىدە مەغلۇپ بولارمۇ؟ لېكىن مۇزەففەر مىرزىنىڭ يىگىتلىرى، ئەمىر شاھابىددىن ۋە ئەمىرزادىنى يېقىن بىلگەن باشقىلار خاتىرجەم ئىدى.

ئارسلانبېك ئەمىرزادە مۇنەۋۋەربېكنىڭ ئورنىغا ئولتۇردى. مۇلازىملار ئارسلانبېككە ئۇد① بەردى. قالۇندا ھافىز قازاق جۈر بولدى. باربىتنىڭ سېھىرلىك تارىدا «ئارايىشى خۇرشىد» كۈيى ياڭرىدى. راۋاق يېنىدىكى چىنارغا ئىككى بۇلبۇل ئۇچۇپ كېلىپ قوندى ۋە مەستانە بولۇپ سايراشقا باشلىدى. مۇزەففەر مىرزىنىڭ ئىككى يىگىتى ئۈستىدىكى يەكتەك چاپىنىنى يېشىپ مايسا ئۈستىگە ئاتتى - دە، قىلىچ ۋە خەنجىرىنى يالىڭاچلاپ ئويناشقا باشلىدى. بۇ جەڭگىۋار ئويۇن ھېس - تۇيغۇلارنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئاۋام يەنە چەكسىز ھاياجانغا چۆمدى، يەنە «يا ئاللاھ، ۋاھ، ئاپىرىن!» خىتابلىرى ياڭرىدى. باھالىغۇچىلار نائىلاج ئەمىرزادىلەرنىڭ سەنئەتلىرىنى باراۋەر دەپ تەن ئالدى. پادىشاھ، مەلىكە ۋە شاھزادىلەر تەرىپىدىن ئۇلارغا شاھانە ھەدىيىلەر بېرىلدى، كېيىنكى شەرت بويىچە پەھلىۋان مۇھەممەد ئەمىرزادىلەرگە يېشىش ئۈچۈن ئاۋۋال تەييارلانغان شېئىرلارنى ئوقۇپ بەرمەكچى ئىدى، ھۈسەيىن بايقارا قول ئىشارىسى بىلەن ئۇنىڭغا سەۋر قىلىشنى بۇيرۇدى ۋە ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرىپ:

— پەھلىۋان، مەن كاتىپقا ئىككى شېئىرنى ئوقۇپ بېرۇرمەن، ئەنە شۇ شېئىرلار ئەمىرزادىلەرگە ھاۋالە قىلىنسۇن، — دېدى.

كېيىن ئالدىغا تەزىم بىلەن كەلگەن مىرزا يىگىتكە: «مىرزا، يېزىڭ» دەپ بۇيرۇدى.

پەھلىۋان مۇھەممەد مىرزا يىگىتتىن ئالىي ھەزرەت ئوقۇغان شېئىرلارنى ئېلىپ پادىشاھقا تەزىم قىلغاندىن كېيىن بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى - دە، يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇش

① ئۇد — بىر خىل تارلىق چالغۇ ئەسۋابى.

ئۇچۇن جارچىغا بەردى، جارچى ياڭراق ئاۋازدا ئىنىق ئوقۇدى:
بىرىنچى شېئىر ھەزرەت جامىدىن:

*خۇم چۇ نىگۇن گەشتۇ ياكى قەترە رىفت،*
*خۇش زى مەدھۇشىۇ مۇھەببەت گىرىفت.①*

ئەمىرزادىلەرگە يەنە كاماندىن ئوق ئېتىشنى بۇيرۇدى. بۇ قېتىم ئارسلانبېكنىڭ ئوقى ئۇزاققا چۈشتى. پەھلىۋان مۇھەممەد ۋاراقنى ئىككى پۈكلەپ ئاۋايلاپ يىرتتى - دە، بىرىنچى شېئىرنى ئەمىرزادە ئارسلانبېككە بەردى. شەرت بويىچە يىگىتلەر بەلگىلەنگەن ئىسمنى، شېئىرنىڭ قىسقىچە جاۋاپ ئاچقۇچىنى ئېيتىشى ۋە بېرىلگەن قەغەزگە يېزىپ قويۇشى كېرەك ئىدى. بۇ ۋەزىپىگە قالۇندا بىر كۆي چېلىنغىنىچە مۇددەت بېرىلگەنىدى. ئارسلانبېك كۆي يېرىمىغا يەتمەي تۇرۇپ شېئىرنى يەشتى - يۇ، لېكىن ئەدەپ بىلەن سۈكۈت ساقلاپ تۇردى، كۆي تۈگىگەچ، پادشاھ ۋە مەلىكىگە ئايرىم - ئايرىم تەزىم قىلىپ شېئىر يېشىمىنى ئېيتتى:
— «خۇم» قىسقىيىپ - مۇ؛ تامچە تۆكۈلۈپ — مە بولدى؛ «مەدھۇش» دىن «ھۇشى» كېتىپ - مد — قالدى، «مۇھەممەد» بەلگىلەنگەن ئىسىمدۇر.
ھۈسەيىن بايقارا مەمنۇن تەبەسسۇم قىلدى. ئارسلانبېك قولىدىكى قەغەزنى سۆيۈپ تۆت پۈكلىدى - دە، سەللىسىگە قىستۇرۇۋالدى. بۇ ۋاراق ئۇنىڭ ئۇچۇن ئالىي مۇكاپات ئىدى.
نۆۋەت ئەمىرزادە مۇنەۋۋەربېككە كەلدى. جارچى ئىككىنچى شېئىرنى ئوقۇدى:

*بۇ گۇلشەن ئىچرە يوقدۇر بەقا گۇلىگە سەبات،*
*ئەجەپ سەئادەت ئېرۇر، قالسە ياخشىلىق بىلە ئات.*
شېئىر ھەزرەت نەۋائىدىن.

پەھلىۋان مۇھەممەد شېئىرنى ئۇنىڭغا ئۇزاتقانىدى. قولىغا ئېلىپ سۆيدى - دە، ئارسلانبېككە ئوخشاش تۆت پۈكلەپ سەللىسىگە قىستۇردى ۋە پادشاھ ھەمدە مەلىكىگە تەزىم قىلىپ:
— ئالىي ھەزرەت، ئۇززە سورايمەن، ئەلىشىر نەۋائى ھەزرەتلىرىنىڭ بول شېئىرلىرى تونۇشتۇر، ئۇنىڭدا «سەئىد» ئىسمى بەلگىلەنگەن، باشقا بىر شېئىرنى يەشسەم — دېدى، يەنە تازىم قىلىپ.
باغدا «ئاپىرىن، ئاپىرىن» دېگەن سۆزلەر ياڭرىدى. ھۈسەيىن بايقارا پەھلىۋان مۇھەممەد ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدىكى ئاۋاز بىلەن:
— پەھلىۋان، ئەمىرزادىلەرگە نامىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىڭ. بول مۇسابىقىدە ئەمىرزادىلەر تەڭدۇر، — دېدى.
باغدا ئىككىلا ئەمىرزادە تەرەپدارلىرىنىڭ «ئاپىرىن، ئاپىرىن» دېگەن ئاۋازلىرى ياڭرىدى. شاھزادە مۇزەففەر مىرزا ۋە مۆمىن مىرزىلار يىگىتلەرنى تەبرىكلەشتى، مەلىكە خەدىچە بېگىمنىڭ كۆڭلى غەش، لەۋلىرىدە، كۆزلىرىدە تەبەسسۇم قۇرىغانىدى. مەلىكە ئۆز كەيپىيا-

---

① خۇم قىسقىيىدى — يۇ، بىر قەترە تۆكۈلدى. ئەجەب ياخشىكى، سۆيگۈ ھوشسىزلىقىغا گىرىپتار بولدى.

تىلى يوشۇرۇشتا شۇ دەۋردە خوراساندىكى يېگانە ئايال بولسا كېرەك. شۇ پەيت مەلىكىنىڭ كۆزى مەمنۇن ئولتۇرغان مەۋلانا سەدرىددىنگە چۈشتى ــ دە، بۇ مۇسابىقىنىڭ ئاساسىي سەۋەبچىسى زىننەتىنسانى ئەسلىدى. نېمىشقا شۇ پەيتكىچە ئۇنى ئەسلىمىدى؟ مەلىكە ئايرىم راۋاقتا ئولتۇرغان ھىرات خانىملىرى، كېنىزەكلەر ئارىسىدىن گۈلىيۈز ئايىم ۋە زىننەتىنسانى ئىزلىدى. ئەمىر شاھىبىددىن ۋە مۇتىبەرلاسلارنىڭ ئاياللىرى راۋاقنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۆزلىرىگە يېقىن ئاياللار قورشاۋىدا مەغرۇر ئولتۇرۇشۇپتۇ. گۈلىيۈز ئايىم ۋە قىزى بۇ يەردە يوق ئىدى. مەلىكە تەئەججۇپلىنىپ، مۇلازىم ئارقىلىق مەۋلانا سەدرىددىنگە ئۇلارنى پېشىندىن كېيىن مۇسابىقىگە ئېلىپ كېلىشىنى بۇيرۇدى.

پەھلىۋان مۇھەممەد ھۇسەيىن بايقارادىن رۇخسەت ئالدى ــ دە، مۇسابىقىنىڭ پېشىن نامىزىدىن كېيىن داۋام ئېتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى، جارچى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەكرارلاپ تۇردى.

ھىرات ئەھلى ئاستا ــ ئاستا تارقىلىشقا باشلىدى. پېشىن نامىزىدىن كېيىن جامائەت يەنە شۇ جايغا توپلاندى.

× × ×

نەۋكەر مەۋلانا سەدرىددىننىڭ ھويلىسىغا يېتىپ كەلگىنىدە زىننەتىنسا مەرمەر كۆلچەكنىڭ ئالدىغا سېلىنغان قېلىن گىلەمدە ئولتۇرۇپ ئالتۇن بېلىقلارغا تىكىلگىنىچە خىيالغا چۆمگەنىدى. گۈلىيۈز ئايىم مۇلازىملارغا چاپارمەننى تائاملاندۇرۇشنى بۇيرۇپ، قىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى. چاپارمەندىن ئاڭلىغان سۆزلەرنى تېزراق قىزىغا ئېيتىشى زۆرۈر ئىدى. گۈلىيۈز ئايىم زىننەتىنسانىڭ ئالدىغا كېلىپ گىلەمگە ئولتۇردى، كېيىن ئۇنى قۇچاقلاپ:

— قىزىم، دادىڭىزدىن چاپارمەن كەپتۇ، يىگىتلەر بارچە مۇسابىقىدە تەڭ چىققان ئىمىش، — دېدى.

— مۇنداق دەڭ؟! — قىز خىجالەتتىن قىزىرىپ كەتتى. كېيىن ئۆزىنى تۇتۇپ — بەدەخشانى لەئلىلەر سىزدىمۇ؟ — دېدى.

— مەندە قىزىم، دادىڭىز ئەمىرزادە ئارسلانبېك ۋە ئەمىرزادە مۇنەۋۋەربېكلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئۇلارغا يازدۇرۇپ قويغان، يەنە بىرىگە نەقىش ئويدۇرغان. ئۇلارنى نېمە قىلىمىز؟

— مەن كىچىككىنە بىر خالتا تىكىپ قويغانىدىم، خانەمدە تۇرۇپتۇ. شۇنى سىزگە ئېلىپ بېرەي، ئۇنىڭغا لەئلىلەرنى سېلىڭ ــ دە، بوغقۇچىنى باغلاپ دادام ھەزرەتلىرىگە ئەۋەتسىڭىز. ئەگەر ئەمىرزادىلەر ھەممە مۇسابىقىدا تەڭ چىقىپ قالسا دادام بول خالتىنى ھەزرىتى ئالىيلىرى ۋە مەلىكىگە بەرسۇن، تاكى ئۆزلىرى بۇ تاشلاردىن بىرىنى ئېلىپ، تەقدىر مۇناسىپ كۆرگەن ئەمىرزادە ئىسمىنى ئېيتقانغا قەدەر.

— ۋاي بالام، ھەي! مەن شۇنچە كۈندىن بېرى قىزىم نېمە ئۈچۈن بۇ لەئلىلەرگە يىگىتلەرنىڭ ئىسىملىرىنى يازدۇرۇشنى بۇيرۇغاندۇ، دەپ ئويلاپ چۈشىنەلمىگەنىدىم، ئالدىرىماڭ، قىزىم، نەقىشلىك لەئل چىقىپ قالسىچۇ؟ ئۇنىڭدا نېمە بولىدۇ؟

— ئۇنىڭدا بۇ ئەمىرزادىلەرنىڭ ھېچبىرى بىلەن يولتۇزلىرىمىز يولتۇزلىرىمىزغا توغرا كەلمىگەن بولىدۇ، ئانىجان.

— ۋاي شورۇم، ئۇنىڭدا ئىككى دۈشمەن كۆپەيتىپ ئالدىكەن - دە، دادىڭىز.

— ئۇنداق دېمەڭ، ئانىجان، ئىلاھىم تەقدىرىمىز سائادەتمەن بولسۇن، — قىز يەنە قىزىرىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. گۈلىيۈز ئايىم قىزىنىڭ بېشىنى سىلىدى، كىلەمگە چۈشۈپ تۇرغان ئىككى ئۆرۈم چېچىنى تۈزەشتۈرگەن بولدى ۋە:

— قىزىم سىزگە چاپارمەن يەتكۈزگەن مۇھىم گەپنى ئېيتمىدىم. مەلىكە خەدىچە بېگىم بىز ئىككىمىزنىڭ باغى جەھانئاراغا بارمىغىنىمىزغا تەئەججۈپ بولۇپتۇ. سىزنىڭ ئەندىشىڭىز-نى مەلىكىمىز چۈشەنمىگەن ئوخشايدۇ. مەن چاپارمەنگە ئېيتىمەن، ئۇ خالتىنى ئېلىپ كېتىۋەرسۇن. بىز ھارۋىنى تەييارلىتىپ پېشىن نامىزىدىن كېيىن يېتىپ بارايلى. ۋاقىت زىچ، تەييارلىنىڭ قىزىم، — گۈلىيۈز ئايىم قىزىنىڭ ئۈستى - بېشىغا قارىدى - دە: — مۇشۇ لىباسىڭىز تولىمۇ يارىشىپتۇ، ئەمما ئانىھەزرەت، مەلىكە ھەمدە دۆلەت ئەركانلىرى ھوزۇرىدا ناقۇلايدۇر. مەيلى قىزىم، مەن باراي، چاپارمەن تېز بېرىپ دادىڭىزنى خاتىرجەم ئەتسۇن، — دېدى.

— مەيلى ئانىجان، مەن ھازىرلا بارۇرمەن، نەئىلاج؟ — زىننەتىنىسا مەسلىھەت سورىغاندەك بېلىقلارغا تىكىلدى. سۈزۈك سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەن ئالتۇن بېلىقلار كۆلچەكنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، گويا ئۇنىڭ ھالىنى سوراۋاتقاندەك قىز ئولتۇرغان قىرغاق بويىغا كەلدى.

× × ×

ئىككى سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى. باغى جاھانئارادا بايقىدىنمۇ ئادەم كۆپ ئىدى، ھەممە ئۆتكەن مۇسابىقىلارنى مۇھاكىمە قىلىشار ئىدى. يىگىتلەرنىڭ ھەرىكىتىدىكى ئالىيجاناب-لىق، جاسارىتىنى تەكىتلەشلەر ئۇلارغا ئالقىش بېغىشلايتتى. ئەمىرزادىلەر ئىچچام، يەڭگىل ھەربىي كىيىملەرنى كىيىشكەنىدى. قامەتلىك، ئەپچىل ۋە جەسۇر يىگىتلەر خەنجىرىنىڭ دەستىسىدىن تۇتۇپ دوستلىرىنىڭ سېپى ئىچىدە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇچقۇر ئاتلىرىنى ئوردا ئاتخانىلىرىغا باشچىلىق قىلىدىغان مەنسەپدارلار سىلاپ - سىيپاپ، بولغۇسى مۇسابىقىگە تەييارلىماقتا ئىدى.

گۈلىيۈز ئايىم ۋە زىننەتىنىسالار باغىجەھانئاراغا كېلىپ، ئاياللار ئولتۇرغان راۋاقنىڭ بىر چېتىگە جايلاشتى. مەلىكە ھوزۇرىدىن بىر مۇلازىم ئەدەپ بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ئالىي ھەزرەت ھۈسەيىن بايقارا بىلەن مەلىكىنىڭ راۋىقىغا تەكلىپ قىلدى، كېيىن زىننەتىنىسانى كىچىك قىزچاقنى يېتەكلىگەن ئانىدەك قولىدىن تۇتۇپ يول باشلىدى. راۋاقتىكى ئاياللار ھەسەت ۋە ھەۋەس بىلەن ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇردى، مەلىكە خەدىچە بېگىم گۈلىيۈز ئايىم ۋە زىننەتىنىسانى مۇلايىم كۈتۈۋېلىپ، ئۆز يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. ئۇلار تەزىم قىلىپ ئولتۇردى.

— گۈلىيۈز ئايىم، زىننەتىنىسا، سىزلەرسىز بىز ئۆزىمىزنى ناقۇلاي سەزدۇق، قىزىم بۇ مۇسابىقە سىزنىڭ شەرىپىڭىز ۋە گۈزەللىكىڭىز سەۋەبىدىن بولدى، — دېدى مەلىكە مېھرىبانلىق بىلەن ۋە «بۇ كامال تاپقان ھۆسن ئۈچۈن يىگىتلەر جان بەرسە ئەرزىيدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— قۇياش يۈزلۈك مەلىكەم، ئەندىشە بىلەن كېلەلمىگەن ئىدۇق، بىزنى ئەپۇ

قىلغايلا، — دەپ گۈلىيۈز ئايىم قىزى ئۈچۈن ئۆزرە سورىدى.

— ئەيىب بىزدە ئايىم، مۇسابىقىگە قىزىقىپ كېتىپتۇق. ئەنە يىگىتلەر دوستلىرى ئارىسىدا تۇرۇپتۇ، قانداق ھەرنا يىگىتلەر ئۇلار، قاراڭ قىزىم، — خەدىچە بېگىم مەيدانغا ئىشارەت قىلدى ۋە شۇ چاغدا ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلغان ئالىي ھەزرەتكە قارىدى.

زىننەتنىسا مەيدان تەرەپكە قاراش ئورنىغا بېشىنى تۆۋەن سالدى. گۈلىيۈز ئايىم دوستلار ئارىسىدىكى ئەمىرزادىلەرگە قاراپ ئۇلارغا دۇئا قىلدى.

پەھلىۋان مۇھەممەدنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جارچى ئوۋەتتىكى مۇسابىقە - چەۋەندازلىق ۋە كاماندىن ئوق ئېتىش شەرتلىرىنى ئېلان قىلدى. يىگىتلەر بىر فەرسەخ① يەردىن ئاتتا چېپىپ كېلىپ چىنار شېخىغا ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە ئېسىپ قويۇلغان ئىككى ئالمىنى ئوق ئېتىپ چۈشۈرۈشى كېرەك. مۇسابىقە شەرتى بويىچە ئاتتا باغ دەرۋازىسىغا بىرىنچى چەۋەنداز يېتىپ كەلگەندە دۇمباق چېلىنىپ ئالمىلار تەۋرىتىلىدۇ. ئەمىرزادىلەر باغقا كىرگەچ، راۋاق قارشىسىدا تۇغ تىكىپ بەلگىلەنگەن جايدا مايسا ئۈستىگە قويۇلغان ئوقيانى ئاتنى توختاتماي، ئېگىلىپ ئېلىشلىرى ۋە ئالما ئېسىلغان چىناردىن ئەللىك قەدەم نېرىدا نەۋكەرلەر تۇتۇپ تۇرغان تۇغدىن ئۆتمەي، ئات ئۈستىدىن تەۋرىنىپ تۇرغان نىشانغا ئوق ئاتىدۇ. ئەمىرزادىلەر ۋاقىت بويىچە چەكلەنگەن بولۇپ، ھەربىر دەقىقىدە ئۇرۇلۇۋاتقان دۇمباق يەتتىنچى قېتىم ئورۇلغىچە ئۇلار ئۇلگۈرۈشلىرى زۆرۈر. مۇسابىقە شەرتلىرى ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، سۇۋارىلىق، كاماندىن ئوق ئېتىشنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن، ھېسسىياتىنى تىزگىنلەپ ئالىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھايىتى كۈچلۈك ھېس - تۇيغۇغا ئىگە بولغان يىگىتلا بۇ مۇسابىقىدە غالىب چىقىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمىرزادىلەر ئاتلىرىنىڭ چېپىش تېزلىكىنى، ئالمىنىڭ تەۋرىنىشىنى، بەزىدە يەڭگىل چىقىپ تۇرغان شامالنى ھېسابقا ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئەڭ مۇھىمى يىگىتلەرنىڭ ئاتلىرى ھوشيار، ئاتلىقنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى توغرا چۈشىنىدىغان ۋە تەلەپنى سېزىپ تېز بېجىرىدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى. زىننەتنىسا يىگىتلەرگە مۇشكۈل بىر مەسىلىنى بەرگەنىدى. بەسلىشىش شەرتى ئېلان قىلىنغان ھامان، تەييارلىق كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئەقىلدارلار ئاتلارنىڭ ئىگەر، ئۈزەڭگىلىرىنى يەنە بىر تەكشۈرۈپ، توغرىلاپ، تاقىلىرىنى كۆرۈشتى، ھەتتا ئەمىرزادىلەرنىڭ قولاقلىرىغا شىۋىرلاپ بىر نېمىلەرنى دەپ مەسلىھەت بەردى. بىر نەچچە مۇلازىم زەرىپتىن توقۇلغان تور خالتىلارغا ئالما سېلىپ، ئالماس زەررىچىلىرى سۈرتۈلگەن يىپەك بىلەن پەھلىۋان مۇھەممەد كۆرسەتكەن چىنارلارنىڭ شاخلىرىغا يەردىن بىر نەيزە بويى ئېگىزلىكتە ئېسىشقا باشلىدى. ئالما ئېسىلغان چىنارلار مەلۇم بولغاندىن كېيىن ئەمىرزادىلەر دوستلىرىنىڭ نەسىھەتى بىلەن شامالنىڭ كۈچىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈپ كېتىۋاتقان ئوققا بولغان تەسىرىنى بىلىش نىيىتىدە كاماندىن ئوق ئېتىپ كۆردى.

تەييارلىق تۈگەپ، مۇلازىملار ۋە نەۋكەرلەرگە ئۇلار بېجىرىشلىرى زۆرۈر بولغان ۋەزىپىلەر ئېنىق تەيىن ئېتىلگەندىن كېيىن، پەھلىۋان مۇھەممەدنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مۇسابىقە باشلانغانلىقى ھەققىدە دۇمباق ئۇرۇلدى. ئەمىرزادىلەر ئاتلىرىغا ئەپچىللىك بىلەن مىنىپ، تەيىنلەنگەن نەۋكەرلەرنىڭ تۈزىتىشىدە باغى جەھانئارادىن بىر فەرسەخ يىراقلىقتىكى كوچا تەرەپكە كېتىشتى. ئارسلانبېك ئاپپاق پېشانىسى، قوڭۇرنىڭ ئۈچى ۋە ئۇزۇن پۇتلىرىنىڭ

① بىر فەرسەخ ياكى فەرسەڭ - يەتتە - سەككىز كىلومېتىرغا تەڭ كېلىدۇ.

تۇياقلىرى ئالدىدا قارا بەلگىلىرى بولغان تۇلپار مىنىۋالغان، ئەمىرزادە مۇنەۋۋەربېك پەقەت پېشانىسىدا ئاق قاشقىسى بار قىزغۇچ تورۇق ئات مىنگەنىدى. مەغرۇر يىگىتلەر ئات ئۈستىدە ئىنتايىن چىرايلىق ئولتۇرۇشتى؛ رەڭدار كىيىملەر، باشلىرىدىكى يەڭگىل دۇبۇلغىلار ئۇلار-غا يارىشىپ، ھۆسنلىرىگە ھۆسن قوشقانىدى. ھەممە ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن قارايتتى ۋە ئامەت تىلەيتتى. ئۇلار راۋاق ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ ئالىي ھەزرەت پادىشاھقا، مەلىكىگە ۋە پەھلىۋان مۇھەممەدكە تەزىم قىلدى، ئاندىن ئاتىلىرى ئەمىر شاھابىددىن ۋە ئەمىر مۇنىر بەرلاسلارنىڭ دۇئالىرىنى ئېلىپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ باغ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىشتى.

ئۇستاز سەئىدئەھمەد غېجەكتە، ئەلى كوچەك تەنبۇرى تەنبۇردا، ئۇستاز ھاجى ئابدۇللا سەدىر قالۇندا، ئۇستاز قۇل مۇھەممەد ئۇددا[①]، ئۇستاز ھەسەن نايى نەيدە «ئۇششاق» نى چالدى. چىرايلىق ئالمىلار ئېسىلغان، ئالماس رەڭلىك ئۈزۈن يىپەك يىپلار قۇياش نۇرىدا چاقنايتتى. بەلگە قىلىپ يەرگە تىكىلگەن ۋە نەۋكەرلەر تۇتۇپ تۇرغان ئۇزۇن تۇغلار شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

مۇلازىملار، سۇ توشۇغۇچىلار ئاۋام خەلق ۋە ھۆرمەتلىك مېھمانلار ئارىسىدا يۈرۈپ كوزا - قاچىلاردا سۇ، شەربەت، قىمىزلارنى، پەتنۇسلار ۋە سېۋەتلەردە تۈرلۈك مېۋىلەرنى، شىرنىلىكلەرنى ھەممەيلەنگە تەكلىپ بىلەن سۇناتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خىراجىتىنى مەۋلاغا سەدرىددىن ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ھېچكىم مۇلازىملارنىڭ ئېتىبارىدىن قالمايتتى.

يىراقتىن ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى، بىرىنچى دومباق ئۇرۇلدى. چىنار ئاستىدا سالقىندا تۇرغان نەۋكەرلەر ئالمىلارنى تەۋرەتتى. ئادەملەر بىر بىرىنى تۈرتۈپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ يىگىتلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۆرۈشكە ئالدىراشتى، شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى. ئۈچىن-چى دومباق ئۇرۇلغاندا ئالدىدا كېلىۋاتقان ئارسلانبېك ئوقيا قويۇلغان جايغا كەلگەندە ئات چۇلۋۇرىنى تارتىپ ئاستىلىدى ۋە ئاستاغىنە ئايلىنىپ ئات ئۈستىدىن ئىگىلىپ ئوقيانى ئالدى - دە، ئۆزىنى رۇسلاپ چىنار تەرەپكە ئېتىنى بۇرىدى. «بارىكاللا»، «ئاپىرىن» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. شۇ ۋاقىتتا مۇنەۋۋەربېكمۇ يېتىپ كەلدى، ئوقيا تۇرغان يەرگە ئون - ئون بەش قەدەم قالغاندا ئاتقا پەقەت ئاياقلىرى بىلەن ئېسىلىپ بېشى پەسكە، قولى بىلەن يەر سىيلاپ ئاتنى توختاتماي چېپىپ ئوقيانى ئالدى ۋە بىر ھەرىكەتتە ئۆزىنى ئوڭشىدى. يەنە ئالقىشلار ياڭرىدى. ئۈچىنچى دومباق ئۇرۇلغاندا ئارسلانبېك پەللىگە يېتىپ كېلىپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قويۇپ بەردى. ئوقيانى تەييارلاشقا باشلىغانىدى، ئات جايىدا ئايلىنىپ توختىدى، ئالتىنچى دومباق ئۇرۇلغاندا ئارسلانبېك كاماندىن ئاتقان ئوق ئالما بەرگىسىگە تېگىپ، ئالما مايسىزار ئۈستىگە چۈشتى. خالايىق چۇقان كۆتۈردى، «ئاپىرىن» دېگەن ئاۋازلار ياڭرىدى. خەدىچە بېگىم ۋە ئەمىر شاھابىددىنلەرنىڭ مەمنۇنلۇق بىلەن قاراشلىرى بىر - بىرى بىلەن دەقىقە ئۇچراشتى.

شۇ پەيتتە مۇنەۋۋەربېك بەلگە قىلىپ قويۇلغان تۇغ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ۋاقتى ئاز قالغان ئىدى. پۈتۈن باغ ئېغىر سۈكۈتكە چۈشتى. نېمە ھال يۈز بەردى؟ ئۈلگۈرەلىدىمۇ - يوق؟ ئەمىرزادە مۇنەۋۋەربېكنىڭ ئېتى توختىشى بىلەن بىر سەكرەپ ئىگەر ئۈستىدە تىك تۇردى - دە، چاقماق تېزلىكىدە ئوقيانى ھازىرلاپ، ئالمىنى چەنگە ئالدى. ئات ھەيكەلگە ئوخشاش قېتىپ تۇراتتى. قۇياش نۇرىدا يىپقا سۈرتۈلگەن ئالماس ۋە ئالما سىلىنغان زەر

① چېكىپ چېلىنىدىغان كۆپ تارلىق مۇزىكا ئەسۋابى.

تور يالتىراپ تەۋرىنەتتى. ئالتىنچى دۇمباق ئۇرۇلغاندىن كېيىن ئوق ئېتىلدى. ئالما بىر سىلكىنىپ قالدى - دە، ئەمما يەرگە چۈشمىدى. باغدا خالايىقنىڭ شاۋقۇنى ياڭرىدى. ئەمىر مۇنىر بەرلاس ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. مەلىكىنىڭ لېۋىدە ۋە كۆزلىرىدە تەبەسسۇم كۆرۈندى. ئەمىرزادە مۇنەۋۋەربېك ئات ئۈستىدە تاتىرىپ قېتىپ قالدى. ئارسلانبېكنىڭ يىگىتلىرىدىن بەزىلىرى ئۇنى تەبرىكلەشكە ئالدىراشتى، شۇ پەيتتە ئالما «توك» قىلىپ مايسىزار ئۈستىگە چۈشتى. دۇمباق يەتتىنچى قېتىم ئۇرۇلدى. ئوق ئالمىدىن يۇقىرىراق جايغا تېگىپ، ئۈزۈلمەي قالغان تالاغا ئىلىنىپ قىلىپ، تالا ئۈزۈلگەندە يەرگە چۈشكەنىدى. چوقان سادالىرىدىن دەرەخلەردىكى قۇشلار چۇچۇپ ئۇچۇپ كەتتى. سالاپەت بىلەن ئولتۇرغان ئەمىرلەر، دۆلەت ئەركانلىرى ئورۇنلىرىدىن ئىختىيارسىز تۇرۇپ كېتىشتى.

مۇنەۋۋەربېك ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى - دە، قېتىپ قالغان بىرھالەتتە مايسىلار ئۈستىگە ئولتۇردى. ئەمىرزادە ئۆزىدىن قاتتىق نارازى ئىدى.

× × ×

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا تاماشادىن، يىگىتلەر كۆرسەتكەن ماھارەتتىن شۇنداق تەسىرلەندىكى، شادلىقتىن ئەتراپىدىكى دۆلەت ئەركانلىرىغا:

— كىم مېنىڭ ئالىي ھۆرمىتىمگە سازاۋەر بولۇشنى ئىستىسە، يىگىتلەرگە ئىنئام بەرسۇن، — دەپ بۇيرۇدى.

چىنار ئاستىدا تۇرغان نەۋكەرلەر مايسا ئۈستىدىكى ئالمىلارنى ئەپكېلىپ پەھلىۋان مۇھەممەدكە بەردى. پەھلىۋان ئالمىلارنى قولىغا ئېلىپ نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا، مەلىكە:

— مەۋلانا سەدرىددىننىڭ قىزى زىننەتنىسا شۇ يەردە، ئول ئالمىلار ئۇنىڭغا بېرىلسۇن — دەپ بۇيرۇدى.

بۇ سۆزلەر پەھلىۋانغا ياقتى - دە، مۇلازىملاردىن بىرىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ئالمىلارنى بەردى. مۇلازىم ئالمىلارنى مەلىكىنىڭ كېنىزەكلىرىدىن بىرىگە بەردى. كېنىزەك زىننەتنىساغا ئېلىپ كەلدى. قىز ئاق - قىزىل ئالمىلارنى قولىغا ئېلىپ تاماشا قىلغان بولدى، كېيىن ئانىسىغا بەردى. ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە تۆتمىڭ دەرھەم يىغىلدى. پەھلىۋان ئىككى مىڭ دەرھەمدىن يىگىتلەرگە ئىنئام قىلدى.

— ئالىي ھەزرەت، — پادىشاھقا مۇراجىئەت قىلدى پەھلىۋان، — ماھارەت ۋە سەنئەتلىرى ئالىي باھاغا لايىق. بىرلا شەرت - ئالەمئارا مەلىكىنىڭ سىناقلىرى قالدى.

ھۈسەيىن بايقارا سوئال نەزىرى بىلەن مەلىكىگە تىكىلدى، خەدىچە بېگىم پەھلىۋانغا:

— مەۋلانا، مەن ئۇلارغا ۋەزىپە بەرمەيمەن، پەقەت ئۆزلىرىگە ياقىدىغان بىردىن غەزەل ئوقۇپ بەرسۇن. ئەمىرزادىلەرنىڭ ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ مەرد يىگىتلەر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. گۈلىيۈز ئايىم ھەقلىق ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئېيتىپ باقسۇن، ئۇلارچە كىم غالىب چىقتىكىن؟...

جارچى مەلىكىنىڭ سۆزلىرىنى قايتا تەكرارلىدى، ئەمىرزادىلەر مەلىكە تەرەپكە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى - دە، بىر ئېغىزدىن بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنى ئېيتتى:

— ئەمىرزادە مۇنەۋۋەربېك، — دېدى ئارسلانبېك.

— ئەمىرزادە ئارسلانبېك، — دېدى مۇنەۋۋەربېك.
بۇ ئاددىيغىنا، لېكىن ئالىيجاناپ جاۋابلار خالايىقنىڭ ھۆرمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. كۆتۈرەڭگۈ، خۇشال كەيپىيات ھەممىنىڭ كۆڭلىنى شادلاندۇرۇۋەتتى، پەھلىۋاننىڭ تەكلىپى بىلەن مۇنەۋۋەربېك بىرىنچى بولۇپ غەزەل ئوقۇدى، ئۇستاز قولمۇھەممەد غىجەكتە كۈي چېلىپ، شېئىرنىڭ روھىي تەسىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

*گۈزەل نەققاشى تەرھ ئەيلەردە گۈلبەرگى نەمۇدارىن،*
*مەگەر پەركار قىلدى بۇلبۇلى سەرگەشتى مىنقارىن.*
*قەزا مەششاتەسى پەرۋانەلەر جىسمىغا گۈلى بىرلە،*
*ھەماناكىم يارۇتدى شەمئىنىڭ مىرئاتى رۇخسارىن.*
*دېگىن، مەجنۇن قەزا جانىنىڭ گۆزگەن رىشتەسىدىندۇر،*
*كى، سۇن ئىلكى مۇتەررا قىلدى لەيلى زۇلفى زۇننارىن.*

ئەمىرزادە شۇ بېيىتنى ئوقۇغاندا تالىبلار، مۇدەرىسلەر، دانىشمەنلەر «ئاپىرىن، ئاپە-رىن ئەلىشىربېك!» دەپ نىدا قىلدى. بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئاستا تەۋرىنىپ قولاق سېلىۋاتقان دەرۋىشلەر، قەلەندەرلەر كۈچلۈكرەك تەۋرىنىپ «يا ئاللاھ! يا ئاللاھ!» دەپ ئىڭراشتى.

*مەگەر فەرھاد جانىدىن سىزىپ قانىدىن ئەتتى رەڭ،*
*قەدەر سۇرەتگەرى شىرىن لەبى لەئلى شەكەربارىن.*
*تەرازۇ بەرگى گۈل، ئىپ رىشتەيى جان، تاش لەئل ئەتتى،*
*چېكەردە خازىنى ھېكمەت لەبىڭ ياقۇتى مىقدارىن.*

خالايىق يەنە ئۆزىنى تۇتالماي لەرزىگە كەلدى. ھاياجان ئەۋجىگە چىقتى، دەرۋىش، قەلەندەرلەر ياقىلىرىنى يىرتىپ، يىغا ئارىلاش «يائاللاھ، قۇدرىتىڭدىن» دەپ نەرە تارتىشتى. ھۆسەيىن بايقارا ئەمىر نىزامۇلمۇلكىنىڭ قولىقىغا نېمىنىدۇر شىۋىرلاپ بۇيرۇدى. نىزامۇل-مۇلك باش ئاتباقارنى چاقىرىپ ئالىي ھەزرەتنىڭ خاھىشىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى، باش ئاتباقار ئالدىراپ راۋاقتىن چۈشۈپ قاياققىدۇر كەتتى. مۇنەۋۋەربېك غەزەلنىڭ داۋامىنى ئاڭلىغۇچى-لارنىڭ ھاياجىنى ۋە شېئىرىي سېھرىدىن تېخىمۇ كۈچلۈكرەك، تەسىرلىك ئوقۇدى:

*قاراغلارىم ئەمەستۇر، بەلكى تاپقاچ كۆزگە قاقمىشمەن،*
*يېتەردىن ۋەھىم ئەتىپ، رەخشىڭ ستامىن، بەلكى مىسمارىن.*
*ئاياغىڭ كىرفىكىمدىن ئاغرىغان بولسا، يارىب كۆكسۈم،*
*ئىسىق قانىمغە قويكىم ئول ھىنا - ئوق چەكسۇن ئازارىن.*
*خەرابات ئەھلى ئۆرۈ داغ دەركىم قويدۇرۇڭ، ساقى،*
*دەۋا يوق سۇرمەبان قاچماقدىن ئۆزگە شەيخ دەستارىن.*
*مەگەر بولدى قۇيۇن تۇپراق ئىلە يەل، مەي — سۇۋ بىرلە ئوت،*
*ياساردا مەستۇ سەرگەردان نەۋائى خىلقەتى زارىن.*

غەزەل ئوقۇلغاندىن كېيىن ھېسسىياتلارغا تولا ئەرك بېرىلدى. «ئاپىرىن، ئاپىرىن» ، «ئاپىرىن، مىرئەلىشىر!» ، «ئاپىرىن، ئەمىرزادە» ئاۋازلىرى ياڭرىدى.

جارچى ئېلان قىلدى:

— ئالىي ھەزرەت سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ساھىبقىران پەرمانى بىلەن نىزامىددىن مىرئەلىشىر مۇتەخەللۇسى نەۋائى جانابلىرىغا شەھەرگە يېقىن مەھەللىدىن بىر باغ ئىنئام بېرىلدى. ئەمىرزادە مۇنەۋۋەربېككە بىر نەسىللىك يۇلپار تەقدىم ئېتىلدى.

ياش نەۋكەر يىگىت چىرايلىق بېزەلگەن ئاق تۇلپارنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقان ھالدا يۈگۈرۈپ مەيدانغا كىردى ۋە چۇلۋۇرىنى ئەمىرزادە قولىغا تۇتقۇزدى. مۇنەۋۋەربېك ئالىي ھەزرەت ۋە مەلىكىگە تەزىم قىلىپ، گوياقلاپ تۇرغان گۈزەل ئاتنى يېتەكلىگەنچە توپ ئىچىدىن چىقتى. ئۇ ئوقىغان غەزەل ھەممىگە كۈچلۈك تەسىر قىلغانىدى. شېئىر ئوقۇلۇپ بولغاندا دانىشمەنلەر، دەرۋىشلەر ئېسىدە قالغان بېيىت ۋە مىسرالارنى قايتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلدى، ھېكمەت شارابىدىن مەست بولۇشتى، نۆۋەت ئەمىرزادە ئارسلانبېككە كەلدى.

× × ×

ئارسلانبېك ئالىي ھەزرەت ھۇسەيىن بايقاراغا ئېھتىرام بىلەن بىرقارىدى - دە، ئۇشبۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

*ئاتەشىن خىلئەت دېمە جىسمىمنى، گۈزەل، ئەي دىلبەرىم —*
*كىم ئېرۇر، ئىشقىڭ ئوتى بىرلە تۇتاشقاي پەيكەرىم.*
*يا ئېرۇر سىيمابى دەپ قىلمە گۇمانكىم، ئىشق ئوتى،*
*كۆرتەدى مەجرۇھ جىسمىمنى ئېرۇر خاكىستەرىم.*
*دېمە ئەخگەردەك لىباسىڭ گۈزەرە بار سىيمابى تون،*
*كۆلدۈرۈر سىمابىسىيۇ ئاتەشىندۇر ئەخگەرىم.*
*زىنەت ئۈچۈن دېمە بار جىسمىمدە گۈلنارىن لىباس،*
*ئىشق كۆرتەپ سەربەسەر قىلمىش بۇ زىبىۇ - زىۋەرىم.*
*ئۈچقاي ئەردىم ھەر زەمان ئەزبەسكى تەگمىش ناۋەكىڭ،*
*بولماسا ئەردى ئەگەر پەيكانلەرىڭدىن لەنگەرىم.*
*كويىدا ئىشتىنكى بىر كۈن قويمىشام باش ئۈستىنە،*
*ئەيلەگىنز زىنھار چۈن گۈلسەم لەھەددە بىستەرىم.*
*ئەي ھۇسەينى، بولمىشەم زۇھدى رىيايىدىن خەلاس،*
*بولغالى مۇغ كويى سارى داغى پىرى رەھبەرىم.*

ئارسلانبېك غەزەلنىڭ دەسلەپكى مىسرالىرىنى ئوقۇشى بىلەن دۆلەت ئەركانلىرى، باغدا ھازىر بولغان ئىلىم، سەنئەت ساھىبلىرى ئالىي ھەززەت سۇلتان ھۇسەيىن بايقاراغا يوشۇرۇن تىكىلدى. ئالىي ھەزرەت خۇددى شېئىردا تەسۋىرلەنگەندەك كىيىنگەنىدى.

سۇلتان ھۇسەيىن بايقارامۇ دەرھال سەگەكلىشىپ، بىرئاز ئوڭايسىزلاندى، قاشلىرى قىمىرلىدى، لېكىن شېئىر تەمكىن ئاۋازدا، ئېھتىرام بىلەن ئوقۇلغىنىدىن كۆڭلى شادلان-

دى، كۆزىدە يىگىتكە نىسبەتەن ئويغانغان مېھىر ئۇچقۇنى كۆرۈندى. «دېمە ئەخگەردەك لىباسىڭ...» دەپ باشلانغاندىن كېيىن ئوقۇلغىنىدا شائىر، ئۆلىمالار، تالىبلار توپىدىن «ئاپىرىن، ئاپىرىن» ئاۋازلىرى كەلدى. «زىننەت ئۈچۈن دېمە بار...» مىسراسى ئوقۇلۇۋاتقاندا زىننەتنىسا خۇددى بۇ سۆزلەر ئۇنىڭغا تېگىشلىكتەك قىزىرىپ كەتتى، بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەن سالدى ۋە رومالىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ، يۈزىنى ياپتى. ئارسلانبېك شارائىتنى نازۇك پەملەپ سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ بۇ شېئىرىنى تاللىغان ئىدى. تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولدى. ھۇسەيىن بايقارا پەھلىۋان مۇھەممەدنى ھوزۇرىغا چاقىردى:

— بۇ يىگىتكە گۈللۈك لىباس، سىماۋىرەڭ تون ۋە بىر تۇلپار تۆھپە ئېتىشكە بۇيرۇلدى، — دېدى.

ئالىي ھەزرەتنىڭ بۇ قارارىنى جارچى ئېلان قىلغاندىن كېيىن پەھلىۋان مۇھەممەد ئۆزىگە يارەملىشىۋاتقانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىرەر پىكىرگە كېلەلمەي تۇرغاندا ئۇلارنىڭ ئالدىغا مەۋلانا سەدرىددىن كېلىپ، پەھلىۋانغا چىرايلىق بىر خالتىنى بەردى. پەھلىۋان ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىغانىدى. مەۋلانا ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ چۈشەندۈردى. پەھلىۋان مەمنۇنلۇق بولۇپ ئىپادە بىلدۈردى، ئۇنىڭ مۇشكۈلى ئاسان بولغانىدى. مەۋلانا پەھلىۋان مۇھەممەد ھۇسەيىن بايقارا ۋە مەلىكە خەدىچە بېگىمدىن ئۆزرە سورىغاندىن كېيىن مۇراجىئەت قىلدى:

— ئالىي ھەزرەت، ئالەمئارا مەلىكەم، مەۋلانا سەدرىددىن ئۇشبۇ خالتىنى ھازىر ماڭا بەردى. مەۋلانىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنىڭدا ئۈچ دانە بەدەخشانى لەئل بار ئىكەن. ئۇلاردىن ئىككىسىگە ئەمىرزادىلەرنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان، بىرسىگە يېزىق ئورنىغا نەقىش ئويۇلغان، يىگىتلەر ھەممە مۇسابىقىدا تەڭ بولغانلىقى ئۈچۈن مەۋلانا سەدرىددىن ئالەمئارا مەلىكەدىن ئۆز قولى بىلەن شۇ تاشلاردىن بىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى يېزىقنى ئوقۇسا، دەپ ئىلتىجا قىلماقتا. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، تەقدىر بۇ مۇسابىقىگە ئاخىرقى قارارنى ئۆزى بەرسۇن. ئالەمئارا مەلىكەم قايسى ئەمىرزادىنىڭ نامى يېزىلغان لەئلنى خالتىدىن ئالسا، تەقدىرنىڭ بەختلىك قارارى شۇ ئەمىرزادىنى قىز ۋەسلىگە مۇيەسسەر ئەتسۇن. ئەگەر توساتتىن نەقىشلىك تاش چىقسا، ئۇ ھالدا ھېچقايسى ئەمىرزادىنىڭ تەقدىرى مەۋلانىنىڭ قىزىنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلانمىغان بولۇر، — دېدى.

— قىزنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن، — دېدى خەدىچە بېگىم، — ئەگەر زىننەتنىسا رازى بولمىغىنىدا، بۇ ئىش گۇناھى ئەزىم بولار ئىدى، ئۇ شۇنىڭغا رازى بولسا، مەنمۇ رازىمەن، مەۋلانا قېنى، قىزلىرىنىڭ تەقدىرى قانداق بولاركىن؟

پەھلىۋان مۇھەممەد راۋاقتا چىقىپ خالتىنى مەلىكىگە بەردى. مەلىكە نەفىس سەنئەت بىلەن ئالتۇن يىپتا تىكىلگەن خالتىدىكى كەشتىلەرنى ئاۋۋال زوقلىنىپ تاماشا قىلدى. كېيىن بېشى ئۈستىگە كۆتۈرۈپ يىغىلغانلارغا كۆرسەتتى. خالتا بوغقۇچىنى يېشىۋېتىپ مەۋلانا سەدرىددىنگە مۇراجىئەت قىلدى:

— مەۋلانا سەدرىددىن! دانا قىزىڭىزنىڭ تەلىيى ئۈستۈن بولسۇن. مەۋلانا، بۈگۈنكى مۇسابىقىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بۇ خالتىنى ماڭا سوۋغا قىلسىڭىز.

مەۋلانا سەدرىددىن مەلىكىگە چوڭقۇر تەزىم قىلدى. پۈتۈن باغ سۈكۈناتقا چۆكتى. مەلىكە ئالدىرىماي خالتا بوغقۇچىنى يەشتى. ئەمىرزادىلەر نېمە قىلىشنى بىلمەي، باشلىرىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئۆز ئاتلىرى تۇرغان يەرگە بېرىشتى. مەلىكە ئالدىرىمىدى. ئۇ خالتىنى ئېچىپ

قولىنى تىقتى ـ دە، لەئل تاشلارنى بارماقلىرى ئۇچىدا ئاختۇرۇپ، بىر بىرىدىن تۇتۇپ كۆردى: ئۇلار بىر خىلدا ئىدى. مەلىكە تاشلارنى بىرمۇ بىر سىلىدى. تاشلار مەلىكىنىڭ بارماقلىرىغا چۈشىنىپ بولماس ھۇزۇر بەردى. ھەتتا ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرى لەئلىلەردىكى يېزىقنىڭ پەرقىنى سېزەلمىدى. ئۇ كۆزلىرىنى بالىلارچە يۇمدى ـ دە، بىر لەئلىنى خالتىدىن چىقىرىپ، بېشىنىڭ ئۈستىگە كۆتۈردى. لەئلىگە قۇياشنىڭ نۇرى چۈشۈپ، ئۇنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدا چوغدەك كۆرۈندى. مەلىكە كۆزىنى ئېچىپ يېزىقنى ئوقۇدى، گۆھەردەك لېۋى غەزەپ بىلەن قىسىلىپ، سائادەتمەن ئەمىرزادىنىڭ نامىنى پىچىرلاپ ئاشكارە قىلدى:

— ئەمىرزادە مۇنەۋۋەربېك.

— ئەمىرزادە مۇنەۋۋەربېك! — تەكرارلىدى پەھلىۋان مۇھەممەد.

مۆمىن مىرزىنىڭ يىگىتلىرى قىقاس سادالىرى بىلەن ئەمىرزادە مۇنەۋۋەربېكنى قورشاپ ئېلىشتى، كۆتۈرۈپ بىر نەچچە قېتىم ئاسمانغا ئاتتى. ئەمىرزادە ئارسلانبېك ئۆكۈنچ بىلەن ئېتىنىڭ ئىگىرىگە بېشىنى قويدى. خالايىق يەنە لەززىگە كەلدى، كارناي، سۇناي، ناغرىلار چېلىندى. پەھلىۋان مۇھەممەد قولىنى كۆتۈرۈپ ئاۋامنى تىنچىتماقچى بولدى. خالايىق سەل تىنچىغاندىن كېيىن، مەۋلانا سەدرىددىنىڭ ئىلتىماسىنى ئېلان قىلدى. جارچى تەكرارلاپ تۇردى:

— ئالىي ھەزرەت، ئالەمتاب مەلىكەم! ئەھلى فازىللار، ئەھلى ھىرات! مەۋلانا سەدرىددىن ئائىلىسىنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن، ئەمىرزادە ئارسلانبېككە ئۇنىڭ نامى يېزىلغان لەئل ۋە تەختى سەفەر يېنىدىكى چاھارباغ مۇشۇ كۈنىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ۋە مىننەتدارچىلىق مىسالى سۈپىتىدە ھەدىيە قىلىنىدى. نەقىشىن لەئلى بەدەخشانى ۋە ئول غارايىب تۇتىقۇشلار ئالەمئارا مەلىكىمىزگە تۆھفە قىلىنۇر. ئەمىرزادە مۇنەۋۋەربېككە سارايپان ۋە ياسىتىلغان ئۆي ـ جاي سوۋغا بولغۇسى.

خالايىق «ئاپىرىن، ئاپىرىن» دەپ بۇ قارارنى ئالقىشلىدى.

— ئەمىرزادە مۇنەۋۋەربېك نامى يېزىلغان لەئلى بەدەخشانى ۋە ... — داۋام قىلدى پەھلىۋان، — ئالىي ھەزرەتنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن گەۋھەرلەر قادالغان بىلەيزۈك مەۋلانا سەدرىددىنىنىڭ ياشانغان دادىسىغا تەبرىك سۈپىتىدە ھەدىيە قىلىنۇر.

باغدا يەنە «ئاپىرىن، ئاپىرىن» دىگەن ئاۋاز ياڭرىدى.

خالايىق تارقىلىشقا باشلىدى. مەلىكە خەدىچە بېگىم كېنىزەكلەرنىڭ قورشاۋىدا راۋاقتىن چۈشتى، ئۇ زىننەتنىساغا كۈلۈپ باقتى ۋە ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ پېشانىسىدىن سۆيدى، ئەمىرزادە مۇنەۋۋەربېك بىلەن شاھزادە مۆمىن مىرزىغا غەزەپ چاقنىغان كۆزلىرىدە بىر نەزەر تاشلىدى ـ دە، يەنە يۈزىگە تەبەسسۇم نىقابىنى تارتتى. بۇنى پەقەت ئىككى كىشى — ھۈسەيىن بايقارا ۋە مەۋلانا سەدرىددىنلا سەزدى، خالاس. تىنچىغان باغدا بۇلبۇل ناۋاسى ياڭرىدى.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇللا مۇھەممەت

( ئابدۇللا مۇھەممەت: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن، كاندىدات تەتقىقاتچى)

# مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى پۈتمەس بۇلاق — قەدىمكى ئەسەرلىرىمىز

مۇنەۋۋەرە ھەبىبۇللاھ نۇر

قەدىمكى ئەسەرلەر دېگەندە ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز مەدەنىيەت تارىخىدا قوللانغان ھەر خىل تىل - يېزىقلاردا ئىجاد قىلىنغان يازما، باسما ھالەتتىكى يادىكارلىقلار ۋە خاتىرىگە ئېلىنغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ رەت قىلغۇسىز گۇۋاھچىسى بولغان قەدىمكى ئەسەرلىرىمىز ئۇزاق، مۇرەككەپ تارىخىي باسقۇچلاردا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئىدى. بىراق ئەقىل - پاراسەتلىك ئاتا - بوۋىلىرىمىز تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان بۇ مەدەنىي مىراسلىرىمىزنىڭ مەلۇم قىسمىنى دەۋرىمىزگىچە ئاسراپ ساقلاپ كەلگەن.

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى ئۇلارنىڭ ئۇزۇن تارىخى مۇساپىسى ۋە شانلىق مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى ئىسپاتى. ئەجدادلىرىمىز ئەسىرلەردىن بۇيان ئەۋلادمۇ ئەۋلاد جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ۋەتىنىمىزنى قۇرغان ۋە قوغدىغان. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى توپلانسا ۋە نەشر قىلىنسا، ھەر مىللەت خەلقى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە قان - تەرى سىڭگەن يادىكارلىقلارنى كۆرۈپ شەرەپ ۋە غۇرۇر ھېس قىلىدۇ. مەدەنىيەت، تارىخ تەتقىقاتى ئۈچۈن مۇھىم مەنبە سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ. ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتىكى زۆرۈر دەستۇر، دەپ ھېسابلايدۇ.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى تارىختىن بۇيان سىستېمىلىق رەتلىنىپ باقمىغان. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنىڭ خەتەرلىك سىناقلىرىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ ئەجدادلىرى قالدۇرغان مەدەنىي مىراسلارنى ئاسراپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىشى ئاسانغا توختىمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىزمەتنى ئىشلەشتە قىلچىمۇ بىخۇدلۇق قىلىشقا بولمايتتى.

مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەن يىللاردىن بۇيان مەۋجۇت ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ قەدىمكى ئەسەرلەرنى قۇتقۇزۇش مەسىلىسىگە ناھايىتى جىددىي قاراپ، بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەشكە سەپەرۋەرلىك قىلىپ، قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتىگە باشتىن - ئاياغ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. 1958 - يىلى پەن - تېخنىكا پىلان كومىتېتى تەۋەلىكىدە قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش، نەشرگە تەييارلاشنى پىلانلاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1981 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت (1981) 37 - نومۇرلۇق ھۆججەتنى چىقىرىپ «قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتى ئىنتايىن مۇھىم بولغان، كېيىنكى ئەۋلادلارغا مۇناسىۋەتلىك، ئۇزاق مۇددەت ئىشلىنىدىغان بىر تۈرلۈك زور ھەم جىددىي خىزمەت» دېگەن

يولىيورۇقلىنى بەردى. 1984 - يىلى 4 - ئايدا گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى دۆلەتلىك مىللەتلەر
ئىشلىرى كومىتېتىغا چۈشۈرگەن «ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى قۇتقۇزۇش،
رەتلەش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە» سىدە: «ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ۋەتىنى-
مىز مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بايلىقلارنىڭ بىر قىسمى، ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ۋە
رەتلەش ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت. ھەرقايسى جايلار ۋە ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار
بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە
ماددىي كۈچ بىلەن قوللىشى، مەخسۇس قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى
كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ئۇلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان خىزمەت شارائىتى
ۋە تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. 1983 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە (1983) 81 - نومۇرلۇق
ھۆججەتنى، يەنى «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش
ۋە نەشر قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى چىقاردى. يۇقىرىدىكى ھۆججەتنىڭ روھىغا
ئاساسەن ئاپتونوم رايونىمىزدا 1983 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق
ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش
رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1984 - يىلى رەھبەرلىك گۇرۇپپا رەھبەرلىكىدە،
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسى
رەسمىي قۇرۇلدى ۋە بۇ ئىشخانا رەھبەرلىكىدە 1984 - يىلدىن 1987 - يىلىغىچە بولغان
جەرياندا تۇرپان، سانجى، قۇمۇل، خوتەن، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، بايىنغولىن، قىزىلـ-
سۇ، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئىلگىرى -
كېيىن بولۇپ ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشرگە
تەييارلاشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا - ئىشخانىلىرى قۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسى قۇرۇلغاندىن
كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە رەھبەرلىك گۇرۇپپا رەھبەرلىكىدە
زور مىقداردا مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئادەم كۈچى ئۇيۇشتۇرۇپ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالىم - مۇتە-
خەسسىسلىرىنى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ۋىلايەت، ئوبلاستلاردى-
كى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىلىرىغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ
«7 -، 8 -، 9 -، 10 - بەش يىللىق پىلان» لارنى تۈزۈپ ۋە شۇ بويىچە خىزمەتلەرنى
ئورۇنلاشتۇرۇپ دەسلەپكى قەدەمدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسى-
مۇ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جايلاردىكى قەدىمكى ئەسەرلەر
ئىشخانىلىرى بىلەن ئىزچىل تۈردىكى ھەمكارلىقنى ساقلاپ قالالمىدى. نەتىجىدە بىر مەزگىل-
لىك يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن قەدىمكى ئەسەرلەرنى قۇتقۇزۇش قىزغىنلىقى بەزى ۋىلا-
يەت، ئوبلاستلاردا نىسبەتەن سۇسلىشىپ قالدى، بەزى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا بولسا قەدىمكى
ئەسەرلەرنى قۇتقۇزۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار ئۈچۈن بېرىلگەن شتاتلارغا
باشقا «مۇھىم» خىزمەتلەرنى بېجىرگۈچى خادىملار سەپلىنىپ، قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىلى-
رى ئۈزۈلۈكسىز يوقاپ كەتتى. مەسىلەن، ئەينى دەۋرلەردە ئاسىيادىكى مەدەنىيەت مەركەزلى-

رىدىن بولغان، داڭلىق مەدرىسە ۋە كۈتۈپخانىلار ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرگەن قەدىمىي شەھەر قەشقەردە 1984 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلغان قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسى 1992 - يىلى 12 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1984 - يىلى قۇرۇلغان ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسى 1996 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1984 - يىلى 3 - ئايدا قۇرۇلغان قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسى 1989 - يىلى 10 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1985 - يىلى 7 - ئايدا قۇرۇلغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسى 1991 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

مەركەز ۋە گوۋۇيۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلىرى بولغان قەدىمكى ئەسەرلىرىنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، قوللاپ ئەڭ قېيىن ۋاقىتلاردىمۇ كەسپىي خىراجەتنى ئۈزۈپ قويماي، بۇ خىزمەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشى ئىشلىنىشىگە تۈرتكە بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، يۇقىرىقىدەك ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى ھەر بىرىمىزنى بۇ توغرۇلۇق ئەستايىدىل ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئەسلىدە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرى ئورگانلار ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنىڭ ياخشى ئىشلىنىشى ئۈچۈن سىياسەت، فاڭجېنلارنى تۈزۈپ، قولايلىق چارە - تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، (يىلدىن يىلغا كېمىيىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ) كەسپىي خىراجەتنى ئۈزۈلدۈرمەي بېرىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئەتراپىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاش بۇ خىزمەتنىڭ جىددىيلىكى، تەخىرسىزلىكىنى تونۇپ يېتەلمىسەك، يۈكسەك دەرىجىدىكى مىللىي روھ ۋە مىللىي قىزغىنلىقىمىز بىلەن مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ جەۋھەرلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يولۇققان قىيىنچىلىقلارغا سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ھەل قىلىش چارە - تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز، جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئىشلىشىمىز، غورۇر ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنى ئەۋلادلىرىمىزغا تونۇتۇش، ئەجدادلىرىمىز بىلەن ئەۋلادلىرىمىز ئوتتۇرىسىنى تۇتاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك ۋەزىپىنى چەكسىز ئىپتىخارلىق ئىچىدە ئورۇنداشقا تىرىشىشىمىز كېرەك ئەمەسمىدى؟ ئەلۋەتتە، مەن نەتىجىلىرىمىزگە كۆز يۇمماقچى ئەمەسمەن، بىراق ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، مانجۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، تىل - يېزىق بويىچە تۈرگە ئايرىپ نومۇر قويۇپ ئارخىپلاشتۇرۇش، نەشرگە تەييارلاش، ئاددىي كاتالوگىنى ئىشلەش، ئومۇمىي كاتالوگىنى تۈزۈش ۋە تەتقىق قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداۋاتقان ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنىڭ تۈرلەر بويىچە ئىشلىنىش سۈرئىتى قېرىنداش مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنىڭ تۈرلەر بويىچە ئىشلىنىش سۈرئىتىگە سېلىشتۇرغاندا، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نىسبەتەن ئاستا بولدى. تۆۋەندە بىز ئۇيغۇر - ئۆزبېك

قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتى جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ۋە يەكۈنلەنگەن تەجرىبىلەر توغرۇلۇق قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، مىللەت ۋە تىل - يېزىق بويىچە تۈرگە ئايرىش، نومۇر قويۇپ ئارخىپلاشتۇرۇش ۋە ئاددىي كاتالوگىنى تۈزۈش

1984 - يىلى قۇرۇلغان ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسى 2004 - يىلىغىچە بولغان 20 يىل جەريانىدا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ قوللىشى، خەلق ئاممىسىنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى، ھەر مىللەت پېشقەدەم زىيالىيلىرىنىڭ يېتەكلىشى ۋە كەسپىي خادىملارنىڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، جاپالىق ئىشلەشى ئارقىلىق ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىشخانىمىزدىكى ھەر مىللەتتىن يېتىشىپ چىققان كەسپىي خادىملار كومىتېت ۋە ئىشخانا رەھبەرلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 56 نۆۋەت 200 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق تەشكىللىك ھالدا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شەھەر، ناھىيە، يېزا، كەنتلىرىگە بېرىپ قەدىمكى ئەسەرلەرنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى توغرۇلۇق تەشۋىقات ئېلىپ باردى ۋە قۇدۇقتىن يىڭنە ئىزدىگەندەك جاپالىق ئىزدىنىش نەتىجىسىدە، يوقۇلۇپ كېتىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەردىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، چاغاتاي تىلى، پارس تىلى، ئەرەب تىلى، يېقىنقى زامان ئۆزبېك تىلى، قازاق تىلى، قىرغىز تىلى، يېقىنقى زامان تاتار تىلى، تىبەت تىلى، موڭغۇل تىلى، مانجۇ تىلى، شىبە تىللىرىدا يېزىلغان 4454 پارچە قەدىمكى ئەسەرنى يىغىپ توپلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1181 پارچە قەدىمكى ئەسەر قازاق (292)، قىرغىز (46)، موڭغۇل (379)، تاتار (135)، شىبە ۋە مانجۇ (329) مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى، 3273 پارچىسى ئۇيغۇر - ئۆزبېك مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى دەپ بېكىتىلدى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنى يىغىپ ساقلاۋاتقان مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا 3961 پارچە قەدىمكى ئەسەر يىغىپ ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 634 پارچىسى قېرىنداش مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى، 3327 پارچىسى ئۇيغۇر - ئۆزبېك قەدىمكى ئەسەرلىرى دەپ بېكىتىلدى.

دېمەك، بىزدە ھازىر يىغىپ توپلانغان 8415 پارچە قەدىمكى ئەسەردىن 1815 پارچىسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ يازما مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ بۇ قىممەتلىك ئابىدىلىرىنى رەتلەش، نومۇر قويۇپ ئارخىپلاشتۇرۇش، ئاددىي كاتولوگىنى ئىشلەش ۋە ئومۇمىي كاتالوگىنى ئۆلچەملىك ھالدا مەملىكەتلىك سەۋىيىگە يەتكۈزۈپ تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تولۇق تاماملاپ بولدى. ئۇلار ھازىر قايتىدىن ئەل ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش (ئۇلار كۆپىنچە ھالدا قۇرۇق قول كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى ئاساسەن يىغىلىپ، ئارخىپلاشتۇرۇلۇپ بولۇنغان بولۇشى مۇمكىن)، نادىر ئەسەرلەرنى تاللاپ نەشرگە تەييارلاش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. يۇقىرىدا خۇلاسىلەنگەن 8415 پارچە قەدىمكى ئەسەردىن 6600 پارچە قەدىمكى ئەسەر ئۇيغۇر - ئۆزبېك مىللىتىنىڭ يازما ئابىدىلىرى بولۇپ، بىز بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاپتونوم

رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 3273 پارچە قەدىمكى ئەسەرنى رەتلەپ، تىل - يېزىق بويىچە تۈرگە ئايرىپ، نومۇر قويۇپ ئارخىپلاشتۇرۇش نەتىجىسىدە چاغاتاي تىلىدىكى قەدىمكى ئەسەرلىرىمىز 1897 پارچە، پارس تىلىدىكى قەدىمكى ئەسەرلىرىمىز 790 پارچە، ئەرەب تىلىدىكى قەدىمكى ئەسەرلىرىمىز 586 پارچە دەپ بېكىتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خوتەن ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىدا 425 پارچە، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىدا 334 پارچە، تۇرپان ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 156 پارچە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 34 پارچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 308 پارچە ئۇيغۇر - ئۆزبېك قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى ۋە بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ تىزىملىكىنىڭ ئىشلىنىپ بولۇنمىغانلىقى توغرۇلۇق مەلۇماتقا ئىگە بولدۇق. 2003 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قەدىمكى ئەسەرلەر ساقلىنىۋاتقان مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىدا 857 پارچە، دىن تەتقىقات ئورنىدا 377 پارچە، كۇتۇپخانىسىدا 415 پارچە (جەمئىي 1649 پارچە)، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا 415 پارچە، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئالتە پارچە ئۇيغۇر - ئۆزبېك قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق ئېنىق سانلىق مەلۇماتقا ئىگە بولدۇق. ئۇنىڭدىن سىرت نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرىمىزنىڭ رايونىمىزدىكى ئەل ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى ۋە بەزى ئەسەرلەرنى ساقلىغۇچىلارنىڭ كونكرېت ئادرېسىغا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، بېيجىڭ قەدىمكى خان ئوردىسىدا 300 پارچىدىن ئارتۇق چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلىرىمىزنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى، بېيجىڭ شەھەرلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بەزى ئالىي مەكتەپ، تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە مەسچىتلەردىمۇ ئەرەب تىلى، پارس تىلى ۋە چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسىدىمۇ زور بىر تۈركۈم ئەسەرلىرىمىزنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق، شۇنداقلا رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، ئىران، تۈركىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، شىۋىتسىيە، ياپونىيە ۋە شۇ قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت خەزىنىمىزگە مەنسۇپ بولغان مىڭلىغان قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى توغرىلىق يىپ ئۇچىغا ئىگە بولدۇق.

دېمەك، يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن بىلىش مۇمكىنكى، قېرىنداش مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنى قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا ئىشلەپ تاماملاپ، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش تۈرىگە كىرگەن بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇر - ئۆزبېك قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىدە تۇنجى باسقۇچ، يەنى يىغىش باسقۇچىمۇ تاماملانغىنى يوق. ھەتتا يىغىلغان ئەسەرلەرنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنىڭ تىل - يېزىق تۈرى ئايرىلغىنى ۋە تىزىملىكى ئىشلەنگىنى يوق. چۈنكى بىزنىڭ دۇچ كېلىۋاتقىنىمىز غايەت زور كىتاب دۆۋىسى ۋە يۇكسەك دەرىجىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق، ئەستايىدىللىق ھەمدە مول بىلىم جۇغلانمىسى تەلەپ قىلىدىغان مۇشكۇل ھەم شەرەپلىك ۋەزىپە.

## 2. قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى مەملىكەتلىك، خەلقئارالىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈپ تۈزۈش

ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ 2000 ـ يىلىغىچە بولغان جەرياندا، ئۇيغۇر ـ ئۆزبېك قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كەسپىي خادىملار قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوتقۇزۇش توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرگە يىغىلغان ئەسەرلەردىن 1500 پارچىغا نومۇر قويۇپ، 1500 پارچىدىن ئارتۇقىغا نومۇر قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ماتېرىيال بۆلۈمىگە كىرگۈزگەن، كەسپىي خادىملار ۋە ھەر ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بەزى ئەسەرلەرنىڭ قايسى مىللەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تەۋە ئىكەنلىكى توغرۇلۇق پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەسەرلىرىمىزنى «ئۇيغۇرنىڭ ياكى ئۆزبېكنىڭ» دەپ ئايرىماي، ئۇيغۇر ـ ئۆزبېك كەسپىي گۇرۇپپىسى بىرلىكتە خىزمەت پىلانى تۈزۈپ، پىلان بويىچە بىرلىكتە ئىشلەپ كەلگەن. ئەمما مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنى تۈزۈش» توغرىسىدا چۈشۈرگەن ھۆججىتىنىڭ «مىللەتلەر بويىچە، تىل ۋە يېزىق بويىچە، پەنلەر بويىچە تۈرگە ئايرىپ ئىشلەش» دېگەن كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، ئىشخانىمىزدا ئۇيغۇر ـ ئۆزبېك كەسپىي گۇرۇپپىسى يىغىپ توپلىغان 3273 پارچە قەدىمكى ئەسەرنى 2001 ـ يىلى تۇنجى قېتىم تىل ـ يېزىق بويىچە ئايرىپ، نومۇر قويۇپ ئارخىپلاشتۇردۇق ۋە مىللەتلەر بويىچىمۇ تۈرگە ئايرىدۇق. ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇر ياكى ئۆزبېك مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بەلگىلەشتە تار دائىرىدىكى مىللىي ھېسسىياتىمىزغا تايانماستىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەستايىدىل ئىشلىگەن بولساقمۇ، يەنىلا بەزى ئەسەرلەر ئۈستىدە پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمەستىن، زىددىيەتلىك ئەھۋاللارغا دۇچ كەلدۇق. مەسىلەن: «سىييار شەرىف تۈركى»، «خەمسە»، «چەھار دىۋان»، «دىۋانى نەۋائى» «شاھنامەئى تۈركى»، «دىۋانى فۇزۇلى»، «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن»، «چەھار دەرۋىش»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «سەباتىل ئاجىزىن»، «ئەجايىبۇل مەخلۇقات ۋە غەرايىبۇل مەۋجۇداد»، «رەۋزەتۇس ـ سەفا»، «تارىخىي تەبەرى»، «مەسنەۋى شەرىف»، «مەسلەكۇل مۇتتەقىن»، «ھېكمەتى شەرىف»، «دىۋانى ھافىز»، «بوستان»، «گۇلىستان»، «مىرزابىدىل»، «يۇسۇف ئەھمەد»، «يۇسۇف ـ زىلەيخا»، «زەينۇل ئەرەب»، «مىڭ بىر كېچە»، «شاھ مەشرەپ» ۋە شۇ قاتارلىق ئەسەرلەرنى مىللەتلەر بويىچە تۈرگە ئايرىش ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە «بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورىنى ئاساس قىلامدۇق، كاتىپىنى ئاساس قىلامدۇق، كۆچۈرۈلگەن ياكى بېسىلغان جۇغراپىيىلىك ئورنىنى ئاساس قىلامدۇق، ئەسەردىكى ۋەقەلىك يۈز بەرگەن ۋە تارقالغان زامان ياكى ماكانىنى ئاساس قىلامدۇق ۋە ياكى تىلى، شېۋىسىنى ئاساس قىلىپ ئايرىمدۇق» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىشىمىز قىيىنغا توختىدى. چۈنكى بىز ھەر بىر ئەسەر ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا سۇبيېكتىپ ئارزۇيىمىز بويىچە ئەمەس، بەلكى بىزگە يۇقىرىدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن پرىنسىپ، ئۆلچەم بويىچە ئىنچىكە ئىشلەشكە تىرىشتۇق. بۇمۇ كېيىنچە ھازىر ئىشلىگەن

خىزمەتلىرىمىزنى قايتا، تەكرار ئىشلەپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بىز 2004 - يىلى 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «ئۇيغۇر - ئۆزبېك قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنى تۈزۈش جەريانىدا يولۇقۇش ئېھتىمالى بولغان قىيىن مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش مۇتەخەسسىسلەر يىغىنى»نى ئاچتۇق. يىغىندا «ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرنىڭ ياكى ئۆزبېكنىڭ دەپ ئايرىشتا قايسى پرىنسىپقا تايىنىش، قايسى ئۆلچەمنى ئاساس قىلىش كېرەك؟ ئەسەرلەرنىڭ تەكرار نۇسخىلىرىنى بېكىتىشتە قايسى پرىنسىپقا ئەمەل قىلىش كېرەك؟ ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى لاياقەتلىك، ئۆلچەملىك تۈزۈش ئۈچۈن قايسى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك؟» قاتارلىق ھالقىلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەربىر مەسىلە ئۈستىدە ھەر ساھەدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشتى ۋە يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ئاساستا پىكىر ئورتاقلىقىغا ئىگە بولۇشتى.

بىز مۇتەخەسسىسلەردىن ئېرىشكەن جاۋابنى دوكلات تەرىقىسىدە مەملىكەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىغا سۇندۇق، تەشكىل ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپلىكىنى ۋە تارقاقلىقىنى، بۇ ئەسەرلەرنى مىللەتلەر بويىچە تۈرگە ئايرىشنىڭ ھەقىقەتەنمۇ قىيىنلىقىنى، بىزنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزنىڭ قېرىنداش مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىدىن پەرقلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ مۇتەخەسسىس ۋە كەسپىي خادىملىرىمىزنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ «ئۇيغۇر - ئۆزبېك قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزنى مىللەتلەر بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا ئېنىق بولغانلىرىنى مىللەتلەر تەۋەلىكى بويىچە ئايرىش، ئېنىق بولمىغان، پىكىر بىرلىكىگە كېلىش قىيىن بولغانلىرىنى ھەر ئىككى مىللەتنىڭ مىللىي مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئورتاق بايلىقى دەپ بىلىش، ئەسەرلەرنىڭ تەكرار نۇسخىلىرىنى بەلگىلەشتە ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ تولۇق، ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسىنىڭلا كاتالوگىنى تۈزۈش، ئەسەرلەرنىڭ كاتالوگىنى تۈزۈشتە يۇقىرىدىن بەلگىلەپ بەرگەن پرىنسىپ ۋە ئۆلچەملەرگە ئەمەل قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆز ئەسەرلىرىمىزنىڭ خاسلىقى ۋە ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، جانلىق ئىشلەش توغرىسىدىكى تەكلىپىمىزگە قوشۇلدى. بۇنىڭ بىلەن گۇرۇپپىمىزدىكى كەسپىي خادىملار مول زېھنىي قۇۋۋىتىمىز ۋە نۇرغۇنلىغان ۋاقتىمىزنى سەرپ قىلىۋاتقان مەسىلىلەر كومىتېت ۋە ئىشخانا رەھبەرلىرىمىزنىڭ قوللىشى، ھەر ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئاخىرى ھەل بولدى. بۇ ھال كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزنىڭ سۈرئىتى، سۈپىتى ۋە نەتىجىسىگە تۈرتكە بولغۇسى.

3. ئۇيغۇر - ئۆزبېك قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنىڭ ياخشى ئىشلىنىشى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرى ئورگانلارنىڭ قوللىشىغا تايىنىش بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز كەسپىي خادىملار ھەسسىلەپ تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز ۋە ئىشلىشىمىز، ھەر ساھە زىيالىيلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنىڭ پىلان بويىچە ئورۇندىلىشى

جەمەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكىتىمىزدىكى باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئارقىسىدا قالدى. رايونىمىز تەۋەلىكىدە بولسا ئۇيغۇر - ئۆزبېك قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنىڭ تۈرلەر بويىچە پىلانلىق ئورۇندىلىشى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئارقىسىدا قالدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىزنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزنىڭ سانىنىڭ كۆپ بولۇشى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا كەڭ تارقالغان بولۇشى، مەخسۇس كەسپلەشكەن كەسپىي خادىملىرىمىزنىڭ كەمچىل بولۇشى، مالىيە كۈچىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتالمىغانلىقىمىزدىن، شۇنداقلا قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزنىڭ قېرىنداش مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىدىن پەرقلىق ھالدا مۇرەككەپ ھالەتنى شەكىللەندۈرگەنلىكى قاتارلىق تەرەپلەردىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزنىڭ سانى كۆپ، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، بىز تا ھازىرغا قەدەر ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئەسەرلىرىمىزنى تولۇق يىغىپ بولالمىدۇق، مالىيە كۈچى ۋە ئادەم كۈچىمىز چەكلىك بولغاچقا، بىز دائىم دېگۈدەك ئەل ئارىسىنى كېزىپ يۈرەلمەيمىز. شەھەر ۋە يېزا، كەنت، مەھەللىلەرنى ئارىلاپ ئەسەر يىغىۋاتقاندا بولسا ئوخشىمىغان ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىمىز، قەدىمكى ئەسەرلەرنى ساقلىغۇچى بەزى كىشىلەر ئەسەرلىرىنى بىزگە ھەقسىز تەقدىم قىلسا، بەزىلەر باھا تالاشمايلا سېتىپ بېرىدۇ، يەنە بەزى كىشىلەر تەقدىم قىلىشقىمۇ، سېتىپ بېرىشكىمۇ قوشۇلمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان بۇ تەۋەررۈك «قۇرئان» لارنى ئۇلار قالايمىقانچىلىق يىللىرىدىمۇ جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ، قەبرىلەرگە كۆمۈپ ساقلاپ كەلگەن، ئۇلار بۇ كىتابلارنى ئوقۇيالمىسىمۇ كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ساقلىشى كېرەك، باشقىلارغا بېرىشكە بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىز ئۇلارغا قايتا - قايتا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەيمىز ۋە يىپ ئۇچىنى يوقىتىپ قويماي، ھەر يىلى تۆۋەنگە چۈشكەندە بۇ كىشىلەرنى ئىزدەپ بېرىپ قايىل قىلىشقا تىرىشىمىز. خىزمەت ئەمەلىيىتىمىزدە ئەنە شۇنداق ئەھۋاللار يۈز بەرگەن تۇرۇپ بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىزنى قوللاپ ئۆز يۇرتلىرىدىكى ئەۋزەل شارائىتلىرىدىن پايدىلىنىپ يىغىپ توپلىغان قەدىمكى ئەسەرلىرىنى تاغار - تاغارلىرى بىلەن، يۈزلەپ - مىڭلاپ بىزگە ئەكىلىپ بېرىپ، بىز قويغان باھاغا رازىمەنلىك بىلەن كۆنۈپ، قەدىمكى مەدەنىي مىراسلىرىمىزنىڭ گۆھەرلىرى بولغان قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزنى قۇتقۇزۇش، ئىشخانىمىزنىڭ مالىيە كۈچى ۋە ئادەم كۈچىنى تېجەشكە زور ھەسسىلەرنى قوشقان قەشقەردىكى قادىر بۇلاق، ئاقسۇدىكى مەرھۇم ئۆمەر ھامىدىغا ئوخشاش ئەل ئىچىدىكى خالىس كەسپداشلىرىمىز بىلەن زىچ ھەمكارلىقنى ئورنىتىشقا سەل قارىدۇق. ئۇنىڭدىن سىرت ھەر يىلى بىزگە بېرىلگەن كەسپىي خىراجەت ئوخشاش بولمىدى، بۇ ھال خىزمەتلىرىمىزنىڭ بىردە تېز، بىردە ئاستا ئىشلىنىشىگە سەۋەب بولۇپ قالدى. قەدىمكى ئەسەرلىرىمىز تىل - يېزىقنىڭ ھەر خىل ۋە مۇرەككەپ بولۇشىمۇ خىزمەت سۈرئىتىگە ۋە ئۈنۈمىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقى شانلىق تىل ۋە يېزىق مەدەنىيىتىگە ئىگە. ئىجادكارلىق روھىغا باي قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەردىندۇر. ئۇلار ئۆز مەدەنىيەت تارىخىدا كۆپ قېتىم يېزىق ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغان ۋە ھەر خىل تىل - يېزىقلاردا مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە

مەنسۇپ بولغان نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ بىزگە مىراس قالدۇرغان. بولۇپمۇ ئۇلار
ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۆزلىرى ياشىغان جايلارنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىگە
مەدرىسە، كۇتۇپخانا ۋە رەسەتخانىلارنى قۇرغان، شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا-
كى ئالىملار ۋە ئىلىم تالەپكارلىرى بۇ خىلدىكى ئىلىم مەركەزلىرىگە كېلىپ توپلىنىپ ئىجاد
قىلىش، ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولغان، نەتىجىدە ئەينى دەۋرلەردە بۇ ئىلىم
مەركەزلىرىدە يەن - مەدەنىيەت تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىش باسقۇچىنى شەكىللەندۈرگەن.
مەشھۇر ئالىم، پەيلاسوپ، ئاستىرونوم، يازغۇچى، شائىر، تېۋىپ ۋە باشقا ئۇستازلار
يېتىشىپ چىقىپ ھەر ساھەگە مەنسۇپ يېتۈك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. شېئىرىيەتنىڭ
تەرەققىياتى مەشھۇر شائىرلارنى يېتىشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرگە ئىجادكارلارنى
«ئەرەب تىلى ھەسەل تىل، پارس تىلى شېكەر تىل، تۈرك تىل ھۈنەر تىلى» دېگەن پىكىر
ئېقىمىغا باشلاپ كىرگەن، بۇنىڭ بىلەن ئىجادكارلار ئەسەرلىرىنى ئەنە شۇنداق مەدھىيىلەر
بىلەن ماختالغان ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا يازغان. تۈركىي تىلدا ئىجاد قىلغۇچىلارمۇ ئۆز
ئەسەرلىرىنىڭ تىلىنىڭ ساپلىقىغا كاپالەتلىك قىلالمىغان. بۇ دەۋرلەردە ئەسەرلەرنىڭ كۆپ
خىل تىلدا ئىجاد قىلىنىشى، شەرق ۋە غەربنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنىڭ مەدرىسە ۋە كۇتۇپخانى-
لارغا توپلىنىشى نەتىجىسىدە كۆپ تىللىق كەسىپلەشكەن تىلماچلار (تەرجىمانلار) يېتىشىپ
چىقىپ ئەرەب، پارس، ھىندى ۋە قەدىمكى يۇنانلىقلار، رىملىقلارنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىر-
نىڭ بىر قىسمىنى تۈركىي تىل (چاغاتاي تىلى) غا تەرجىمە قىلغان، بىراق ئۇلارمۇ تەرجىمە
تىلىنىڭ ساپلىقىغا كاپالەتلىك قىلالمىغان، نەتىجىدە يۇقىرى سەۋىيىدە يېزىلغان ۋە تەرجىمە
قىلىنغان بۇ بۈيۈك ئەسەرلەرنىڭ تىلى مۇرەككەپ ھالەتتىكى ئەبجەشلىكنى كەلتۈرۈپ چىقار-
غان. بۇ خىل مۇرەككەپلىك ئەينى دەۋر تالانت ئىگىلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نەزىرىگە ئېلىنغۇ-
دەك مەسىلە بولۇپ تۇيۇلمىغان، ئەينى دەۋرلەردە يەنە مەدرىسە، كۇتۇپخانا ۋە ئوردا مىرزىخانى-
لىرىدا ھەر خىل پەنلەرگە مەنسۇپ ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرنى قولدا كۆچۈرۈپ كۆپەيتى-
دىغان ماھىر خەتتاتلار ۋە تالانتلىق كاتىپلار يېتىشىپ چىققان، ئۇلارنىڭ قوليازمىلىرىنى
ئۇستىكارلار ئەپچىللىك بىلەن تۈپلەپ، رەسساملار قىستۇرما رەسىملەرنى سىزىپ ساۋاتسىز
كىشىلەرمۇ كىتابنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولالىغۇدەك دەرىجىگە يەتكۈزۈپ ئە-
سەرگە جان كىرگۈزگەن، كىتاب بەتلىرىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن، نەقىشلىك مۇقاۋا،
تېتۇل ئىشلەيدىغان نازۇك نەشرىياتچىلىق تېخنىكىسىنىڭ دۇنياۋىي سەۋىيىسىنى ياراتقانلىقى-
نى ئىسپاتلاپ تۇرىدىغان بۇ ئابىدىلەرنىڭ ئاز بىر قىسمى نەچچە ئەسىردىن كېيىنكى بۈگۈنكى
كۈندە بىزنىڭ قولىمىزدا يالتىراپ تۇرۇپتۇ.

بىز ھەر بىر پارچە ئەسەرنى ئىپتىخارلىق بىلەن قولىمىزغا ئېلىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ
يۈكسەك دەرىجىدىكى ئەقىل - پاراسىتىدىن سۆيۈنۈپ، چەكسىز دەرىجىدىكى ھەيرانلىق ئىچىدە
كىتاب بەتلىرىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، ئالدى بىلەن دۇچ كەلگىنىمىز تىل جەھەتتىكى قىيىنچى-
لىق بولدى. چۈنكى يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قېرىنداش مىللەتلەر قەدىمكى
ئەسەرلىرىنىڭ قايسى بىرى قايسى تىلدا يېزىلغان بولسا مەزكۇر ئەسەرنىڭ تىلىنىڭ ساپلىق
دەرىجىسى 95% دىن يۇقىرى بولغان. ئۇنىڭدىن سىرت ئۇلار ئارىسىدا مىللىي مەدەنىيەت

تارىخىدا بىزگە ئوخشاش كۆپ خىل تىل - يېزىقنى قوللانغانلىرى يوق دېيەرلىك. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 6600 پارچە ئۇيغۇر - ئۆزبېك قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسەن چاغاتاي تىلى، ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىدا، ھەتتا بۇ تىللار ئارىلاش ھالەتتە يېزىلغانلىقى ئەسكەرتىلگەن ئىدى. ئەمما بىز پارس تىلىدا يېزىلغان دەپ ئارخىپلاشتۇرۇلغان مەلۇم بىر پارچە كىتابنى قولىمىزغا ئېلىپ ۋاراقلىغىنىمىزدا قۇر ئارىلاپ ئەرەبچە سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز. چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان دەپ ھۆكۈم قىلىنغان كىتابنى قولىمىزغا ئالغىنىمىزدا سۆز ئارىلاپ پارسچە جۈملىلەرگە دۇچ كېلىمىز. ئەسىرىي ئەسەرلەرنىڭ تىلى نىسبەتەن چۈشىنىشلىك، شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ تىلى ۋەزىن ۋە قاپىيە ئېھتىياجىدىنمۇ ئەيتاۋۇر نىسبەتەن مۇرەككەپ. قىياسىمچە، ساپ چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان دەپ ھۆكۈم قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ تىلىنىڭ ساپلىقى 60% دىن ئاشماسلىقى مۇمكىن.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە رايونىمىزدىكى ئايرىم نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە چاغاتاي تىلى قوشۇمچە دەرسلىك سۈپىتىدە بىرەر مەۋسۇم ئۆتۈلگەندىن سىرت، ئەرەب ۋە پارس تىلى دەرسى پەقەتلا ئۆتۈلمىدى، قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى، جىددىيلىكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تونۇپ يەتكەن، ياش كەسپىي خادىملارنىڭ تىل جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى چۈشەنگەن، يەتكۈزگۈچىلەر بىلەن ۋارىسلىق قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى «ئۈزۈلۈپ قېلىش خەۋپ»ىدىن ئەنسىرىگەن پېشقەدەم زىيالىيلىرىمىز ئاندا - ساندا ئېچىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا «مەركەز ۋە گوۋۇيۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە ھەر جەھەتتىن قوللاپ بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ ساھەدە مەخسۇس كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز زۆرۈر» دەپ تەكىتلىسە، بىز ياشلار بۇ مەسىلىنى ئارزۇ، تەلەپ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويدۇق. ھەر دەرىجىلىك مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بۇ مەسىلىگە جىددىي قاراپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر - ئۆزبېك قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار ئۈچۈن مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ كەسپىي خادىملاردىن تاللاپ پارس تىلى ۋە چاغاتاي تىلى ئۆگىنىشكە ئەۋەتكەن، پەسىللىك چاغاتاي تىلى ئۆگىنىش كۇرسى ئۇيۇشتۇرغان بولسىمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدۇق. يەنى خىزمەت ئېھتىياجى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەربىيىلەنگەن كەسپىي خادىملارنىڭ بەزىلىرى باشقا ئورۇن ۋە جايلاردا ئىشلەۋاتىدۇ، بەزىلىرى پېنسىيىگە چىقىپ كەتتى. خۇددى ئاتىلىرىمىز ئېيتقاندەك، بىز ياش كەسپىي خادىملار ئەرەب تىلىدىن خەۋەردار بولماي تۇرۇپ، پارس تىلىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ نىسبەتەن «ئاسان» بىلىنىدىغان چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەرنىمۇ لاياقەتلىك ئىشلىيەلمەيدىغانلىقىمىزنى ھەر بىر پارچە كىتابنى قولىمىزغا ئالغىنىمىزدا ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، ئەرەب تىلى، پارس تىلى ۋە باشقا تىللاردا يېزىلغان قەدىمكى ئەسەرلىرىمىز توغرۇلۇق سۆز ئېچىش تېخىمۇ قىيىن، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالىي مەكتەپلەردە بىرىمىز تارىخ، بىرىمىز ئەدەبىيات، بىرىمىز خەنزۇ تىلى ئۆگەنگەن

بولۇشىمىزغا قارىماي، ئۆزلىكىمىزدىن ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىپ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ كېلىۋاتىمىز، بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا بىزنىڭ بۇ خىزمەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزنى بۇ ساھەدىكى ئېرىشىلگەن ئۇتۇق، دەپ يەكۈنلەشكە ھەقلىقمىز. چۈنكى ئەرەب، پارس تىللىرى ئاساسىغا ئىگە بولماي، چاغاتاي تىلىنى پىششىق بىلمەي تۇرۇپ، باش - ئاخىرى تولۇق بولمىغان كىتابنى بىر قانچە رەت تولۇق، تەپسىلىي ئوقۇش ۋە مەزمۇنىنى چۈشىنىش، كىتاب ئىسمى، ئاپتورى ۋە مەزكۇر كىتاب تۇغرۇلۇق توغرا ۋە تولۇق مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ۋە باشقىلارنى مەلۇماتقا ئىگە قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ھەممىمىزگە ئايان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندىمۇ بىزنىڭ بۇ ساھەدە تىل ئۆتكىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىمىز خىزمەت نەتىجىلىرىمىزدىن ئىسپاتلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن سىرت قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتى ئىلمىيلىكى ۋە تېخنىكا تەلىپى ئىنتايىن كۈچلۈك، قىيىنلىق دەرىجىسى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان خىزمەت بولۇپ، بىزدىن مول خىزمەت تەجرىبىسىگە ۋە بىلىم جۇغلانمىسىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتى ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە سەزگۈر خىزمەت بولۇش بىلەن بىرگە پەن ۋە مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ خىزمەت. بىز قولىمىزغا ئالغان كىتابلارنىڭ بەزىلىرى دىنغا، تارىخقا، پەلسەپىگە، ئېتىكىغا، بەزىلىرى تىل - يېزىق، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيىگە، بەزىلىرى دۆلەت باشقۇرۇش، قانۇن، مىمارچىلىق، گۈزەل سەنئەتكە، بەزىلىرى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق، ھەر خىل ھۈنەر - كەسپلەرگە، بەزىلىرى ماتېماتىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە ۋە ھەربىي ئىشلارغا، بەزىلىرى بىئولوگىيە، جۇغراپىيە ۋە تېبابەتچىلىككە ئائىت بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق ئىكەن، بىز قولىمىزدىكى كىتابنى «بۇ ئوقۇغان كەسپىمگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەن ئىشلەي، بۇ مۇناسىۋەتسىز ئىكەن تۇرۇپ تۇرسۇن» دېيەلمەيمىز. ھېچ بولمىغاندا بىز ھەرقايسى پەن ۋە تۈرلەرگە دائىر كەسپىي ئاتالغۇلارنى بىلىشىمىز، مەزكۇر پەن ۋە تۈرلەر توغرۇلۇق يۈزەكى بولسىمۇ چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىز لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا نەچچە يۈز بەتلىك بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەينەن ئەھۋالى ۋە تولۇق مەزمۇنىنى بىر بەتلىك كاتالوگ كارتىسىغا يىغىنچاق، ئىخچام ئەمما تولۇق چۈشۈرۈپ بېرەلمەيمىز. قىسقىسى، بىز 11 - ئەسىر بىلەن 21 - ئەسىر ئوتتۇرىسىدا قىدىرىپ، ئەجدادلىرىمىز مىراس قالدۇرغان ئەڭ ئېسىل مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ نادىر نەمۇنىلىرىنى قېزىپ چىقىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش، يەتكۈزگۈچىلىك رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن شەخسىي مەنپەئەتىمىزدىن كېچىپ ھارماي - تالماي ئۆگىنىۋاتىمىز ۋە ئىشلەۋاتىمىز، مېنىڭچە بۇ ئەرزىيدۇ.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىدىن، مۇھەررىر)



او دین ایکنچی جبل دماوند دور شهر ری نینگ شمال طرفیدا اور و ولایت بیاده دین کوریلور
انینگ او جوقلیغی که نهایت اکیز دور و بعضی حکما ایتورلار که دنیادا هیچ تاغ بو تاغدین
اکیزراک ایماس دور و مونینگ اکیزلیکی ایکی یریم فرسنگ مقداری بیله دور و هرگز
ابر بولوت انینگ دین اکیز بولماس و اول تاغ نینگ اطرافیدا تاغ
تولا بولور و انینگ توپه سی بارگاه طریقه سی بیلان دور و هیچ کیشی اول
تاغ نینگ توپه سیگا چیقماس و همیشه توتون انینگ توپه سیدا ظاهر بولور دور
و انینگ سنگری معلوم ایماس دور ... جبل طبرستان دور و اول تاغ
دریای خزرنینگ جنوب طرفیدا دور و انینگ اوزاقلیغی مشهور قدین منزل بولور
و ابتداسی تخت سلیمان علیه السلام دین دور و استرآباد طرفیگا بارتور آندین
کین مایل بولور مغرب دین شمال طرفیگا تا گیلان و شروان گنجه و شوشه نه کوچور تا
روم شهرلاریگا گنجه ... جبل قبق دور انینگ اوزونلوقی دریای خزر
ساحلی دین باب الابواب غه یقین جنوب طرفیگا کچور و اول تاغدا طایفه لار
تولا بولور هر بیری نینگ سوزی بولک و لغتی علیحده بولورلار و ایتورلار که اول
تاغدا اوچ یوز طایفه بولورلار که هر بیری سوز بولک بولورلار و بو تاغ نینگ
دریای خزرنینگ ارا سی بر فرسنگ نینگ تورت نینگ بیری دور
جبل مسون دور انینگ ابتداسی چین حدودیدین دور انینگ اوزاقلیغی
مشرق دین مغرب غه دور انه که ملاقه دین کین ایکی قسم بولور بیری شمال طرفیدا

١٢١

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر هوقۇقى تەھرىر بۆلۈمىمىزگە تەۋە. تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز كىتاب قىلىپ ئىشلەنسە، قايتا نەشر قىلىنسا قانۇنىي جاۋابكارلىقى قەتئىي سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

—— «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى




源泉 (布拉克)(维吾尔文)总96期

بۇلاق (قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي96-سان

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر )
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号: CN65-1063/I
本刊代号: 58—108 定价: 6.50元
ISSN 1005—0876/ 国外代号: Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋاكالەت نومۇرى : 108–58. باھاسى : 6.50 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى : Q1118